


XINJIANG CIVILIZATION

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

6

1996




بىز تېخى ياشاۋاتىمىز

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
45 - يىل نەشرى
1996 - يىل 6 - سان ( ئومۇمىي 223 - سان )

# بۇ سانىدا

## مەخسۇس ماقالە

سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىيەتتە ........................ مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تەڭرىنىڭ ئوغلى . . . . . . . . . (تارىخىي ھېكايە) .................. ئابدۇللا ساۋۇت 6
قۇيۇن كەسكەن يول. . . . . . . . . ( « » ) ................ ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى 17
يولنى ئىزدەنگۈچىلەر ئاچىدۇ ........................................ ئەنۋەر ئابدۇرەھىم 24
ئەدەبىياتىمىزدا مىللەت ئانالىزىنىڭ كەملىكى ............................ ئىبراھىم ئەمەت 38

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن نەمۇنە

ئۇيغۇر خەتتاتلىق تارىخىدىن سۆز ........................................ ئىمىن تۇرسۇن 39

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە ............................ مۇھەممەت ئوسمان ھاجى 46

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

قانداق قىلغاندا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ ...... ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 59

## خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى

چوپانلىقلارنىڭ ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى ........................ كېرەم نىياز 61
توپاندىن تامچە ........................................................ باتۇر روزى 62

## ئەينەك

بىزدىكى ئەبگارلىق ........................................ تەكلىماكانى 67
ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى ........................................ ئەختەم ئۆمەر 71
قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر ................ ئابدۇرۇسۇل سېيىت 77

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ........................ توپلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر 80

مۇقاۋىدا: نوزۇگۇم (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت



# سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىيەتتە

**مۇھەممەت زۇنۇن**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پروفېسسور)

سەنئەت ئىجادىيىتى. سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنى سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ھەر يىلى خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل - سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ئاساسىي مېلودىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىيلىكى كۆپ خىل، جانلىق، جۇشقۇن، پىششىق بولۇشى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى

مەخسۇس ماقالە

مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە نومۇرلار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «چەبىيات» مۇقامىنىڭ چەت ئەل سەھنىلىرىدە قالتىس ئالقىشلىنىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى، ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللانىڭ 1990 - يىلى 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «مۇزتاغدىكى ئوت» ناملىق ئۇسسۇلنى ئورۇنداپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەم ياش سېرك ماھىرى روشەنگۈل ئەبەيدۇللانىڭ 1991 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 3 - نۆۋەتلىك سېرك مۇسابىقىسىدە «قارتا ئۇچۇرۇش» نومۇرىنى ئورۇنداپ «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا (1. دەرىجىلىك مۇكاپات) ئېرىشكەنلىكى؛ 1995 - يىلى16 - مايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇكاپاتى» بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش

پائالىيىتىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى، شۇنىڭدەك شۇ يىلى 15 - سېنتەبىردىن 23 - سېنتەبىرگىچە شىنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئورۇندىغان «دارۋاز» ئويۇنى «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ھەم بۇ يىل 25 - ئىيۇل خاربىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» نىڭ يەتتە تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى سەنئەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ جانلىق ئىپادىسىدۇر.

نەتىجىلەردىن ئىپتىخارلانغىنىمىزدا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇرلار سان - سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدا.

كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، «سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك:

1. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.



پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، (بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش) فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن ئاساسىي مېلودىيىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئېنىق ئەسەرلەرگە مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە «ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش» تەلىپىنى قويدى. دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى دېگەن نېمە؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھى ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، خەلقنىڭ

بەختلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان روھ، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىغان ئىدىيە ۋە روھلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ۋە تەرەققىي قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي مېلودىيىدۇر.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ روھىغا، غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن پىلانلىشى ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى؛ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى، چوڭ - چوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجادىيەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى؛ ھەر يىلى خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىمى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىياتىر، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، ئەلنەغمە ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، كۆپ خىللاشتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىز دەۋاتقان كۆپ خىللاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەردىن تېما، شەكىل، ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، جانلىق بولۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنى تەربىيە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلىدىغان، كۆڭۈل ئېچىش ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىكى ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق - ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشايدۇ، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا، سەنئەت ھاياتىمىز نابۇت بولىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال، باش تېما، سيۇژېت، تىل، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەھرىمانە روھىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك، بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توپ يولى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى؛ قايناق تۇرمۇشقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى، دەۋر رىتىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ھەقىقىي ئىپادىلەيدىغان، ھەرمىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيە جارى قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

2. كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

جەمئىيەتتە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيگەن، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمالىدا يېڭىلىققا يۈزلىنىش، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش بولۇۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە بىر مۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، مۇھىمى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز، پۈتكۈل زېھنىي كۈچىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىدە ئۇزۇپ چىقىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان رېئال تۇرمۇشقا ھەر ۋاقىت كۆز تىكىپ، دەۋر دولقۇنىغا ئاتلىنىپ، يېڭى تېمىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ھەر مىللەت خەلقىغە ياقىدىغان، خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىن، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇرلىرىنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز، تاماشىبىنلارنى سېپىنى كېڭەيتىشىمىز، مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

3. سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتچىلەرنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى

مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار يېتىشىپ چىقتى، بۇ ئىش بىزنى ئىنتايىن خۇشال ۋە ئۈمىدۋار قىلىدۇ. لېكىن ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلارنى - مۇنەۋۋەر كىنو سىنارىيىسى ۋە سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىدە تەربىيىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا ھەر خىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا: «مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش - ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەمگەك، بۇنىڭدا مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئاسرىشىمىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ‹بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش› فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلىدى. بىز سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىمىز، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ كىنو سىنارىيىسى ۋە سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلارنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىغا ھەقىقىي ئىلھام بېرىشىمىز، ئۇلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللىشىمىز، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىشىمىز، ئونۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىناق، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ - كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەر ۋە نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، سەنئەت بېغىنى رەڭمۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزىشىمىز لازىم.

4. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىجادىيەت فوندى توپلاپ، نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش لازىم.

مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق كۆپەيتىش، ئاپتونوم رايوندا ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، جەمئىيەتتە، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، مەرىپەتپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەرگە يۈزلىنىپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاش، پىلان - مالىيە، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق سەنئەت ئىجادىيىتىگە سېلىنىدىغان زۆرۈر مەبلەغقە كاپالەتلىك قىلىش، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئېسىل، نەپىس ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە، مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي سەنئەت جەۋھەرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش ۋە مەبلەغ جەھەتتىن نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئىجادىيەتتە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر، ئەسىرى ۋە نومۇرى مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلاش لازىم. (M1)



# تەڭرىنىڭ ئوغلى

(تارىخىي ھېكايە I)

ئابدۇللا ساۋۇت

I

مىلادىدىن بۇرۇنقى 203 - يىل، كۈز.

كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدە يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، ئۇ ئەركەك بۆرە ئىدى، تۇرقى بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، بېشىنى ئۇيان - بۇيان بۇراپ ئەتراپقا ۋەھىمىلىك نەزەردە تىكىلەتتى. كۈز شامىلى تاغ باغرىدىن، توپ - توپ قوي، كالا، يىلقىلار ئوتلاۋاتقان بىپايان يايلاقلاردىن، قۇچقۇرا ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغان دەريا بويلىرىدىن نەي، تۇمرۇق ① سادالىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. بۆرە گويا نەغمە - ناۋا ساداسىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقاندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ نېمىگىدۇر ھۇرپىيەتتى، ئەتراپىدا بىرەر شەپە ئاڭلانسا شۇ ھامان ئېتىلىپ بارىدىغاندەك بىر خىل ھالەتكە كېلەتتى. گۈلخان يالقۇنلىرىدا ئۇنىڭ سىرتلىرى ② كۆكۈچ، قارامتۇل رەڭدە يالتىراپ كېتەتتى، قىپقىزىل تىلىمۇ بىر پارچە يالقۇندەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. ئېگىزدە - تاغ باغرىدىكى كەڭ - تۈز سەينادا تەڭرىقۇتقا ئاتاپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سايۋەن ياسالغانىدى. سايۋەن ئۈستىدىكى توققۇز خادىغا بۆرە بېشى، ئىككى يانغا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئىككى جەغرى ③ نىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز تۇغ ئېسىلغانىدى. سايۋەننىڭ تۆت ئەتراپىدا رەڭگارەڭ ساچۇ ④ لار تىترەپ - لەپىلدەپ تۇراتتى.

سايۋەن ئاستىدىكى يولۋاس تېرىسى قاپلانغان شاھانە كۈرسىدا باتۇر تەڭرىقۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپىتىن قىزىرىپ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بۆرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۆرە خېلى يىراقتا، پەستىكى گۈلخان يېنىدا تىلىنى ساڭگىلاتقان پېتى باتۇر تەڭرىقۇتقا قاراپ تۇراتتى. بۆرىنىڭ ئىلاھىي قىياپىتى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار، ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى، كۆپكۆك كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. بۇ نۇرلار گۈلخانلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ يالقۇنلارغا ئوخشايتتى. بۇ نۇرلار باش - ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان سانسىز گۈلخانلارغا ئاتەش يالقۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۈن پەردىسى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان خانگاي ⑤ تىزمىلىرىنى، شىمالغا قاراپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سېلىنگا ⑥ دەرياسىنىڭ كەڭ ۋادىلىرىنى قىزغۇچ شولىلارغا چۆمدۈرگەنىدى. شامال يۈزلەرنى سىلىققىنا سىيپاپ - سۆيۈپ ئۆتەتتى. گۈلخانلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىنى، نەغمە سادالىرىنى، كاۋاب، شاراب ھىدلىرىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا ھەيدەيتتى. سېلىنگا دەرياسى توختىماي شىددەت بىلەن دولقۇن كۆتۈرۈپ شارقىرايتتى، گۈركىرەيتتى. تۇمرۇق، نەي، بەرباب ساداسى تاغلاردىن، قاپتاللاردىن، چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئەكس سادا قايتۇراتتى. بايرام بەزمىسى داۋام قىلىۋاتاتتى. سايۋەن ئاستىدىكى بەزمە تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىققانىدى. بۆرە قىپقىزىل تىلىنى چىقىرىپ مىدىرلاتتى، باتۇر تەڭرىقۇت سەگەكلىشىپ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، قۇلىقىغا ئىلاھىي نىدالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

- ئوغلۇم ئوغۇز، بىلىمەن، ئەجدادلىرىڭ مۇشۇ چەكسىز گۈزەل زېمىندا چۇنۇبېي ⑦ دىن تارتىپ ئاتاڭ تۇمەن

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىغىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ياشاپ كەلدى. ئۇلار بەزىدە كۆپەيدى، بەزىدە ئازايدى، لېكىن تارقاق ھالەتتە ياشىدى. بۇرۇن نۇرغۇن تەڭرىقۇتلار دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ ھېچقايسىسى بۇ زور ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. سەن ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى قولغا ئالغىنىڭدىن كېيىن، ئۇزاق زامان بىر - بىردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ كەلگەن چېچىلاڭغۇ ھون ئەلكۈن (8) لىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپ جاھاندا ئەڭ كاتتا، بۈيۈك ھون دۆلىتىنى تىكلىدىڭ، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئېتىقادنى بىرلىككە كەلتۈردۈڭ. لەشكەر توپلاپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىلاھ قىلدىڭ. دېمەك، سەن تۈرلۈك دانا تەدبىر - چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا پارلاق يول ئاچتىڭ. تۆت گىردابى چەكسىزلىككە سوزۇلغان بۇ زېمىندا تۇلپىرىڭنىڭ تۇياقلىرى تەگمىگەن يەر قالمىدى. شۆھرەت - داڭقىڭ مەغرىبتىن مەشرىققىچە يەتتى. ئەپسۇسكى، سەن يەنىلا زېمىن توغرىسىدا باش قاتۇرىسەن، بىر زېمىن بار، ئۇنى ئېلىمىزگە ئالسام دەپ ئويلايسەن. ئەمما ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا كۈچلۈك. سەن مۇشۇنداق قانائەت لىباسىنى كىيىپ، مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ، غەپلەت تۆشۈكىدە يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، بۇ قىلمىشىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە خىلاپ. مەغرىبتىمۇ، شەرقىي شىمال تەرەپتىمۇ سەن كۆزلىگەن زېمىنلار بار. ئاۋۋال مەغرىب زېمىنلىرىغا ئات سال، ئاندىن شەرقىي شىمالدىكى زېمىنلارنى ئېلىڭگە ئال. ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى ئاۋۋال سەندىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەممە مۇمكىنچىلىكلەر ئاخىرىدا بولىدۇ. ئوغلۇم ئوغۇز، بېشىڭنى كۆتۈر، مەست - مۇستەغرەق بولۇپ غەپلەتتە چۆكمە. بۈگۈن بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنىگۇ، بەس، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئەيش - ئىشرەت قىلغىنىڭ يېتەر. قوپ، ئەسەد (9) بىلەن ئەجدىھا (10) غا تېۋىن. ئايتەڭرى يۈز ئاچقان ھامان پايتەختكە قايت. ھاكىمدارلىقنى ئادالەت بىلەن يۈرگۈز، يىراقلارغا ئات سال! . . .

باتۇر تەڭرىقۇت سەگەكلىشىپ، مەي تەسىرىدىن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈردى، سايىۋەن پەردىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۆككە قاراپ ئەسەد بىلەن ئەجدىھاغا تېۋىندى، ئاندىن ئالدىغا - سايىۋەن جايلاشقان سەينادىن خېلىلا پەستە چاراسلاپ يېنىۋاتقان گۇلخانلارغا، ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ ئېچىلغان قاتار - قاتار ئاق چېدىرلارغا تىكىلدى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدا بۆرىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھېلىقى بۆرە خېلى يىراقتا - دەريا قىرغىقىدا چوقچىيىپ تۇرغان خەرسەڭ تاش ئۈستىدە، بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارغا قارىغىنچە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۆرىنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىنمۇ بىر خىل جىددىيلىك، تاقەتسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھال باتۇر تەڭرىقۇتقىمۇ تەسىر قىلدى. چۈنكى تۇغۇلۇپلا بۆرە تېرىسىگە يۆگەلگەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ئاشۇ ھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ، گىجىمەك چاچلىرى ئاستىدىكى كەڭ، مىسرەڭ پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىرىدى، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلدى، چوڭ - چوڭ دۈگىلەك كۆزلىرىدە كۆكۈچرەڭ ئوت يېلىنجىدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ چىرايىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز ھەدەپ يەپ - ئىچىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پارلاق، كۆلكە - چاقچاق ئەۋجىگە چىققانىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنى بويىچە بۇ بايرام - بەزمىدىمۇ ئېسىل نەسەبلىك سۈلىندى (11) ئورۇقىدىن ھەمدە قويىندى (12)، سۇبېندى (13) ۋە چۇبېندى (14) ئورۇقىدىن چىققان سول قول ئۇلۇغ بىلىگەخانلار، سول قول ئۇلۇغ يابغۇلار، سول قول ئېل قوساي - قۇتىغۇلار، سانغۇن، تۇقۇقبەگلەر، تومەنبېشى، مىڭبېشىلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، يۇقىرى ئابرويلۇق، جەسۇر ئاتالغان غويان (15)، شابۇ (16)، لان (17) ئورۇقىدىن چىققان يەنە يۇقىرىقى مەرتىۋىدىكى ھاكىمىيەت ئىگىلىرى بولسا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆز مەنسەپ - مەرتىۋە، دەرىجىلىرى بويىچە تىزىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينى تەرىپىدە پايتەخت گۇادۇبوسى (18) بىلەن ئوردا گۇادۇبوسىنىڭ ئۇلۇغ قامانى، ئوردىنىڭ باقشىسى (19) ھەزرەت قانتۇرمىش ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىچىدە شىۋىرلاپ دۇئا ئوقۇغاچ بۆرە ھوشۇقلىرىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى ئالدىرىماي سېرىيتتى. چارلاشقان، شالاڭ چاچلىرى گەدىنىگىچە، ئاپئاق، قويۇق ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشكەن، نازۇك تەبىئەتلىك بۇ ئۇلۇغ قامان تەڭرىلەرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىشلىرىدا تەڭرىقۇتقا ئالدىن بېشارەت ۋە مەسلىھەت بېرەتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى ئەسكە ئالدى، لېكىن بەزمە ئەھلىنىڭ خۇشال - قىزغىن كەيپىياتىغا بەرھەم بېرىشكە كۆزى قىيماي جىمجىت ئولتۇرۇپ ئالدىغا نەزەر تاشلىدى. ئەتراپىغا رەڭگارەڭ ساچۇ تۇتۇلغان، يۇڭ، يىپەكتىن توقۇلغان كەڭ داستىخانلار قويۇ، سوغۇن (20)، ئۇلا، قىرغاۋۇل، كەپتەر، توشقان گۆشلىرى، ئوغلاق، پاخلان گۆشىدىن قىلىنغان تونۇر كاۋاپلىرى، زىخ كاۋاپ، بېلىق كاۋىپى، تۇتماچ (21)، كورشەك (22)، سىمراق (23)، بولدۇنى (24)، قېزا، كۆمەچ، توقاچ، قارانان، ئاۋزۇرنى (25)، قورت، يۇركەمەچ (26) قاتارلىق يېمەكلىكلەر ۋە ئۈزۈم، شاپتۇل، قوغۇن - تاۋۇز، بادام، ياڭاق، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئوردىنىڭ شاراب بېگى مەخسۇسلا باتۇر تەڭرىقۇتقا، ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىككى مۇلازىمى بولسا ئوردا ئەئىيانلىرى (دۆلەت ئەركانلىرى) غا شاراب تۇتماقتا ئىدى. ئاغارتقۇ (27)، سۈچىك (28)، بوزا، قىمىز تولدۇرۇلغان كۈمۈش ئاياغلار نۆۋەت بىلەن ئايلىناتتى. بەزمە ئەھلىنىڭ يۈز - بويۇن، قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلەر قان تولغاندەك كۆرۈنەتتى. گاھ ئۇسسۇلچى - رەققاسلار كېيىنەكتەك لەرزان پىرقىراپ، گاھ قىزىقچى - ھەييارلار چاقچاق، يۇمۇر - لەتىپىلەرنى ئېيتىشىپ سورۇننى قىزىتماقتا ئىدى. پەستە - شېغىل تاشلىق ساي، يايپېشىل يايلاقلاردا سانسىز گۇلخانلار ياناتتى. قامانلار (29) ياغاچ گەردىشلىك، تۈمۈر ھالقىلىق تۈمرۈكلىرىنى داراڭلىتىپ چېلىپ، گۇلخان ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلىناتتى. قاملار (30) چىرايلىق ياسانغان بولۇپ،

ئوت يورۇقىدا يىلاندەك تولغىنىپ، قويۇندەك چۆرگىلەيتتى، مۇناجات ئېيتىپ تەڭرىلەرگە مەدھىيە ياغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈۋاتقان پەرىشتىلەرگە تىمسال بولۇپ، ئاجايىپ نەپىس - چىرايلىق ئىدى. ياش لەشكەرلەر دەريا بويىدا ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەر، چىمەنلەر ئۈستىدە گاھ يۇمىلىشاتتى، گاھ بىر - بىرىلىرىنى قوغلىشاتتى، گاھ بايرام قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتى. دەريا قىرغىقىنى بويلىتىپ سانسىز چېدىرلار تىكىلگەنىدى. ھەر بىر چېدىر ئۈستىدىكى خادىغا بۆرە بېشى كەشتىلەنگەن كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك تۇغ ئېسىلغانىدى. چېدىرلاردا لەشكەرلەر بىلەن ھەر قايسى قەۋم - قەبىلىلەردىن كەلگەن ئاقساقاللار، يۇقىرىلار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ بەزمە قىلىشماقتا ئىدى. ئادەت بويىچە ئۇلارنىڭ بەزمىلىرىنى جەغرى ئۇنتۋاندىكى 400 نەپەر بەگ باشقۇرۇۋاتاتتى. دۇمباق، ناغرا، نەي، داپ، سۇناي، بەرباب سادالىرى پۈتكۈل سىبىلىنگا ۋادىسىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ھەر بىر چېدىر، ھەر بىر گۈلخان ئەتراپىدا توپ - توپ بۆرىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى.

- ئەي تەڭرىنىڭ ئوغلى، جاھاننىڭ قۇتلۇق ئەركىسى! - باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەت سوزۇق ئاھاڭدا شېئىرلاشقا باشلىدى، - ئەي، كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇت! بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى يادىڭىزدىن چىقاردىڭىزمۇ! بەزمە شارابلىرى ئەقلىڭىزنى ئالدىمۇ؟ بېشىڭىزنى كۆتۈر! ئۈستۈڭىزدە ئايتەڭرى كۆرۈندى. ئۆتكەن يىلى مول ھوسۇل بايرىمىنى تۇغلا ㉛ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان تامىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزگەنىدىڭ. بۇ يىل ئاۋۋال ئوردا خەزىنىسىنى تەرتىپلىك بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇردۇڭ، ئەل نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشتى. ئاندىن ئاتاڭ، مەرھۇم تەڭرىقۇت تۇمەنخاننىڭ روھىغا ئاتاپ توققۇز تۆگە، 90 كالا - قوتاز، 900 قوي قۇربانلىق قىلدىڭ. قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئاتاڭنىڭ مەقبەرىسىگە چاچتىڭ. ئاخىرىدا بۇ سىبىلىنگا دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدا مول ھوسۇل بايرىمىنى ئۆتكۈزدۈڭ. بايرام باشلىنىش بىلەن تەڭ ساڭا قارام يەر -جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن خوش خەۋەرلەر كەلدى. ئاشلىق - دانلار تۆكمە بوپتۇ، مال - چارۋىلىرىڭنىڭ ھېسابىغا ساناق يەتمەپتۇ، ئادەملىرىڭنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىۋېتىپتۇ. بۇ، بىر مۆجىزە، تەڭرىلەرنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان مۆجىزىسى، قۇتى. ۋەھالەنكى، سەن شۇ تاپتا مۇراد - مۇددىئالىرىمغا يەتتىم، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شۇ ئوي سېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويماقتا. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولغىنىڭكى، ناھايىتى يىراقتا، شەرقىي شىمالدا قونشى ㉜ لىرىڭ نىيىتىنى بۇزۇۋاتىدۇ، قوتراۋاتىدۇ. تەڭرىلەر بېشارەت بەردىغۇ. ئۇلار سېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى سوراپ ئەلچى ماڭدۇردى. سەن كەڭ قورساق، ئېھتىياتچان بول. تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتى ۋە ھۆكمى بويىچە ئىش قىل، تەڭرىلەر سېنىڭ زېمىن تەلىپىڭنى قاندۇرىدۇ. بىراق سەنمۇ ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن قەتئىي ۋاز كېچىشىڭ، ئېرىشىدىغان نەرسىگە بولسا جان پىدالىق بىلەن يېپىشىشىڭ كېرەك. قىسقىسى، سەن ساناقتا دۈچ كەلدىڭ، تەڭرىلەر سېنى سىناۋاتىدۇ. ھە، ئورنۇڭدىن تۇر! ئايتەڭرىگە تېۋىن! ئاندىن قايتىپ تەڭرىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئادا قىل! . . .

باتۇر تەڭرىقۇت كەيپتىن ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا يىگىتلىك كۈچ - قۇدرىتى، جۇشقۇنلۇقى غالىب كېلىپ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى: سول قولىنى كۆتۈرۈپ بايرامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىشارە قىلدى. داستىخانلار يىغىشتۇرۇلدى، داقا - دۇمباق سادالىرى توختىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ۋە بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى سايۋەن ئاستىدىن كەڭ سايناغا چىقىپ ۋاقىتلىق گۇۋادۇبۇغا كىردى ۋە قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئايتەڭرىگە تېۋىنىش مۇراسىمىنى تەنتەنە بىلەن تامام قىلدى. ئاي كۆكتە نۇر چېچىپ تۇراتتى، يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى، گۈلخانلارنىڭ ئاخىرقى چوغلىرى كۆز شامىلىدا يېلىنجايتتى. باتۇر تەڭرىقۇت پايتەختكە قاراپ راۋان بولدى. ئالچى ئايقاغان كېنىزەكلىرى بىلەن سىپاھلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر تۈركۈم چارۋىدارلار يايلاق، چۆل - دەشتىلەرگە بۆرىلەر ئۈچۈن دەپ نۇرغۇن قويلارنى تاشلاپ ماڭدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپارى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەركەك بۆرىگە ئەگىشىپ چاپماقتا ئىدى.

. .

## I

مىلادىدىن بۇرۇنقى 202 - يىل، ئەتىياز.

بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. ئەتراپ قاراڭغۇمۇ، يورۇقمۇ ئەمەس ئىدى، ھەممە نەرسە غۇۋا، خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇۋ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوقيا، ساداق ئاسقانىدى. ئۇ ئاتلىق، تەنھا ھالدا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەتتى. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەھرەم - سىپاھ، مەرگەن - پالۋانلىرىنى ئالماي يالغۇز ئوۋغا چىققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمەيتتى. تومشۇقىغا ئۇركەن ㉝ قاپچۇق كىيدۈرۈلگەن جەغرى ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئەمدىلەتىن كۆكىرىشكە باشلىغان يايلاقلار، قاقاس چۆللەر، قۇم بارخانلىرى، كۆككە بوي سوزغان تاغلار، ئېگىز - تاغلىق قىيا، چوڭقۇر جىرالاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام - تارام سۇلار، زەڭگەر ئاسمان، ئاق - بوز رەڭ، قارامتۇل بۇلۇتلار. . . ئۇنىڭ ئالدىدا گاھ نامايان بولاتتى، گاھ غايىب بولاتتى. قەيەردە ئۇۋ بار، بۆرە مېنى نەگە باشلايدىكىن، دەپ ئويلىغان باتۇر تەڭرىقۇت بۆرىگە بىر خىل ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. بۆرە كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنىتىپ، تىلىنى سوزغىنىچە ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزى خالاپ كۆك رەڭ ㉞ گە ئات سالدى، بۆرە شۇ ھامان قاتتىق ھۇۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ھەيران بولۇپ توختىدى ۋە قىزىل رەڭ ㉟ گە ئات سالدى. بۆرە يەنە تېخىمۇ قاتتىق ھۇۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەڭرىقۇت يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلاشنى بىلەلمەي خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ قارا رەڭ ㊱ تەرەپكە قاراپ ئات سېلىۋىدى، بۆرە يىلاندەك سويلاپ - ۋىشىلداپ گويا باتۇر تەڭرىقۇت ئۆزى كەشىپ قىلغان ئاۋازلىق ئوقيانىڭ ئوقىدەك قارارەڭ تەرەپكە ئېتىلدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ

تۇلپارىمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن شامالدەك تېز چاپتى. ئاز ئۆتمەي بۆرە باتۇر تەڭرىقۇتنى مەھشىلاغ (37) قا باشلاپ كەلدى. مەھشىلاغ ـ ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلىرى ئادەم بويى ئۆسىدىغان، بۇلاقلىرى كۆپ، ھاۋاسى ساپ يايلاق ئىدى. بۇ يەردە ھەر يىلى يازدىن ـ كۈزگىچە مەرھۇم تەڭرىقۇت تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ئوتلايتتى. لەشكەرلەردىن توققۇزى مەخسۇس بۈيۈك تۇلپارنى بېقىش ـ مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ھازىر بولسا بۈيۈك تۇلپار ئوردا ئاتخانىسىنىڭ خاس ئېغىلىدا تۇرۇۋاتاتتى.

بۆرە مەھشىلاغنىڭ دائىرىسىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بايىقى يېشىل نۇردىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ھەدەپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت توساتتىن بۈيۈك تۇلپارنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، چۆچۈپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. مەھشىلاغ جىمجىت ئىدى، ئەتراپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بۈيۈك تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ھاۋادا گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ جاھاننى تىترىتەتتى. بىپايان دالا كۆكۈم مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش قارىيىپ كۆرۈنەتتى، چەكسىز بوشلۇقنى قارا تۇمان قاپلىغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. بۈيۈك تۇلپار قايتا كىشنىگەندە باتۇر تەڭرىقۇت قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

ـ بۈيۈك تۇلپار! ئاتامنىڭ تۇلپىرى! . . . ـ باتۇر تەڭرىقۇت چۈش كۆرگەنىدى، ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغاندى. قۇنجۇي (38) ئايزات (39) چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ئېڭىشىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋاتاتتى.

ـ نېمە بولدۇڭ ئۇلۇغ قاغانىم؟ . . . ئەجەب قورقۇتتىڭا؟

باتۇر تەڭرىقۇت جاۋاب بەرمىدى، ئىككى يېنىغا قاراپ ھەشەمەت بىلەن بېزەلگەن، ئىپار، زەپەر، ئالچى (40) ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ھۇجرىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بۇ، ئۇنىڭ ياش، گۈزەل، سۆيۈملۈك خوتۇنى ئايزاتنىڭ قەسىرىدىكى خاس ھۇجرا ئىدى. دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرگەن تاڭ نۇرى بۇ ھۇجرىنى ئاجايىپ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ھالرەڭ يىپەك پەردىلىرىگە، نەقىشلىك تۈرۈسقا ئېسىلغان ئالتۇن قەندىلىلەرگە، تەكچىدىكى تەڭرى تەقلىدى ـ ئالتۇن بۇتقا تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق كەيپىيات تۈگىدى، بىراق ئۇ بۈيۈك تۇلپار توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. تەڭرىلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلى گۇمان، شۈبھە بىلەن تولدى. «ئەڭ قىممەتلىك نەرسە. . .» ئايزات بېرىپ تاشئەينەك ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇنلا تۇرۇپ كەتكەنىدى، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ چىرايلىق ياسانغانىدى، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىنى بېشى ئۈستىگە ئىككى قات تۈرمەكلىگەن، بويۇن، قول، بارماقلىرىغا ئالتۇن بېزەكلىرىنى تاقىغان. . . ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ قۇلاقلىرىغا ئالتۇن تولغاغ (41) لىرىنى سېلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنىڭ شام يورۇقىدا، تاڭ نۇرىنىڭ شولىسىدا ۋاللىداپ پارقىرىغان بېزەكلىرىگە، خاتىرجەم چىرايىغا بىر خىل ھېرىسمەنلىك، سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئايزاتنىڭ تىپىك شەرق گۈزەللىرىگە خاس زىلۋا بوي ـ قامىتىدىن، كۆزلىرىدىكى تەڭداشسىز سېھرىي قۇدرەتتىن ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىك، چېۋەر ئىكەنلىكىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولۇپ، بەزىدە بۇ ئىناقسىزلىق ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالارغا، ھەتتا پات ـ پات قانلىق قىرغىنچىلىقلارغىچە يېتىپ باراتتى. تۈمەن تەڭرىقۇت دەۋرىدىمۇ بۇ خىل ئىناقسىزلىق، جېدەل ـ توقۇنۇش توختىمىدى. ئوغۇزخان باتۇر تەختكە چىقىپ تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم ھەربىي توقۇنۇش، قانلىق جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. ئاخىر ئىككى تەرەپ ئۇزۇن قېتىملىق سۆھبەت، سۈلھى قىلىشلار ئارقىلىق يېقىن قوشنىدارچىلىق، ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزۈشتى. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن گاۋزۇ ـ ليۇباڭ قىزى ماۋچۇننى مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن بىللە ھون قاغانى باتۇر تەڭرىقۇتقا ھەدىيە قىلدى، ئىككى تەرەپ قۇدىلاشتى. باتۇر تەڭرىقۇتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پادىشاھ خەن گاۋزۇغا 10 مىڭ توپ يىپەك رەخت، 20 مىڭ دانە بۆكەن ـ بۇغا مۈڭگۈزى، 100 دانە يولۋاس، قاپلان تېرىسى، 100 دانە كىيىك ئىپارى، 200 نەپەر قول ـ چۆرە ۋە زىرائەت، كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى ھەدىيە قىلدى. قېيىن ئاتا بىلەن كۈيئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇقلاشتى، ئۆزئارا ھەمكارلىق، ياردەم، سودا ـ تىجارەت ۋە تۈرلۈك ئالاقىلار كۈچەيدى. تويدىن كېيىن خەن مەلىكىسى ماۋچۇن ھونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئايزات دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى ھەمدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بىرىنچى خانىشى، قاراقاتىن كۈنلىگ (42) تىن قالسىلا ئوردىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايالغا ئايلاندى.

مەھرەملەر كىرىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى، شاھلىق تاجىنى تاقىدى. باتۇر تەڭرىقۇت قۇنجۇي ئايزاتنىڭ گۈزەل شاھانە قەسىرىدىن چىقتى. ئايزات قەسىر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى:

ـ ئەي ئۇلۇغ قاغانىم، تەڭرىنىڭ ئوغلى، ـ دېدى ئايزات نازلىق كۈلكىسى بىلەن تىكىلىپ، ـ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن نەۋرۇز، مەن بۇ بايرامنى مەھشىلاغدا ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالدىم.

ـ خالىغىنىڭچە بولسۇن، قۇنجۇيۇم، ـ دېدى باتۇر تەڭرىقۇت توختاپ كەينىگە بۇرۇلغاندىن كېيىن جىددىي ئاھاڭدا، ـ ھەرەمدىكى كۈمۈشتېكىن، كېنىزەكلەر، گۋادۇبۇدىكى گۈزەل قاملار ساڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ يەردە زېرىكىش بولمايدۇ.

ـ دېگىنىڭ راست، يەنە بىزنى تېخى سىپاھلىرىڭ مۇھاپىزەت قىلىپ بارىدۇ. مەن، دەيمەن، ئۇلۇغ قاغانىم، مەھشىلاغقا بۈيۈك تۇلپارنى مىنىپ بېرىشقا ئىجازەت بەرسەڭ.

ـ ھىم! . . . مەن. . . تەڭرىلەر بىر نېمە دېسۇن!

ئايزات مەيۈسانە قاراپ قالدى. ئۇ، ھون ئوردىسىغا كەلگەندىن بۇيان بىر قانچە قېتىم بۈيۈك تۇلپارنى مىنىپ سەيلە قىلغانىدى. بۇنداق شەرەپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى

ئالچى ئايقاغاندىن باشقا ئوردىدىكى ھەممە خانىش، قونجۇي، كومۇشتېكىنلەرگە كەمدىنكەم نېسىپ بولاتتى.

قاڭقىل (43) ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان، ئۈچ ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا باتۇر تەڭرىقۇتنى مەخپىي يوللار بىلەن ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى. نەيزە، قىلىچ، قالقان بىلەن قوراللانغان جەسۇر سىپاھلار ئۇنى ئىنتايىن ھوشيارلىق ۋە ساداقەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ كېلەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالتۇن تەختتە قارار تاپقان ھامان ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان سول قول، ئوڭ قول دۆلەت ئەركانلىرى بىردەك ئورنىدىن تۇردى:

— ياشىسۇن تەڭرىنىڭ ئوغلى! تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!!!

بۇ ئاۋاز گويا ئېشەك تېرىسىدە كېرىلگەن سانسىز دومباقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ساداسىغا ئوخشاش چىقتى. ئاندىن ھەممەيلەن يەنە باشلىرىنى ئېگىپ، قەددىنى پۈكۈپ تازىم قىلدى:

— كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى ھايات بەرگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىمىزغا سالام!

باتۇر تەڭرىقۇت جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قول ئىشارىسى قىلدى، ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. كەينىدە ئۆرە تۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ ۋەھىملىك شىۋىرلاشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئوردا ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىدىن كېيىن قەددىنى سەل رۇسلاپ تۆۋەندىكىلەرگە بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئاندىن:

— ئاتام، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپارنى قاراتوينىغا بېرىمىزمۇ؟ — دېدى.

ئاشۇ سوئال بىلەن تەڭ دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش كۈچىيىپ، چىرايلىرى جىددىي تۈس ئالدى. ئېگىز، كەڭ دېرىزىلەردىن كىرگەن ئارامبەخش باھار ھاۋاسى ئوردا ئىچىگە بىر خىل سالقىنلىق بەخش ئەتكەنىدى. ئەمما دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ چىرايلىرىدا تومۇز ئىسسىقىغا ياكى بولمىسا زىمىستان سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك بىر تەرىزدىكى ئارامسىزلىق ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى.

بۈگۈندىن 10 كۈن ئىلگىرى شەرقىي شىمالدا، لياۋخې (44) دەرياسىنىڭ باش تارمىقى بولغان شىرامۇرۇن (45) دەرياسىنىڭ بىپايان ۋادىلىرىدا ياشايدىغان قۇدرەتلىك تۇڭگۇسلارنىڭ ياش پادىشاھى قاراتوين بىر يابغۇ (46) سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 15 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى 40 تۈگىلىك قىممەت باھا ئارمىغان (47) بىلەن ھون پايتەختى تەڭرىبالىققا ئەۋەتكەنىدى. ئەلچىلەر تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن تاكى سۇبىران (48) دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە ئىككى رەت تىزىلغان لەشكەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى، نەغمە - ناۋا ئىچىدە قارشى ئېلىندى ھەمدە مەخسۇس ئالىي قەسىرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كاتتا زىياپەتلەر بېرىلدى. تەڭرىبالىق شەھىرىنىڭ ئوردا - قەسىرلىرى، سودا بىنالىرى، چوڭ - كىچىك كوچىلىرى، بازارلىرى، باغچىلىرى... ئېكسكورسىيە قىلدۇرۇلدى. قوبۇل مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئەلچىلەر 40 تۈگىلىك ئارمىغاننى باتۇر تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلدى. ئاندىن ئەلچىلىك مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ: «پادىشاھىمىز قاراتوين بۈيۈك تۇلپارنى سەندىن سوۋغا سۈپىتىدە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېدى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆزلىرى تەئەججۈپ ئىلكىدە چەكچەيدى، كۆڭۈللىرىدىن بىر ئاچچىق سىزىم كېچىپ ئۆتتى. ئەمما باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ساز ئىدى. ئۇ: «تەڭرىلەر بۇ توغرىلىق ئاللىقاچان بېشارەت بەرگەن، ئەمما مەندىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ بۈيۈك تۇلپار ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغان. شۇڭا، بىز بۇ تەلەپنى ئوردا كېڭىشىدە قارار قىلىمىز» دەپ مۇراسىمنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلىك بۈگۈن ئوردا كېڭىشى چاقىرىلغانىدى.

— ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇتلۇق ئوغلى! — دېدى سول قول ئۇلۇغ بىلگەخان بىر ھازادىن كېيىن تۇنجى رەت ئېغىز ئېچىپ، — مەرھۇم تەڭرىقۇتىمىز تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ساڭا ھەم بىزگە قىممەتلىك مىراس، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئىپتىخارىمىز. ئۇنى ياتلارغا ھەرگىز بەرمەيمىز!

ئوڭ قول ئۇلۇغ بىلگەخان ئورنىدىن تۇردى:

— بۈيۈك تۇلپار بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز، شان - شەرىپىمىز، ئۇنى ياتلارغا بېرىش - قورقۇنچاقلىقتىن، خوشامەتتىن نىشاندۇر!

سول قول ئۇلۇغ يابغۇ قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— بۈيۈك تۇلپار جەڭ ئاتلىرىمىزنىڭ سىمۋولى، پۈتكۈل جاھاندا يۈگرۈكلۈكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تۇلپار يوق، ئۇنى بىز ھونلارغا تەڭرىلەر ئىنئام قىلغان. شۇڭا ئۇنى ياتلارغا بېرىش - ئۆزىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ئۆزىمىز يەرگە ئۇرغان بىلەن تەڭ! — دېدى.

ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن (49) دۇبۇلغىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— تەڭرى قۇت بەرگەن ئۇلۇغ قاغان! تەڭرىبالىقتىن چىقىپ ئالدىمىزدا ماڭدىڭ، بىز ساڭا ئەگىشىپ تەڭرىقۇملۇقى (50) نى، بادائىن جاران قۇملۇقى (51) نى، ئوردۇس (52)، سەيخەنتال (53) قۇملۇقلىرىنى كېزىپ چىقتۇق. ساندىبىل (54)، قاشتېشى قوۋۇقى (55)، قوش (56)، لولان (57)، كېنگىت (58)، كىرورەن (59)، كۈسەن (60)، سۇلى (61) قاتارلىق شەھەرلەردە توققۇز تۇغلىرىمىز جەۋلان قىلدى. جەڭ ئاتلىرىمىز تەڭرىتاغلىرىدىن، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن، ئالتاي، سايان (62) تاغلىرىدىن ئۆتتى. بايقال (63) قىرغاقلىرىدا توختاپ غەلىبىلىرىمىزنى تەبرىكلىدۇق. سەن ھامان ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭاتتىڭ. يېنسەي (64)، ئورخۇن (65)، قورۇلۇن (66) دەريالىرىنىڭ گۈزەل - چەكسىز ۋادىلىرى، مۇنبەت يايلاقلار بىزگە قارام بولدى. ھازىر بىز تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەڭرىقۇتلۇق دۆلەت بولۇپ قالدۇق. شۇڭا، نېمىدىن قورقىمىز؟ ئاشۇ تۇڭگۇسلارغا بۈيۈك تۇلپارنى بېرىمىزمۇ؟ ياق، بەرمەيمىز؟!

باشقىلارمۇ نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسىتىپ يۇقىرىقى پىكىرلەرنى قوللاپ چىقتى، باتۇر تەڭرىقۇت مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ ھەممە گەپكە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ شىۋىرلاپ ئوقۇۋاتقان

دۆئالىرى ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتاتتى. دۆلەت ئەركانلىرى گويا ئالدىن باش قوشۇپ ۋەدىلىشىۋالغاندەك ھەممىسى بۈيۈك تۇلپارنى تۇڭگۇسلارغا بەرمەسلىكتە چىڭ تۇردى.

— بىر ئاتنى دەپ قوشنا ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەك بولماس! — دېدى باتۇر تەڭرىقۇت ئاخىرىدا، — ئەلچىلەر كىرسۇن! بۈيۈك تۇلپار ئالدىمدا ھازىر قىلىنسۇن!

زىلزىلە باشلاندى، كۆزلەردە نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، كۆڭۈللەرنى تەشۋىش، گۇمان ئىگىلىدى، تەنلەر شۈركەندى، جىمجىتلىق، بۇرۇختۇملۇق ھۆكۈم سۈردى. باتۇر تەڭرىقۇت بەخىرامان – خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايزاتنىڭ ئەتىگەنكى مەيۈسانە قىياپىتى، ئىلتىجالىق قاراشلىرى لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەلچىلەر كىردى، ئارقىدىن تۆت سىپاھ ئىگەر – يۈگەن، قوشقۇن – بەلباغلىرى ئالتۇن، گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بۈيۈك تۇلپارنى ئەكىردى.

— دوستىمىز قاراتويىنغا بۈيۈك تۇلپارنى ھەدىيە قىلدىم!

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، يۈرەكلىرى ئېچىشتى. بىراق تەڭرىقۇتنىڭ قارارىغا ھېچكىم مۇخالىپ كېلەلمەيتتى.

II

مىلادىدىن بۇرۇنقى 201 - يىل، ياز.

بۇرۇننىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. كۈن غەربىي ئۇپۇققا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئالتۇنرەڭدە تاۋلىنىپ يانغان شەپەق نۇرىدا بۇرۇننىڭ قارا كۆككە مايىل سىرتلىرى يېڭى توقۇلۇپ پاتلانغان يىپەكتەك پارقىرايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بۇرىگە ئەگىشىپ شامالدەك تېز چاپاتتى. ھاۋا تىنجىق – ئىسسىق ئىدى. يايلاقلار يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. يىراق – يىراقلارغا سوزۇلغان قويۇ، كاللا پادىلىرىنىڭ توپى خۇددى كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار توپىنى ئەسلىتەتتى. يىلقىلار، تۆگىلەر تاغ يامزاللىرىدا ئوتلايتتى، تېخىمۇ يىراقلاردا – ئاقىرىپ كۆرۈنگەن قۇملۇقلاردا گىرىمسەن كىيىك پادىلىرىدەك لۆمشۈپ يۈرگىلايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدىن 10 نەپەر سانغۇن ۋە خاس مەھرەم – سىپاھلار، داڭلىق مەرگەن، ئوۋچى – پالۋانلار ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاتلارغا غانجۇغىلىغان خىزمەتكار – مالايلار ئەگىشىپ كېلەتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ياز مەۋسۇمى كىرگەندىن بۇيان غايەت زور ھەربىي يۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىش توغرىسىدا تۇغراق
⑥⑦ چۈشۈرگەنىدى. ھونلار ۋە ھون ئىتتىپاقىدىكى بارلىق قەۋم – قەبىلىلەر ئەزەلدىن «يايلاق مىللەتلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى كىچىكىدىن تارتىپ مال بېقىش، تېرىقچىلىق قىلىشنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە ئادەت بويىچە چەۋەندازلىق، قىلىچ چېپىش، نەيزە سانجىش، ئوقيا ئېتىش، قالقان تۇتۇپ رەقىبلىرىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش قاتارلىق ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇلار چەۋەندازلىقتا ئات ئۈستىدە، ئاتنىڭ بېلىدە، ئاتنىڭ قورسىقىدا مەھكەم تۇرۇۋېلىپ قىلىچ چاپالىغان، نەيزە ئۇرالىغان، يەرگە قادالغان مەلۇم نەرسىنى قولى بىلەن

ئەمەس، بەلكى چىشلەپ ئالالىغان ھەمدە شۇ پېتى مەنزىلگە يېتەلىگەنلەرنى، قىلىچ ياكى نەيزىنى ئالدىغا قانداق شىلتىسا، ئىككى يېنىغىمۇ، كەينىگىمۇ شۇنداق تېزلىك بىلەن شىلتىيالىغانلارنى ھەقىقىي يىگىت – ئەر دەپ ھېسابلايتتى. ئەنە شۇنداق ماھارەتلەرنى تولۇق ئىگىلەپ سىناقتىن ئۆتكەنلەر ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ ئۆزلۈكىدىن لەشكەرلەر سېپىگە كېلىپ قوشۇلاتتى. لەشكەر بولالمىغانلارنىڭ، جەڭگە قاتناشمىغانلارنىڭ ئۆز قەۋم – قەبىلىسى، ئۆز جەمەتى ئىچىدە ئەسلا يۈز – ئابرۇيى بولمايتتى. شۇ تۈپەيلى ھون دىيارىدىكى بارلىق يىگىتلەر ھەربىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشنى ھايات يولى، جەڭگە قاتنىشىشنى ئالىي مەقسەت دەپ قارايتتى ۋە ئۆزلىرى سايلاشقان يۈز بېشى، ئونبېشىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا توپ – توپ بولۇپ لەشكەرلەر سېپىنى ھاسىل قىلاتتى. جەڭ پەيتلىرىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ شەرەپ قازىنىشقا، تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپات – ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولۇشقا تىرىشاتتى. جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈلەتتى، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلارغا يەر – سۇ، چارۋا – يايلاق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى.

بۇ قېتىممۇ باتۇر تەڭرىقۇت چۈشۈرگەن تۇغراق يېتىپ بارغانلىكى جايدىن ئات ۋە قورال – ياراغلار بىلەن تولۇق قوراللانغان سان – ساناقسىز چەۋەنداز يىگىتلەر تەڭرىقۇت ئۇچۇن تىكىلگەن بارگاھلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ ئەسلىدىكى لەشكەرلەر توپلىرىغا يەنە لەشكەرلەر قوشۇلۇپ، لەشكەرلەرنىڭ سانى ھەددى – ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتتى. ئاتلار تېپچەكلەيتتى، كىشنەيتتى، چاپچىيتتى. قىلىچ – نەيزىلەر پارقىرايتتى، تۇغلار لەپىلدەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت بىر بارگاھتىن يەنە بىر بارگاھقا يېتىپ بارغان ھامان كەڭ دالالاردا تىزىلغان لەشكەرلەر سېپى نۆۋەت بويىچە ھەربىي مەشقنى باشلايتتى. قىلىچلار جاراڭلايتتى، نەيزىلەر ۋىشىلدايتتى، ياننىڭ كىرىچلىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوقلار گۇر – گۇر ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچاتتى. ئاتلار قارا تەرگە چۈمۈلەتتى، ئوت – چۆپلەر چەيلىنەتتى، توپا – توزانلار شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇتلارغا قوشۇلاتتى. ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆزدە كۆچۈرۈش بىلەن ئۈچ ھەپتىنى ھەربىي بارگاھلاردا، چەكسىز دالا – قىرلاردا ئۆتكۈزگەن باتۇر تەڭرىقۇت خاتىرجەم بولۇپ، ئۇلارغا دەم ئېلىش ئىجازىتى بەرگەندىن كېيىن ھاردۇق چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە كاتتا شىكارنى باشلىغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق شىكار غەنىيمەتلىرى بىلەن ئايدالادا بەزمە ئۆتكۈزدى. بۈگۈن بولسا ئىككىنچى قېتىملىق شىكارنى تۈگىتىپ، پايتەختكە قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

دىمىق تىنجىق يېنىپ ھاۋا سالقىنلىشىۋاتاتتى. كۈن ئاداققى نۇرلىرىنى سېپىۋاتقاندا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قۇلىقىغا:

— ئوغلۇم ئوغۇز، كېچىلىك ئىبادەت ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئۇلۇغ ھەزرىتىڭ – ئۇلۇغ قامانىڭ سېنى كۈتمەكتە. يەنە، يەنە بىر مۇشكۇل ئىشمۇ سېنى كۈتمەكتە. بىز سېنى سىنايمىز. بىلىمەن، سەن بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە ئىش قىلىسەن، ماڭا تېۋىن! — دېگەن نىدالار

ئاڭلاندى.

باتۇر تەڭرىقۇت توختىدى. پېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ تېۋىندى، ئاندىن يولىنى داۋام قىلدى. بۆرە ئالدىدا چېپىپ باراتتى. يىراقتىن پايتەختنىڭ غايەت زور - ھەيۋەتلىك سېپىللىرى، كۆكنى سۆيگەن ئېگىز مۇنارلىرى كۆرۈندى. باتۇر تەڭرىقۇت ھايال ئۆتمەيلا پايتەختكە كىرىپ كەلدى. ئوردا گۋادۇبۇسىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا توپ - توپ قامانلار تۆمرۈك ساداسىغا ئۈنلۈك ئىبادەتنى جور قىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت يېقىنلاپ كەلگەن ھامان تۆمرۈك ساداسى ئەۋجىگە چىقتى، باتۇر تەڭرىقۇتقا ئالقىش - مەدھىيىلەر يېغىشقا باشلىدى. باتۇر تەڭرىقۇت تۇلپاردىن چۈشتى. سانغۇنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن كۆتۈرۈلدى. دەرۋازا بوسۇغىسىدا ئالچى ئايىقاغان ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، باتۇر تەڭرىقۇتمۇ ئانىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويدى. ئىچكىرى سەينادا قامانلار پىرە ئۇسسۇلىنى ئويناش ئارقىلىق جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاۋاتاتتى، سەينانىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل چوڭلۇقتىكى لاتا قورچاقلار قويۇلغانىدى. ھەر بىر قورچاقنىڭ ئالدىدا بىر قاچىدىن «جىن ئېشى» بار ئىدى. تاملارغا قادالغان نوكچىلار پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت گۋادۇبۇغا كىرىپ كەلدى. دۆلەت ئەركانلىرى بۇرۇنلا كېلىپ بولغانىدى، ھەممىسى ئۆز جايلىرىدا سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت مۇنبەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ دائىمىي كۇرسىدا ئولتۇردى. گۋادۇبۇنىڭ تۆت كىردابىدىكى چوڭ تەكچىلەرگە تەڭرىلەرنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ياغاچتىن ياسالغان تەڭرى تەقلىدلىرى قويۇلغانىدى. تەڭرى تەقلىدلىرى ئالدىدىكى ئىسرىقدانلاردىن كۆكۈچ ئىس بىلەن قوشۇلۇپ ئارچا ياغىچى، ئادىراسمان ۋە قوي مېيىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى تارايتتى. قانتۇرمىش ھەزرەت مۇنبەردە ئۆرە تۇرۇپ تەڭرىلەرگە تېۋىندى، ئاندىن ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

- تەڭرىلەر ئالەمنى نۇرغۇن قەۋەت قىلىپ ياراتتى. ئالەمنىڭ ئۈستۈنكى 17 قەۋىتى ئەرشتۇر. ئەرش يورۇق - پارلاق زېمىندۇر. ئەرش - تەڭرىلەرنىڭ ماكانىدۇر. ئالەمنىڭ ئاستىنقى توققۇز قەۋىتى دوزاختۇر. دوزاخ قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان زېمىندۇر. تەڭرىلەر بىزنى ئەنە شۇ ئەرش بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشايدىغان قىلىپ ياراتتى.

قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ ئاۋازى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ياڭراق - ھەيۋەتلىك بولۇپ دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ ۋەزلىرىنىڭ تەسىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ تىترەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن تىڭشاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قۇلىقىغا يەنىلا: «يەنە... يەنە بىر مۇشكۇل ئىشمۇ سېنى كۈتمەكتە، بىز سېنى سىنايمىز!...» دېگەن نىدالار كىرىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىلەرنىڭ ئالەمنى، ئەرشنى، دوزاخنى، ئىنسانلارنى يارىتىشى توغرىسىدىكى ۋەز - تەرغىباتلار يالغۇز باتۇر تەڭرىقۇتقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ھونلارغا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما قانتۇرمىش ھەزرەت ۋە باشقا بارلىق قامانلار شامان دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى، ئىجراچىلىرى سۈپىتىدە مۇقەددەس ئەھكاملارنى داۋاملىق تەكرار تەرغىب قىلىشنى ۋىجدانىي بۇرچى دەپ ھېسابلايتتى. بۈگۈن بولسا، قانتۇرمىش ھەزرەت ھېلىقىدەك ھەممىگە مەلۇم بولغان دىنىي ھايانلاردىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ روھلىرى تەڭرىلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر. تەڭرىلەر ئادەملەرنىڭ روھىنى ھايۋاناتلارغا، ھايۋاناتلارنىڭ روھىنى ئادەملەرگە كۆچۈرۈپ ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، تەڭرىلەر مەرھۇم تەڭرىقۇتىمىز تۈمەنخاننىڭ روھىنى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىغا كۆچۈردى، ئۇ ئات شۇڭلاشقا بۈيۈك تۇلپار دېيىلىپ قەدىرلىنىپ كەلگەنىدى، ئەپسۇس... بۈيۈك تۇلپار ھازىر ياتلارنىڭ قولىدا...

باتۇر تەڭرىقۇت سەل چۆچۈدى. قانتۇرمىش ھەزرەت ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرغان شۆھرەتلىك قاغاندىن قىلچە ھېيىقماي سۆزلەۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت قانتۇرمىشنى ئاشۇ تەئەددىي سۆزلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىمۇ مۇمكىنىدى. بىراق تەڭرىلەرنىڭ ئەلچىسى بولمىش ئۇلۇغ باقشىنى، بۇ تەڭداشسىز پالچى، رەمبال - داخاننى يەنىلا ئاياپ قېلىشى، ئۇلۇغلىشى لازىم ئىدى. باتۇر تەڭرىقۇت بۈيۈك تۇلپار ۋەقەسى تۈپەيلى ئوردىدا، پايتەختتە، لەشكەر، پۇقرالار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلىنىڭ تېخىچە بېسىقماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ سۆزلىرىدىن كەيپى ئۇچتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، سانغۇن، مەھرەم - سىپاھلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا گۋادۇبۇدىن چىقىپ كەتتى. كوچىدا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قامانلار، قاملار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. كوچا قاسناقلىرىدىكى قاتار ئۆيلەردىمۇ ئىبادەت قىلىنىۋاتقانلىقى دېرىزىلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلاردىن مەلۇم ئىدى. ئاسمان تۈن پەردىسى ئاستىدا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. سىپاھلارنىڭ بىر قىسمى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى ئىتتىرىپ، قامچىلاپ يول ئېچىپ باراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت - تازىم قىلىپ ئېگىلىشلىرىگىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن، تۇلپىرىنى ئۆز يورغىسىغا قويۇۋېتىپ خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى تولىمۇ سىرلىق ئىدى. ئوردىدىكى دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن كېڭەش، سۆھبەت، مۇلاھىزىلەردە، زىياپەت سورۇنلىرىدا، خۇسۇسىي پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغاندا ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئاشۇ يېقىن ئادەملىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئاشكارا قىلىشنى خالىماي كېلىۋاتاتتى. ئوردىدىكى ئەڭ بىلىملىك - دانىشمەنلەرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي ھەيرانىدى. ئۇ، كۆڭلىدىكى خىيال - تەسەۋۋۇرلىرىنى، مەقسەت - مۇددىئالىرىنى ئانىسى ئالچى ئايىقاغانغىلا ئېيتاتتى. پەقەت قانتۇرمىش ھەزرەتلا ئوردىغا يانداش تار ھۇجرىسىدا ياكى گۋادۇبۇنىڭ ئېھتىكاپخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بۆرە ھوشۇقلىرىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىرىپ پال ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالاتتى. قانتۇرمىش ھەزرەت ھەمىشە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، قاغاننىڭ ھاياتى، قىسمەتلىرى، كەلگۈسى توغرىسىدا پال ئاچاتتى. ئۇنىڭ بېشارەت، ھۆكۈملىرى كۆپىنچە ھاللاردا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالاتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت قاراقاتىن كۇنسىلىگىنىڭ قەسرىگە

يېتىپ كەلگەندە سانغۇنلار بىلەن خوشلاشتى. گۋادۇيۇ تەرەپتىن ئىبادەت مۇزىكىسىنىڭ ھەيۋەتلىك سادالىرى ئۆزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. . . كۈنسېلىگىنىڭ نازلىق يېقىپ كۆلۈمسىرەشلىرى، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ - قۇچاقلاشلىرى ياش، بەقۇۋۋەت باتۇرنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى شامدەك ئېرىتىپ، ئۇنى بەخت - پاراغەت دېڭىزىنىڭ چەكسىز قايناملىرىغا غەرق قىلىۋەتتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي چۈشىدە كۈنسېلىگىنىڭ ئوتلۇق تەبەسسۇملىرىنى ئەمەس، ئايزاتنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ھەسرەت ياشلىرىنى كۆردى. ئايزات ئۆزىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئېرىنى ئەسلا كۆرمىگەندەك ھەدەپ يىغلايتتى، باتۇر تەڭرىقۇت كەپ سورىسا ھېچ جاۋاب بەرمەيتتى. ئايزاتنىڭ يىغىسىغا ھەمدەم بولۇپ بىر چىشى بۆرىمۇ يىغلاۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت يىقىنلاشقانسېرى ئايزات كەينىگە داجىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇ ئارىدا قاياقتىندۇ قانتورمىش ھەزرەت پەيدا بولدى - دە، باتۇر تەڭرىقۇتقا روبىرو تۇرۇپ: «ئەي ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى! خەن مەلىكىسى سىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى، ۋەھالەنكى سەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىدىغان بولدۇڭ، چۈنكى بۇ تەڭرىلەرنىڭ خاھىشى بىلەن سادىر بولىدىغان ئىش. ھەي دەرىخ! . . . ئەتە ھۇزۇرۇڭغا مېھمان كېلىدۇ» دېدى - دە، شۇئان غايىب بولدى. ئايزاتمۇ ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. چىشى بۆرە ناھايىتى يىراقتا گويا بىر تال چېكىتتەك كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت بۆرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ: «تون! تون!» (68) دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋاز ھاۋادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى، ئەمما بۆرە قايتمىدى. باتۇر تەڭرىقۇت يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. كۆچەپ كەتكەنلىكتىن گېلى چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ ئويغىنىپ كەتتى. مىس، قاشتېشى شامدانلاردىكى شاملار ئاللىقاچان ئۆچۈپ، پەقەت ئالتۇن شامداندىكى ئازغىناقالغان شاملا لىپىلداپ يېنىپ تۇراتتى. قاراقاتىن كۈنسېلىگ شامان سەنەملىرىدەك گۈزەل قىياپەتتە جىمجىت ئۇخلاۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت شامدانلارغا قاراپ ۋاقىتنىڭ تېخى تاڭ نىسبىمۇ بولمىغانلىقىنى بىلدى. دېرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەتچى سىپاھلارنىڭ بوش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاڭ شامىلى دېرىزە - ئىشىكنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى لەرزان تەۋرىتەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت خانىش كۈنسېلىگىنىڭ قوينىدا يېتىپ، قۇنجۇي ئايزاتنى چۈشەپ چىققانلىقىغا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ، تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتىگە ئاساسەن ئايزاتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. ئۇ، كېچىچە تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى.

باتۇر تەڭرىقۇت ئوردىغا كېلىپ ئالتۇن تەختتە قارار تاپقاندىن كېيىنمۇ كۆڭلىدىكى خاراموشلۇق يوقالمىدى. ئايزاتنىڭ يىغا باسقان مىسكىن چىرايى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەي تۇرۇۋالدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ روھسىز ھالىتىدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى. خېلىدىن كېيىن ئارقىش (69) بەگ توڭگۇس ئەلچىلىرىنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. باتۇر تەڭرىقۇت ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈردى. قوبۇل مۇراسىمى باشلاندى. توڭگۇس ئەلچىلىرى كىرىپ سالام - تازىمنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، 80 تۆگىلىك قىممەت باھا ئارمىغانلىرىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلدى. ئۇلۇغ خەزىنە بەگ ئارمىغانلارنى ساناپ، تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋالدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئەلچىلەرگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلارغا يۇڭدىن، يىپەكتىن توقۇلغان سىپتا، قىزىل بويالغان ھونچە ئۇزۇن تونلارنى تەقدىم قىلدى. دۆلەت ئەركانلىرى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوچۇق چىرايىدىن، خۇشال كەيپىياتىدىن، مەردلەرچە ئىلتىپاتلىرىدىن يەنە تەشۋىشكە چۈشۈشتى. چۈنكى ئۇلار توڭگۇسلارنىڭ بۇ قېتىممۇ يەنىلا يولسىز بىر تەلەپ بىلەن كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكەنىدى. دېگەندەك، ئەلچىلەرگە سۆز بېرىلگەندە ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى يەنە بىر شۇم تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. باتۇر تەڭرىقۇت جاۋاب ئورنىغا پەسكىدە كۈلۈپ قويدى، ئوردىدىكىلەر دەرغەزەپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. لېكىن باتۇر تەڭرىقۇتتىن قورقۇپ يەنە جىممىدە ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەمرى بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئەلچىلەرگە ئوردا زىياپىتى بېرىلدى. زىياپەت نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل - ناخشا، بەزمە، كۈلكە - چاقچاق بىلەن داۋام قىلىپ يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى.

ئوردىنى ئېغىر سۈكۈت، ۋەھىمە قاپلىدى، بۇ ھال بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلدى. كۈن تەكشى نۇر چېچىپ، ھاۋا تازا قىزىغان بىر كۈنى باتۇر تەڭرىقۇت ئوردا كېڭىشىنى چاقىردى. دەسلەپ ئوڭ قول بىلىگەخان ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەردىلىك، غەزەپلىك ئاھاڭدا چىقتى:

- توڭگۇسلارنىڭ كاتتىسى ھەقىقەتەن بەك كۈندى (70)، جۇق (71) ئادەمكەن. قۇنجۇي ئايزاتنى تەلەپ قىلغانلىقى بىزنى ھاقارەت قىلغانلىق بولماي نېمە؟ ئۇ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ!

- ئەيلۈق! (72) - ئەيلۈق! - دېيىشتى باشقىلار.

سول قول ئۇلۇغ يابغۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قەھر - غەزەپ بىلەن ياڭرىدى:

- بىز بولساق بىر بۆرىسلان (73)، قاراتويىن بولسا ئالدىمىزدا بىر تال قەرىنجەق (74)، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، تەڭرىنىڭ كېلىنىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سوراپتۇ، بۇ، بىزگە ئىنتايىن قاتتىق ئۆتۈنۈچ (75) ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇغ خەن پادىشاھىسىنىڭ قىزى - ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىمىزنىڭ خوتۇنىنى ياتلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش بىزگە ئۆلۈم بىلەن تەڭ!!!

باتىسخان دېدى:

- بىز ئەلچى ئەرسۇ (76) لارنىڭ بېشىنى كېسەيلى! ئېلىگە باسقۇن قىلايلى!

بۇ سۆز ھەممەيلەننىڭ ئورتاق پىكرىگە ئايلاندى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خىيالىدا ھېلىقى كۈن كۆرگەن چۈشى، ئايزاتنىڭ قايغۇلۇق چىرايى، ئېقىۋاتقان كۆز يېشى، چىشى بۆرە. . . نامايان بولدى ۋە يۈرىكى پىژژىدە قىلىپ قالدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدە بۇرۇنلا قارار تاپقان پىكرىدىن يەنىلا يانمىدى.

- بىر ئايالنى دەپ قوشنا ئەل بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى بۇزساق بولماس، دوستلۇق ھەممىدىن ئەلا! . . .

IV

مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىل، قىش.

قويۇندەك تېز چېپىپ كېتىۋاتقان جۇپىغا (77) بۆرىنىڭ

كۆزلىرىدە يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ۋە سىيلىق ئىدىكى، پۇتلىرىنىڭ قار باسقان يەرگە تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. پۇتلىرى ئۇق يىلاندەك ئالغا قاراپ ئېتىلاتتى، بۇنداق چاغدا ئەۋرىشىم بېلىمۇ پۇت ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ئالدىغا سوزۇلاتتى. كۆلرەڭ تۈكلۈك نېپىز قۇلاقلىرى شىڭگىيىپلا تۇراتتى. ھەر بىر سەكرەپ ئالغا ئېتىلغاندا پۇتلىرى ئاستىدىن ۋىشىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ پات - پات قەدىمىنى ئاستىلىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قىپقىزىل تىلىنى چىقىراتتى - دە، يەنە ئالدىغا قاراپ چاپاتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بۆرىگە ئەگىشىپ باراتتى. تۇلپارنىڭ يېڭىلا تاقىلانغان تۇياقلىرى ئاستىدىن چېچەكتەك ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى توزۇيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت تۇلپار ئۈستىدە ھەقىقىي چەۋەندازلارغا خاس غورۇر، تەمكىنلىك بىلەن غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا 20 نەپەر سول قول، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن، 60 نەپەر تۈمەنبېشى ھەمراھ ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن 100 مىڭ ئاق ئاتلىق لەشكەر قار باسقان چەكسىز دالا - قىرلارغا، يايلاقلارغا، قۇملۇقلارغا قاراماناندەك يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئاخىردا ئۇزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ، جەڭ غەنىيمەتلىرىنى يۈكلىگەن ھارۋا، تۆگە، قوتاز، ئېشەكلەرنى ۋە بىر - بىرىگە چېتىپ باغلانغان 5000 ئەسىرنى ھەيدەپ 20 مىڭ پىيادە لەشكەر كېلەتتى. ئەسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نەۋقىران - قابىل يىگىتلەر، گۈزەل - بەرنا قىز - جۇۋانلار بولۇپ، ئۇرۇشتا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ھون ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بېرىلمەكچى ئىدى.

تۇياقلار ئاستىدىكى قار - مۇزلار غاراسلايتتى. ھارۋا چاقلىرى غىچىرلايتتى. نەيزە، قىلىچ، قالقان، دۇبۇلغا، زەنجىرلىك ساۋۇتلار، ئاتلارنىڭ ساخىت (87) لىرى قىش قۇياشىنىڭ يىللىق نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى. قارلار، ئۈستەڭ، ئېرىق، كۆل بويلىرىدىكى قاتقان نېپىز قەرزدۇ (79) لار ناۋاترەڭدە سوزۇلۇپ، قۇياش ئەكسىدە جىلۋە قىلاتتى. قارلىق زېمىن سانسىز ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇياقلىرى ۋە سانسىز پۇتلارنىڭ ئاستىدا ئىختىيارسىز چەيلىنىپ باراتتى.

تاڭلار ئاتاتتى، كەچ كىرەتتى. باتۇر-تەڭرىقۇت ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈنگە قاراپ تېۋىناتتى. ھەربىي يۈرۈش داۋام قىلاتتى، ھېچكىم توختاشنى خالىمايتتى. ئاتلارنىڭ دوكۇر - دوكۇرلىرى، قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. قاراقۇم (80) چۆلى، تۇران (81) تۈزلەڭلىكى، كاسپىي دېڭىزى، ئارال دېڭىزى، سىر ۋە ئامۇ دەريا ۋادىلىرى، بالقاش كۆلى. . . ئارقىدا قالدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئالتاي تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتتى، سايان (82) تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە توختاپ چېدىر تىكتى، گۈلخان ياقتى، دەم ئالدى. ئاندىن ئورخۇن (83) دەرياسى بويىدىكى يېڭىدىن پايتەخت قىلىنغان كاتتا شەھەر ئەجدەربالىق (84) قا قاراپ ئاتلاندى. قۇياش گاھ بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ھاۋانى تۇمان، جۇدۇن قاپلايتتى. زىمىستان سوغۇقى يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. گاھ ھاۋا ئېچىلىپ قۇياش كۆرۈنەتتى. شۇنداق پەيتلەردە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قۇلىقىغا كۈنتەڭرىنىڭ ۋەھىي - نىدالىرى ئاڭلىناتتى:

- ئوغلۇم ئوغۇز، بىلىمەن، بۇرۇنقى تەڭرىقۇتلار ئارزۇ قىلغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان نى - نى ئىشلارنى سەن قىلدىڭ. دۇنياغا مەشھۇر، شانۇ - شەۋكەتلىك قاغان، تەڭرىقۇت بولدۇڭ. قان ئاققۇزدۇڭ، قان كەچتىڭ، جان بەردىڭ، جان ئالدىڭ. يەنە نۇرغۇن زېمىن - ئەللەر ساڭا قارام بولدى. مانا ھازىرمۇ غەربتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى، ئاجايىپ گۈزەل، باغۇ - بوستانلىق زېمىنلارنى ئىستىلاھ قىلىپ، نۇسرەت قۇچۇپ قايتىۋاتىسەن. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولغىنكى، ساڭا يەنە تېخىمۇ نۇرغۇن زېمىن، ئادەم ۋە نۇرغۇن مال - دۇنيا كېرەك، ئاشۇ نەرسىلەرگە قانچە كۆپ ئىگە بولساڭ، شۇنچە كۆپ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولىسەن. شەرقتە، ناھايىتى يىراقتا مىڭ چاقىرىملىق زېمىن بار، قۇنشىلىرىڭ ئۇ زېمىنغا كۆز ئالايتماقتا. شۇڭا، سەن شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلا، ئىشەنچ تۇغلىرىڭ سامادا جەۋلان قىلسۇن! زەپەر قىلىچىڭ قىنىدا ياتمىسۇن! بۇ، بىزنىڭ ئىرادىمىز! بىز سېنى سىنايمىز!

كېچىلىك يۈرۈشلەردە ئاي - يۇلتۇزلار تەبىئەتنىڭ جامالىنى ئاجايىپ گۈزەل رەڭلەر بىلەن بوياپتتى. شۇنداق پەيتلەردە ئايتەڭرىمۇ باتۇر تەڭرىقۇتقا يوقىرىدىكى بېشارەتلەرنى قايتا يەتكۈزەتتى.

پايتەخت ئەجدەربالىقنى قېلىن قار باسقانىدى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى. پۈتكۈل پايتەخت ئاھالىسى سوغۇققا قارىماي رەڭگارەڭ تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھالدا كوچىلارغا چىقىپ ئۆز غالىبلىرىنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ناغرا، نەي، دۇمباق سادالىرى پەلەككە يېتەتتى. قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنىڭ سادالىرى قىش شامىلىدا شەھەر ئەتراپىدىكى سەھرا - يايلاقلارغىچە ئۇچۇپ باراتتى. باتۇرتەڭرىقۇت پايتەختنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سۇغىناق (85) دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا شەرقىي تەرەپتىكى سۇبران دەرۋازىسىدىن 150 تۆگىلىك ئارمىغان بىلەن قاراتويىننىڭ ئەلچىلىرى كىرىپ كەلدى. جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ، ھېسابسىز ئولجا - غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكەن، نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرغان باتۇر تەڭرىقۇت ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۆز قەسرىگە قاراپ ماڭدى. توڭگۇس ئەلچىلىرىمۇ دۆلەتنىڭ قائىدە - بەلگىلىمىلىرىگە مۇۋاپىق قارشى ئېلىنىپ، ئالىي قەسرلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتكۈل پايتەخت بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. ئەجدەربالىق تەڭرىبالىققا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، ئاۋات، ھەيۋەتلىك شەھەر ئىدى. كوچىلاردا ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. توپ - توپ قامانلار تۆمۈرۈك چېلىپ، ئەپسۇن - ئايەت ئوقۇپ جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاش ھەرىكىتىنى ئورۇنلايتتى. قاملارمۇ كوچىغا چىقىشقانىدى. ئۇلار كۆكتىن چۈشۈۋاتقان پەرىشتىلەر سىياقىدا ياسانغان بولۇپ، قار ئۈستىدە ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن سىيلىق يورغىلاپ، لەرزان پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايتتى.

قار توختىماي ياغاتتى، قىش ئۇزاققا سوزۇلدى. بۇنداق پەيتلەرنى ھەمىشە چۇقان - سۈرەنلىك جەڭ مەيدانلىرىدا، قانلىق جەڭلەردە قىلىچ چېپىپ، نەيزە سانجىپ، ئوقيا ئېتىپ ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ھون لەشكەرلىرى بىكارچىلىقتىن زېرىكىشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ قولى قىچىشاتتى، قېنى قىزىيتتى، ئات چاپقۇسى، ئات ئۈستىدە جانبازلىق قىلغۇسى، قىلىچ ئويناتقۇسى، ئۇران [41] توۋلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكۈسى، دۈشمەنلەرنى سۈر - توقاي قىلغۇسى، كۆپلەپ ئولجا - غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكۈسى كېلەتتى، لېكىن تەڭرىقۇتتىن توغراغ چۈشمەيۋاتاتتى. ھون لەشكەرلىرى كۈنلەرنى تىنت - تىتلىقتا ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۆز قارارگاھلىرىدا، شەھەر سىرتىدىكى سانسىز ئاق چېدىر - بارگاھلاردا سۈرجەك [42] باشلاندى. شۇنىڭدەك توڭگۇس ئەلچىلىرىمۇ كۈندە دېگۈدەك زىياپەتلەرگە، ئويۇن - تاماشىغا، بەزمە - سۈرجەككە جەلپ قىلىنىپ تۇردى. قانتۇرمىش ھەزرەت پال ئېچىپ خاسىيەتلىك دەپ قارىغان بىر كۈنى باتۇر تەڭرىقۇت توڭگۇس ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل مۇراسىمى يېڭى پايتەختنىڭ ھەشەمەت بىلەن ياسالغان، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن يېڭى ئوردىدا ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. تۆر تامغا بۆرە بېشى، ئىككى يانغا قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان ئىككى جەغرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىرىپ ئېسىلغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئېگىز، كەڭ مۇنبەر ئوتتۇرىسىدا قويۇلغان ئالتۇن تەختتە بىر خىل ئۇلۇغۋار سۈلەت بىلەن ئولتۇراتتى. تەخت ئالدىدىكى توققۇز باسقۇچلۇق پەلەمپەيگە يۇڭدىن توقۇلغان قىزىل پاياندار سېلىنغانىدى. پاياندازنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرىپىدىكى يولۋاس، قاپلان تېرىسى ۋە كۆن قاپلانغان ئورۇندۇقلاردا سول قول، ئوڭ قول بىلگەخانلار، يابغۇلار، قۇتىغۇلار، ئېل قۇساي، خەزىنە بەگلەر، سانغۇنلار، مەتبەشلار... ئولتۇراتتى. تەخت ئالدىدىكى پەلەمپەيدىن باشلانغان پاياندازنىڭ ئاخىرقى ئۇچى مەلۇم ئارىلىقتىن كېيىن تەختكە روبىرو قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىدا توختايتتى. بۇ ئورۇندۇقلاردا ئەلۋەتتە باتۇر تەڭرىقۇت قوبۇل قىلىدىغان ئەلچىلەر، دىپلوماتلار، مېھمانلار، تەڭرىقۇتقا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىشكە تېگىشلىك بولغان يابغۇلار، خەزىنە بەگلەر، ئۇلۇغ سانغۇنلار، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەر ئولتۇراتتى. بۈگۈن دەل ئاشۇ ئورۇندۇقلاردا توڭگۇس ئەلچىلىرى ئولتۇردى. ئۇلار ئالدى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتقا سالام قىلدى ۋە:

- كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇت ئوغۇزخان باتۇرغا ئۇلۇغ پادىشاھىمىز قاراتويىننىڭ مۇبارەك ئېھتىرامىنى يەتكۈزىمىز! - دېدى.

باتۇر تەڭرىقۇتمۇ جاۋابەن باش لىڭشىتتى. ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ئارمىغانلىرىنى تەقدىم قىلدى. 100 تۆگىلىك ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، گۆھەر، ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىت، 50 تۆگىلىك ھاراق - شاراب ئۇلۇغ خەزىنە بەگنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. باتۇر تەڭرىقۇت سوۋغا - سالاملار ئۈچۈن قاراتويىننىڭ ياخشى كۆڭلىگە، دوستلۇق ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتتى، ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن ئەلچىلەر قاراتويىننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. مەكتۇپنى سول قول ئۇلۇغ يابغۇ ئېلىپ ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇدى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىدەك ساراسىمىگە چۈشمىدى، بەلكى پەرۋاسىز، ئېغىر - بېسىق ھالدا ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇت مەكتۇپقا بېرىلىدىغان جاۋابنى تەڭرىلەر بېشارەت بەرگەن ۋاقىتتا دۆلەت كېڭىشى چاقىرىپ قارار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە 100 تۆگىلىك سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى نەق مەيداندىلا پاك - پاكىز دۆلەت ئەركانلىرىغا ئىنئام قىلىپ بەردى. بۇ، تەڭرىقۇتلارنىڭ ئادىتىدە كەم كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئىلتىپات - ساخاۋەت ئىدى. 50 تۆگىلىك ھاراق - شاراب شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلغان ئوردا زىياپىتىدە ئىچىلدى. ھون ئوردىسىدىكىلەرمۇ، ئەلچىلەرمۇ ئوخشاشلا ۋاقتى ئۆزۈنغا سوزۇلغان زىياپەت - بەزمىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى. پۈتكۈل پايتەخت ئاسايىشلىق ئىچىدە ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلەر قارارگاھلىرىدىمۇ، شەھەر سىرتىدىكى ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ ئېچىلغان سان - ساناقسىز ئاق چېدىرلاردىمۇ ئوخشاشلا سۈرجەك - بەزمە داۋام قىلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەرھەمەتلىرىگە ئېرىشىپ خۇشلۇقتىن خۇدىنى بىلمەي قالغان دۆلەت ئەركانلىرى دۆلەت كېڭىشىنىڭ قاچان ئېچىلىدىغانلىقى، قانداق قارار چىقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قىلچە ئويلانماستىن بەزمىگە، ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. ئەلچىلەرمۇ بەخىرامان، خۇشال يايراشقا باشلىدى. ئاقىۋەت قانتۇرمىش ھەزرەت 12 بۇرجدىكى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ۋاقىتنى بېكىتكەندىن كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت دۆلەت كېڭىشىنى ئاچتى.

- توڭگۇسلارنىڭ پادىشاھى بىرىنچى قېتىم بۈيۈك تۇلپارنى سورىغانىدى، بەردۇق. ئىككىنچى قېتىم قۇنجۇي ئايزاتنى خوتۇنلۇققا سورىغانىكەن، بۇ ھاقارەتنى، بۇ نومۇسنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇردۇق. بۇ قېتىم زېمىن سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىزدە نېمە كۆپ، زېمىن كۆپ، بۈيۈك تۇلپار بىلەن قۇنجۇي ئايزاتنىڭ ئالدىدا زېمىن دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى؟


- بىزنىڭ چېگرىمىز بىلەن توڭگۇسلارنىڭ چېگرىسى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن ناھايىتى كەڭ، كۆكتىن - قارىغىچە مىڭ چاقىرىم، قىزىلدىن - ئاقىچىچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بىراق بۇ زېمىن ئىنتايىن قاقاس، چۆل - دەشت بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولماي كەلگەن. ئەمدىلىكتە قاراتويىن ئۇ زېمىننى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ راستىنلا ئەخمەق ئىكەن، بولمىسا بىر پارچە گىياھ ئۈنمەس چۆل ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ، قىممەت باھالىق مال - دۇنيانى بىزگە بېرىۋېتەمتى؟

- توڭگۇسلار نەچچە يىللاردىن بېرى بىزگە بولغان قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدى. بىز بۈيۈك تۇلپار بىلەن قۇنجۇي ئايزاتنى بېرىشكە چىدىغان يەردە ئاشۇ قاقاسلىقنى بېرىشكە چىدىماسلىق بولماس!

- دۇنيادا دوستلۇق ھەممىدىن ئۇلۇغ. يەر - زېمىندىن ۋاز كەچسەك كېچىمىزكى، دوستلۇقتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. قوشنىمىزنىڭ - دوست ئەلنىڭ كۆڭلىنى چېكىپ قويساق بولمايدۇ!

- بەس! - باتۇر تەڭرىقۇت قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، تەختتىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى، كۆكۈچ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى،

- توڭگۇسلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، گۆھەر، ياقۇتلىرى ۋىجدانىڭلارنى، ھاراق - شاراپلىرى ئەقلىڭلارنى بۇلغاپتۇ. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، يەر - زېمىن دېگەن دۆلەتنىڭ دەسمايىسى، قىممەتلىك بايلىقى، يەر - زېمىن قانچە كۆپ بولسا تېرىقچىلىق قىلىپ، مال - ۋاران



# قۇيۇن كەسكەن يول

(تارىخي ھېكايە)

**ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى**

ئۇشبۇ ھېكايىنى بوۋايلاردىن ئاڭلىغانىدىم... خوجىنىياز ھاجى ياقا ئېرىقتا ئېتىشتى. ھۆكۈمەت چېرىكلىرى ئوت - چۆپ ھاشاسىغا سېلىنغان بىگۇناھ دېھقانلارنى جامدا قەتلى قىلىشۋەتتى.

1933 - يىلى، تومۇز ئايلىرى ئىدى.

ئاقسۇنىڭ - ئاقسۇ دەرياسىغا تۇتاش قىڭغىر يولىدىن توزان كۆتۈرۈپ ئىككى مەرتە ئاتلىق ئەسكەر ئۆتتى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكىسى دەريانىڭ شەھەر سېپىلىغا يېقىن سايازلىقىدا تۆت تونەپ ئاتلىرىغا ۋە ئۆزلىرىگە دەم بېرىپ، سەھەردە يۈرۈپ كەتتى. ئىككىنچى تۈركۈمىمۇ شۇنداق قىلدى، لېكىن ئۇلار ئىككى تۈنىدى. كېچىكىنىمۇ ئاۋۇالقىلار ئۆتكەن يەردىن تاللىماي، ئىككى چاقىرىم تۆۋەندىن - سۇ قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن ھەربىي ئاتنىڭ ئۆلۈكى تۇرغان يەردىن تاللىدى.

بۇ يەر كۆكۈلدىكىدەك كېچىك ئىدى.

ئاقسۇ دەرياسىنىڭ لايقا سۈيى مانا مۇشۇ يەردە بىر يۈز ئەللىك سەرجان كەڭلىكتە يېيىلىپ - ياۋاشلىشىپ ئاقاتتى. ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئاتنىڭ قارنىغا كېلەتتى، تېيىز يېرى ئاتنىڭ تويىقىنىمۇ چۆكۈرەلمەيتتى. يۇقىرالار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرنى كېچىك قىلىپ كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى تۈركۈم نە ئات، نە ئادەم چىقىم بەرمەي شەرققە - كۇچا تەرەپكە جۈنەشتى.

كېچىكتە ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قورال - ياراغلارنىڭ جاراق - جۇرۇقى، ئۈزەڭگىلەرنىڭ جىرىق - جىرىقى، ۋارقىراشلار، كوماندا ئاۋازلىرى غايىب بولۇپ، يېرىم يۇمۇلغان كۆزىدىن نۇر ئۆچكەن، ئېغىزدۇرۇقىنى مەھكەم چىشلەپ، چىشلىرى كىرىشكەن، خام قىيىشتىن قىلغان تىزگىنى بېشىدا لەيلەپ تۇرغان، سۇدىن ئىگىرىنىڭ ئاز قىسمى چىقىپ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن ھېلىقى بوز ئاتنىڭ ئۆلۈكى بىلەن ئېقىمۋاتقان سۇنىڭ شاۋقۇنىلا قېپقالدى.

ئەسكەر كەلسە تاماشا كۆرىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتكەچكە ھونەرۋەن - كاسىپ، دېھقان تۇرماق قاۋاقخانىسىدا كەيپ ئولتۇرىدىغان ياڭ مېيخۇا خېنىمدىن 10 پۇللۇق ھاراق ئېلىپ سايازلىقتا نەشە چېكىپ، تاۋكا قويىدىغان كۆچتۈگگۈر نوچىلارمۇ ئەسكەر كېتىپ ھەپتىگىچە ئۆيلىرىدە جىم يېتىشتى.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.

ھەممە ۋەسۋەستە ئىدى.

تومۇز ئېيى چىقىپ كېتەي دېسىمۇ، پا - پا ئىسسىق يانمايۋاتاتتى. نەشە چېكىدىغان ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چاڭگا چاچ، خاپان بېشىنى پۇلاڭلىتىشىپ ئىشقىم باخشى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. بەزى كىشلەر ئۇنى ئامبال دارىنىنىڭ ئايغاقچىسى دېيىشەتتى. ئەمما ئۇنىڭ سېپىل ئىچىگە - يامۇلغا كىرىپ - چىققىنىنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ئۇ، قانتالاش كالا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاقسۇنىڭ كونا - يېڭى شەھەرلىرىدە ۋەزگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئاۋۋال ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، دوزاخ ۋە جەننەت، توپان بالاسى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ ئاندىن سۆزىنى خاتىملەيتتى:

- ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق. يۈرىكىڭلارنى

ئەزگەن تاشنى كۆتۈرگەيمەن. قۇمۇللۇق خوجىنىياز دېگەن جاھاجى ئىش تېرىدى. 18 مىڭ ئالەمنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭدۇر. پانىي دۇنيادا شەر سوراش مۇسۇلمانغا بىھاجەت، باقىي دۇنيانىڭ جەننىتىگە كۆز تىكمەك سۈننەت. ئەي ھەزرىتى ئەلىنىڭ پۇشتى - ئافاق خوجامنىڭ بەختلىك ئەۋلادلىرى، نائەھلى - تۇزكورلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ساق باشقا ئاغرىق، بوش قولغا كىشەن تىلىمەيلى. . . يىگىتلەرنىڭ يىگىتى، سەردارلارنىڭ سەردارى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەپقەتچىسى - مېھرىبانى ياڭ چىڭمىن تەنجاڭ جانابلىرى دەريادىن مىڭ لەشكەر ئۆتكۈزۈپ، جاھاجىنى توسۇغىلى مەشرىققە راۋان ئەيلىدى. خاتىرجەملىك ئىلكىدە پەيزى سۈرەيلى. غەليانچىلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەردە ھەممىگە ئوت قويغاي، ئادەم تۇرماق ھايۋانغىمۇ يېمەك يوقتۇر. قۇيۇچ قوللۇق، كۈمۈش بويلۇق لەشكەرلەرنىڭ ئالتۇن پۇتلۇق تۇلپارلىرىغا ئىشانىبەگ خوجام ئاقسۇنىڭ يەتتە ئىقلىم تەۋەسىدىن ھالا بۈگۈن ئاتمىش ھارۋا ئوت - چۆپ تەييارلىدى. ئاتمىش ھارۋىنى مەنزىلگە قەھرى قاپلان، قۇۋۋەتتى يولۋاس جاڭ لەنجاڭ ئالىيلىرى يەتكۈزگەي. ھارۋا ھەيدەشكە پەرمان بەردار ئاتمىش دېھقان ئۈنچە - لەئىلى تارتۇق ئالغاي. زەپەر خەۋىرىنى كۈتەيلى. . . ئامىن.

ئىشقىم باخشىنىڭ كەتمەندەك يوغان قوللىرى يۈزىنى توسىدى.

دۇئاغا قول كۆتۈرگەن خالايىقنىڭ چېھرىدە ساۋاقنى چۈشەنمىگەن شاگىرتتەك بۇرۇقتۇملۇق ھۆكۈم سۈرەتتى.

1

بەش ئاتلىق ئەسكەر جىبەكدەپ ماڭغان ئوت - چۆپ، بېدە باسقان ئاتمىش ھارۋا، يىگىرمە يەشلىك - تەخمىنەن ئەللىك مىڭ پاي ئوق بېسىلغان ئىككى ھارۋا جەمئىي ئاتمىش ئىككى ھارۋا ئەگرى - بۈگرى كاتاڭ يولدىن، گۈلۈپ توپىلىق دۆڭلەردىن ئۆتۈپ، كارۋان قاتنىماي ئۆچۈپ كەتكەن يولنىڭ ئىزناسىنى بويلاپ سەكپاچىنىڭ جەزىرىم چۆلىگە كىردى.

زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان كۆزى بىلەن گىدىيىپ قارايدىغان كەسلەنچۈكلەر قىزىغان تاشلارغا ئاق قورسىقىنى يېقىپ قېچىشتى.

پۈتنى يۆگەپ غىلدىرلاپ ماڭىدىغان پاتمىچۇقلارمۇ كۆك شىۋاق ۋە كىچىككىنە چوڭقۇرچاق گۈلىگە بەتبەشىرە ھاشاراتلارنى ئولاشتۇرۇپ، تېزلا سولىشىپ كېتىدىغان قاڭقا ئوت ئارىلىرىغا مۆكۈنۈپ ئالدى.

ئەمدى ئاتلار - ئەسكەر ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ئېچىشىۋەتكەن چۆل يولىدا كۈچ قويۇۋېتىپ، نەپەس تەڭشەپ سالماق قەدەم بىلەن بىر كەلكىدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

قاتار بارغانسېرى سازلىنىپ تۈزلەندى. ئانچىكى بۇرۇلۇشلاردىلا ياي شەكلىگە كىرەتتى. ئات تۇياقلىرى توپا توزۇتاتتى، مايسىراپ كەتكەن ھارۋىلار غىچىلدايتتى. چاقلارنىڭ ئۆپرىغان تۆمۈر ئۇلتىڭى كۈمۈشتەك پارقىرىغان پېتى چەيلەنگەن توپىغا ئىز سالاتتى.

ئاتلار نەچچە تەرلەپ نەچچە قۇرۇدى. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ھەمكارلىقى يولنى ئاۋۇتۇپ، ئاقسۇنىڭ دەرەخ ئىچىگە چۆككەن پاكار ئۆيلىرىنى بەك يىراقتا قالدۇرۇۋەتكەنىدى. تىزگىن تۇتقان قوللار چىڭقىلىپ، بەللەر تالدى. ھارۋا شوتىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ھەر قىسما ئاياغ كەيگەن پۇتلار ئۇيۇشتى.

- ئۇنىمۇ دەيدىكەنمىز، بۇنىمۇ دەيدىكەنمىز، ئىلياس ئاكا، - دېدى يۈزىدە گۈلدەك قىزىللىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان روزى بودەك، - يەنە شۇ پىيادە ماڭغان راھەتكەن جۇمۇ، ھارۋىدىن چۈشمىگىنى قالماپتۇ. ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ پاراڭنى دۆڭ سوقۇپ كېتىۋاتقىنىنى، ماۋۇ ئەدھەم تاراندىن باشقىسى. بۇ ئاداش كىگىز تۇمىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىۋاتىدا.

- باشتىكى سەيدۇل راۋاب بىلەن قادىر داپ چۈشمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار ئوبدان ماڭدى. باشنىڭ مېڭىشى خىل كەلمىسە، ئاتلارمۇ ئاسان ھارىدۇ. سەپەرداش مۇڭداشمىسا يول ئۇزىرايدۇ.

ئىلياسخان - ئەللىك ياشلاردىكى، بۇرۇتلۇق ئادەم دۈگلەك كۆزلىرىنىڭ ئەيدىن چىققان تېرىدەك كۆكۈچ ئېقىنى ئىرغىتىپ ئۇدۇل قارىدى.

چۆلدىن ۋىل - ۋىل ئىسسىق كۆتۈرۈلەتتى. يىراقتىن - نېرىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇيۇن خادا چىقىرىپ پىر ئايلىنىپ، لەپپىدە تۆۋەنلەپ يوقىدى.

-ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما لېكىن قاتارغا تۇرغان ۋاقتىمىزدا جاڭ لەنجاڭ قانداق كۆرۈپ قالدىكى، - روزى بودەك گەپكە كىرىشتى، - سەيدۇل راۋاب راۋابنى بەلبېغىغا ئۇراپ بېدىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپتىكەن، مىلتىقتەك كۆرۈنۈپ كەتكەنمۇ، تەكشۈرۈپ كەتتى جۇمۇ. بىز قىز كۆچۈرگىلى ماڭمىغاندىكىن قادىر داپنىڭ داپ، بۇ ئاداشنىڭ راۋاب ئېلىۋالغىنى ئادەم ئىشەنمەيدىغان غەلىتە گەپتە. . . خۇدايا تۇۋا دېمەي. . . ھەي. . . ئەدھەم تاران، توختا دەيمەن، بىللە ماڭمىز. گەپ قىلىڭ دەيمەن، ئىلياس ئاكا.

- ھەۋەستە، ئۇكام، ھەۋەس، - دېدى ئىلياسخان.

ئەدھەم بېشىدىكى ئاچا مالخايىنى جۆندەپ كىيىپ، ئويچان كۆزلىرىنى سوزۇلغان چاق ئىزناسىغا تىكىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. پۇتىغا قىستۇرۇۋالغان ئالتە ئۆرۈملۈك قىسقا قامچىسى كەچكۈزنىڭ سەپكۈنلۈك جاڭدۇسىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى.

- شۇنداق قىلىپ ھاشارغا تۇتتى دەڭلا، - دېدى روزى بودەك.

- گۇتتۇز قېتىم دەپ بەردىمغۇ، بۇرادەر. بىر گەپنى ئەجەب تولا سورىدىڭلا. قەشقەرگە خۇرۇم ئاپىرىپ ئىلىغا قايتىشىمىز ئىدى، ئاقسۇدا دەڭدە ياتقانىدۇق. «ھارۋىنى قوش، ماڭ» دېدى. ئامال بولمىدى، ماڭدۇق، چېرىك مىلتىقىنى تىرەپ تۇردى، بېدە باسقۇزدى. خوجايىن پۇل بېرىپ ئاران قۇتۇلدى.

- دۈمبەڭگە تىرىگەندۇ مىلتىقىنى. ئۇلار مۇشۇ چېرىكلەر شۇمۇ؟

- بۇرادەر، بۇ چېرىكلەر ئەمەس، ئۇلار مېنى سىلەرگە قوشۇۋېتىپلا يوقالدى.

روزى بودەكنىڭ يۈزىدىن قان قاچتى، كەينىدىنلا

ھۆپپىدە قىزىرىپ ئەسلىگە قايتتى. بىردىن ئايۇپ قارىمغا بۇرۇلۇپ سۆزلىدى:

— دادام رەھمەتلىكنىڭ دەپ بەرگىنى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. «تاران» دېگەن مانجۇچە «بۇغداي» دېگەن گەپ. «تارانچى» دېگىنى بۇغداي تېرىيدىغان قۇل دېگەن گەپ دېگەنتى. سىلىچە بۇ گەپ قانداق گەپ؟

ئۈندىمەي كېلىۋاتقان، سىڭىپ پىشقان زاغرىدەك چىلاق، يۇمىلاق يۈزلۈك ئايۇپ قارىم ئېچىلىپ كەتتى:

— ۋاھ... ئۇكام، دادىڭىز رەھمەتلىك ئۆلىما ئادەمكەن، قالتىس تەپسىر قىپتۇ جۇمۇ. ئۇنى دېمىسىمۇ شۇنداق. بىزدە «تامچى»، «ياغاچچى»، «تۆمۈرچى» دېگەن گەپ بار. بېشىدىكىسى شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى، ئاخىرىدىكى «چى» دېگەن خۇدانىڭ يازمىشى بىلەن شۇ ئىشقا زەبت قىلىنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. گەپنىڭ جىڭىنى دېسەم، چەكلۈك (چيەنلۇڭ دېمەكچى — ئا) دېگەن پادىشاھى ئالەم خوتەن - پوتەن، تۇرپان - پۈرپان، يەكەن - پەكەندىكى ھۆكۈمەتكە مۇشت ئاتقان غەلىيانچى، ئوغرى - قولاق كەستىلەرنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ قول قىلىۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ، شۇ خەق شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

ھەممىسى ئەدھەمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى.

— ئۇنداقتا سىلى بىلەن بىز مانجۇنىڭ ئەركە بالىسىمۇ،

— دېدى ئىلياسخان، — مەن ئىلىدا ئۈچ ئاي تۇرغان. خوتەنلىكى خوتەنچە، تۇرپانلىقى تۇرپانچە، يەكەنلىكى يەكەنچە سۆزلىسە بولاتتى. يەك ئىلىچە پاراڭ قىلىدۇ. بۇنى نېمە دېسەك بولار، ئايۇپ قارىم؟ ئاقسۇدىنمۇ قەشقەرگە سۈرگۈن بولغانلار بار، يادىڭىزدا باردۇ؟

ئايۇپ قارىم سەل مەڭدەپ قالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. لېكىن جىمجىتلىقنى چارچىغان ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى بۇزۇپ ئۇنى مەڭدەشتىن خالاس ئەتتى.

— ئىشقىلىپ بىزدەك ئەركىن ئەمەس دېسىلە، — گەپكە ئارىلاشتى روزى بودەك، — ھەي، باشقىنى قويۇپ مۇشۇ تاپتىزە زەي قازانقا قويغان قېتىق بولسا، تازا ئاشۇ خورت - خورت قىلىپ سۈمۈرۈپ ئىچىۋالسا كىشى.

ئۇلارنىڭ يېنىدىن بەش ئاتلىق ئەسكەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ پار ئاتلىرى تەكشى قەدەم بىلەن ئاياڭداپ ماڭاتتى.

ھاشارغا تۇتۇلغانلار ھەر يەردىن بولغاچقا تونۇشىدىغىنى تونۇشاتتى، تونۇشمايدىغىنى تونۇشمايتتى. بىردىن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ قاتار ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى. ئاتلار ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ چۆپىنى ئېغىزدۇرۇقى بىلەن قوشۇپ چايناشقا باشلىدى. باشتا نېمە ئىش بولغىنىنى ھېچكىم ئاڭقىرالمىدى. قاتارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېزىم ئاخۇن ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئورۇق قولا ئېتى يىقىلىپ ياتاتتى. ھارۋىنىڭ تەرتىسى بوغۇزىغا قادىلىپ قالغاچقا، ئاتنىڭ ئاغزىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك چىقىپ تۇراتتى.

توپلانغانلار ئاغدۇرۇلغان بېدە باغلىرىنى دەسسەپ شوتىنى كۆتۈردى، كەينىدىن باسسىمۇ ئات زادىلا تۇرالمىدى. تۆش ئۇلاڭ كېسىۋېتىلدى، شۇندىلا كەينىچىلەپ بېسىش مۇمكىن بولدى. ھارۋا شوتىسى سېرىق قوياشلىق ئاسمانغا قاراپ دىڭگىيىپ، تەر سىڭگەن قوشقۇنلار سالۋار دېدى. ھەر قانچە قىلىشسىمۇ ئات جانۋار ئاياغقا تۇرالمىدى، بۇرنىدىنمۇ قان سىزاپ خارتىلدايتتى.

— ئاغىنىلەر، بولدى قىلىڭلار، بوغۇزلىۋېتىڭلار...

ئايۇپ قارىم رېڭگى تۇزۇپ ئاقىرىپ كەتكەن بولغار قىلاپتىن يەڭدەك ئۇزۇن پىچىقنى چىقىرىپ خەنجەرلەپ سانجىلدى، بويلاپ ياتقان تىغدىن ئات يۇلقۇنۇپ كەتتى. ئاندىن كانايىنى توغرىسىغا بوسۇۋەتتى. «شۇرت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جىرقىراپ چىققان قان چۆل توپىسىنى قىزىلىغا بويىدى.

ھېزىم ئاخۇن كۈن تەپتىدىن باغرى قىزىغان تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئاقسۇنىڭ سوغا قانماي پىشىپ كېتىدىغان كۆك تاماكىسىنى بولۇشىغا چەكتى.

ئەسكەر يا ئاق، يا كۆك دېمىدى. بېدە ھەرقايسى ھارۋىلارغا تارقىتىۋېتىلدى. قورۇق ھارۋا روزى بودەكنىڭ ھارۋىسىغا چېتىلدى. روزى بودەكنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

يۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى.

قولا ئات چۆلدە قالدى. ئۇنىڭ كېسىلگەن بويىندىن خامۇتنى ئېلىۋېتىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى. قاتار ئۇزاقلاشقانسېرى كۆك ئاسماندا چۆل قوزغىنى، سالار سۈررەڭ قانىتىنى راسا كېرىپ ئايلانماقتا ئىدى.

2

ھارۋىكەش توپىنى «يېتىمبۇلاق»تا تۈنەتتى. «يېتىمبۇلاق» جامىنىڭ بوسۇغىسى ھەم چۆلدە بىردىنبىر سۇ بار يەر ئىدى. سالقىن غولنى قورۇپ تۇراتتى. سەيدۇل راۋابنىڭ ئۆتۈنۈشى بويىچە ئوت قالاشقا رۇخسەت قىلىندى. سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە كىشىلەر ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قورۇق يۆتەل، پاراڭ، ئاياغ ئاۋازى تىم بېسىلغاندا چۆل ئاجايىپ قۇدرەتلىك سۈكۈناتقا چۆمەتتى. بۇنداق چاغدا ئاتلارنىڭ بېدىنى گىرتىلدىتىپ چايىنىشى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

ئىلياسخان ئۆز ئېتىنىڭ بېدە چايىنىشىنى ئىلغا قىلىش ئۈچۈن قۇلاق سالدى. ئەكسىچە شۇ دەقىقىدە ئۆزىگە تونۇش ساز تەڭشىگەن ئاۋاز ئىشىتىلدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى، ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇشىغا بېدە يەۋاتقان ئاتلار، ھارۋىلار، پۈتكۈل زېمىن ئايلىنىپ كەتتى. بېشىنى تۇتۇپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

ئىلياسخان توپقا قىسىلىپ كىردى. چارساقال، ئورا كۆز بىرەيلەن چوغلانغان گۈلخاننى ئۇزۇن تاياق بىلەن ئېچىپ، يۇلغۇن، كۆك قىياق كۆتەكلىرىنى يېلىنجاپ تۇرغان ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى. ئوتۇن باشتا تۈتەپ كۆك يالقۇن چىقىرىپ كىشىلداپ، ئاندىن مايدەك گۈركىرەپ كۆيگىلى تۇردى.

سەيدۇل بىلەن قادىرنىڭ چېھرىنى قىزىللىق يورۇتۇۋەتتى. چۈچۈمەل ھىدلىق ئىس بىلەن نەشە پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر غولداشقا باشلىدى. سەيدۇل بىلەن قادىر تەڭلا باش لىڭشىتتى. سەيدۇل بوزدۇڭنىڭ ئارچىسىدىن ياسىغان ئەۋرىشىم زەخمەكنى راۋابنىڭ پولات تارىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپ پائوزا بەردى.

قادىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ داپنى بېشىدىن ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قايتارمىسىنى كۈتتى. گۈلخان يالقۇنى داپنىڭ كاپپاك يۈزىدە لوغۇلداپ ئەكسلەندى.

راۋاپ بىردىن سايرىۋەتتى.

قادىر داپنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن پەنجىلەپ، يېرىلغان يوغان قارا بارماقلىرى بىلەن چېكىشكە باشلىدى. ئاقسۇ دىيارىدىن چىققان يۈرەكلەرگە ئارام بەرگۈچى ئۇيغۇر ناخشىسى لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخان ئۈستىدىن - توپ ئىچىدىن ئاي يورۇتۇپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان پايانسىز بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى:

تاۋۇشىڭنى مەن چاقتىم،
تولەپ بېرىمەن ھاۋاگۇل.
بىر چىقىشقا ئۇنىمساڭ،
ئۆلەپ بېرىمەن ھاۋاگۇل.

سەيدۇلنىڭ سۆيۈق چىشلىق ئاغزىدىن چىققان گۈزەل ئاھاڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالدى. ناخشىنىڭ تۈگەنچى ئاھاڭى گويا ئەزىم دەريا ئۆز شاۋقۇنىنى زۇمرەت سۈيى بىلەن بىللە يىراق ساھىللارغا ئېلىپ كەتكەندەك مۇڭلۇق، ئۇلۇغۋار تاماملاندى. قادىر داپ داپنى ئوينىتىپ سوقۇپ نەقىراتىنى كۆتۈردى:

ئۆلەپ بېرىمەن ھاۋاگۇل،
ۋاي گۈزىلىم ھاۋاگۇل.

- ۋاي - ۋاي ھاۋاگۇل، - دەۋەتتى ئەدھەم.

- ئۆلەمەڭ...-دەپ دوست تارتتى ئىلياسخان.

ئايۇپ قارىم مەيدىسىنىڭ ئوت تەپتىدىن بوشاپ كەتكەن كىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ ئىلياسخانغا ئالايدى. ئىلياسخان سەزمىدى. مەدەتلەنگەن سازچىلار ناخشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى:

ئۆگزەڭدە چىنار شاخى،
كەسلەپ قويۇڭ ھاۋاگۇل.
بىز يىراققا كەتكەندە،
ئەسلەپ قويۇڭ ھاۋاگۇل.

ئەسلەپ قويۇڭ ھاۋاگۇل،
يىغلاپ قويۇڭ ھاۋاگۇل.

ساز ئاڭلىسا ئولتۇرالمايدىغانلار ئايلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. راسا ۋايىغا يېتىپ نۇرلانغان گۈلخان يورۇقى ئۇلارنىڭ سىياقىنى مىس رەڭگە كىرگۈزدى. ناگان - ناگاندا ئۈزۈلگەن ئوت پارچىسى سېرىق شايىدەك ئۆرلەپ ھاۋاغا سىڭىپ غايىب بولاتتى. پارسىلداپ ئېتىلغان چوغدىن ئالتۇندەك ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. سورۇن ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى.

بىر چاغدا روزى بودەك گۆشلۈك مەيدىسىگە شاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، يەرنى تېپىپ توزغۇتۇپ ئويناپ ئۇسسۇلنىڭ پەيزىنى قاچۇردى. جاڭ لىيەنجاڭ يېنىدا تۇرغان بىرسىگە ئىككى قوۋۇزىنى كۆپۈرۈپ: «مانۇ بومەيدۇ» دەپ تويتىن چىقىپ نېرى كەتتى.

ئويۇنمۇ ئاياغلاشتى.

كىشىلەر ئاتلىرىنى يوقلىۋېتىپ يېتىشقا تۇتۇندى.

- بۈگۈنكى ئويۇن قىسقىمۇ ئەمەس، ئۇزۇنمۇ ئەمەس، تازا جايىدا بولدى، - دېدى ياقا مەھەللىلىك نىياز خەلپەتنىڭ يالغۇز ئوغلى ھوشۇرجان، - ھاشانىڭ خاپىلىقى ئۇنتۇلۇپ راھەتلىنىپ قالدىم. كېچىمۇ قالتىس ئايدىڭ بولدى. بۇنداق كېچىنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

- بۇ، جانابىي ئاللانىڭ خاسىيىتى، بالام. جانابىي ئاللا بىز بەندىلىرىگە ئاي، كۈن، زېمىن ھەممىنى بەرگەن. گەپ ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشتە. ئەتىگەننىڭكىياقى ھەممىسى چۆلنى تىللاشتى. «چۆل بولمىسا بۇ جاپا يوق ئىدى» دېيىشتى. چۆلدە نېمە گۇناھ؟ سەن خىيالەن قۇلاق سېلىپ قارا، چۆل سەن بىلەن مۇڭدىشالايدۇ، چۆل نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك...

ھوشۇرجان مەتسوپۇمغا قارىدى. زىناقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ساپلانمىغان كەكىدەك ساقىلى دىڭگىيىپ تۇرغان بۇ ئورۇق بوۋاي ئۇنىڭغا سىرلىق كۆرۈندى.

- ئايغا چىققىلى بولسا، بىر چىقىپ كۆرۈپ باقسا، مەتسوپى ئاتا...

بوۋاي ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. روزى بودەك ئىشتان بېغىنى باغلىغاچ سۆزلىدى:

-ۋە... ھوشۇرەك، بايام يولىمىزنى قۇيۇن كېسىپ تۇردى دەيسەن، ئەمدى ئايغا چىقسام دەيسەن. ساراڭنىڭ گېپىنى قىلمىساڭچۇ. ئاي نەدە، بىز نەدە. كاللىسى يوق ساراڭ... مۇشۇنداق ساراڭنى كۆرسەمزە ئىمانىم...

- ئاي دېگەن خۇدانىڭ سارىيى، بۇنداق دەھرى خىيال كۆپۈرلۈق.

ئايۇپ قارىم شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى:

- جۆرسىلە روزەم، بىزمۇ ھارۋىمىزنىڭ قېشىدىراق ياتىلى.

- بىز ئاقسۇلۇقلار دەيۇز، - دېدى مەتسوپۇم، - چېرىك ئېتى بىز توشۇغان چۆپنى يەپ چىپپىۋاتىدۇ. بىز توشۇغان ئوقنى ئېتىۋاتىدۇ.

ھوشۇرجان چۆچۈپ ئىككى يېنىغا قارىدى.

روزى بودەك كېتىۋېتىپ ئايۇپ قارىمغا پىچىرلىدى:

- قارىكا، بۇ ئىلياس دېگەننىڭمۇ بولمىسا تېگى قەشقەرلىك، ماڭا ئوخشاش كىندىكىدىن، قاراپ تۇرۇپ يولدا تارانغا يان بېسىۋاتىدا.

- گەپ قىلما، بۇ پەسەندىنىڭ ئىشى تولا، 10 - 20 يىل ئاۋۋال تۆمۈر خەلپە دېگەن قومۇللۇقنىڭ كەينىگە كىرىپ بېشىغا قىلىچ يېگەن، دېگەن گەپ بار. ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ بېشى ساق ئەمەس، ئىچى - تېشىدىن تۈتىشىپ قالدى. خوجىنىياز دېگەن نېمە باكادىن ئىش تېرىپ قويدى. باش ساقايغاندا ھۆكۈمەت بۇنداق نېمىلىنى تېرىپ جايلايدۇ.

- ئىلاھىم شۇنداق بولسىكەن.

ئەسكەرلەر ئوق بېسىلغان ھارۋىنىڭ قېشىدا تاڭ ئاتقۇچە نۆۋەتلىشىپ جىسەكتە تۇرۇپ، پەۋەس بىر ھارۋا قۇرۇق چۆپنى قالدۇۋەتتى.

3

شەرقتىن بالقىپ چىققان ئاپتاپ چۆلنى قىزغۇچ نۇرغا پۈركىدى. تىنىقىپ سۇغا قانغان ئاتلار سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىلياسخان ھارۋا قوشۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

جاڭ لېيەنجاڭ خېلى نېرىدا ئات تۇتقۇزۇۋاتاتتى. تىنىقتىن ئات ئايلىنىپ تىنچ تۇرماپتىتى. ئىلياسخان جاڭ لېيەنجاڭنىڭ ئېتىغا قاراپ يۇرۇتنى سىيلاپ قويدى.

روزى بودەكنىڭ تالاشقان ئاۋازى هارۋا قوشقاندا بولىدىغان خىلمۇ خىل ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشتى.

- ماقۇل دېدىمغۇ،- دېدى ئەدھەم،- چېرىڭ ئۇنىمايۋاتسا. هارۋىنى يۈرسام ئاچچىقلانغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

- گۇركىرىمە دەيمەن، گۇركىرىمە، هېلى باكا، ئوتتۇرا قولۇمنى...

روزى بودەك قىزىل تىلىنى كالپۇكىدىن مارىلىتىپ بارمىقىغا تۈكۈردى.

بىردەمدىلا ئادەم يىغىلىپ كەتتى.

- ۋە... ئوتتۇرا قولۇمنى، - نىختاپ قويغان ھېسىپتەك بارمىقىنى ئەدھەمنىڭ كۆزىگە تىك تۇتتى روزى بودەك.

ئەدھەمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كۆكەردى. ئۆزىنى بەكمۇ غېرىب هېس قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن جېدەلگە داخىل ئادەملەر توپى بۆرە تەگكەن قويدەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئەدھەم ئاتلىق باستۇرۇپ كىرگەن جاڭ لېيەنجاڭغا قاراپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. روزى بودەك غېيىپدە قىلىپ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن جاڭ لېيەنجاڭنىڭ كۆزى باشقا يەردە ئىدى، ئۇنىڭ پارقىرىغان كۆزى روزى بودەك كىرگەن توپقا قادالدى، ئىش تېخىمۇ چاتاقلاشتى. ئەھۋال ئويلىمىغان يەردىن دەھشەتلىك تۈس ئالدى. هېچكىم تىنىقىنى چىقىرالمىدى. جاڭ لېيەنجاڭ ئاتنىڭ تىزگىنىنى سولغىراق بۇراپ ئىگەردىن سەل كۆتۈرۈلۈپ قىلىچىنى سۇغاردى. تىغى پۇچۇلۇپ كەتكەن رۇس قىلىچى سەھەر قۇياشىدا سوغۇق پارقىرىدى. توپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ روزى بودەك يالغۇز قالدى. ئۇ قارىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ قىزىللىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان يۈزى سۇ يەپ قۇرىغان قەغەزدەك سارغىيىپ كەتتى.

ئات نىشانىنى بايقىغانىدى. بۇنداق سەزگۈ مەيدان كۆرگەن ئاتلاردىلا بولاتتى. روزى بودەك خېلى يەرگىچە قېچىپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇرالغان كۆزلىرى غەزەپ - ئەلەم، پۇشايمان ۋە يېلىنىشتىن ئالىيىپ كەتكەنىدى. بىراق بۇ نادامەت تولغان هاياتلىق كۆرۈنۈشى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. جاڭ لېيەنجاڭ ئاتنى قاتتىق يۈرۈشتىن چېپىشقا سالدى. قىلىچ ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە جىرەن ئات روزى بودەكنى يانداپ قىيپاشلىدى. چىرقىرىغان ئاۋاز بەجايىكى دۈملەپ قويغاندەك يوقاپ كەتتى. دائىرە سىزاپ هاۋادا قايتا توختىغان تىغدىكى قاننى هەممىسى ئېنىق كۆردى. جاڭ لېيەنجاڭ ئېتىنى ئايلاندۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈپ، روزى بودەكنىڭ ئۇششاق تاشلارنى غىجىملىغان ئاق قولىغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ، قىلىچىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سۈرتۈپ غىلاپىغا سالدى. قىزىپ قالغان ئات ئېغىزدۇرۇق چايناپ يەر تارپىپ تۇرمايتتى.

جاڭ لېيەنجاڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئات قويۇشقا تەييار تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ روزى بودەكنى ئىما قىلىپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن مېڭىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ بۇنىڭغا ئىزاھمۇ بەرمىدى. هېچكىم ئىزاھمۇ تەلەپ قىلمىدى. ئېسىنى يىغقان خالايىق ئەدھەمگە سالقىن قاراپ تارقاشتى.

- رەھمەتلىك ئاقسۇنىڭ نېنىنى يېگەن بىلەن، تولا گەپ قىلىدىغان سۇيۇقراق بالىدى... ھەي...

قادىر داپ گەپكە قۇلاق سالماي نېرى كەتتى. ئىلياسخان تۇرغان ئورنىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قېلىپ، بوغۇزىدىكى تۈزلۈق تۈكۈرۈكنى ھەسرەت ئىچىدە يۇتۇۋېتىپ، هارۋا تەرەپكە ماڭدى.

ئەدھەم كۈچ قاچقان بەدىنىنى مۇزلاپ كەتكەندەك هېس قىلدى. كۆز ئالدىدىكى پايانى يوق زېمىن يېنىك قايدى. پېشانىسىدىن سوغۇق تەر يۈزغىدى. قولىدىكى قامچىسىنى يەرگە تاشلاپ پۈتىسىنىمۇ يېشۋەتتى. تۈگمىسىز، تاشلانمىغان تېرە كەمزۇل ئىچىدىكى كۆڭلىكىگە قاراپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئاندىن يېنىنى سىيلىدى... باشتا جاھان ھەسسىلەپ يورۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ هارۋا قاتارى، ئادەملەر خۇددى تانىسى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك كۆزىدىن چۈشۈپ قالدى، ئاندىن جاھان قاراڭغۇلۇققا پاتتى.

......

ئۇزۇنتۇرا بىرى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

- ياللا، بۇ ئەدھەمغۇ!

- بۇ نېجىس ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

- مەنمۇ هارۋا تەرەپكە... بىرى گۇپلا قىلدى، ھەي... نەق جايىغا... يۈرەككە...

ئەدھەم كۆزىنى كۆككە تىكىپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئاغزىدىن سىرغىغان قان قۇلاق ئىچى ۋە بويىنىغا يول تارتقانىدى.

ئىلياسخان ئەدھەمنىڭ كۆكرىكىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ، چىت ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋەتتى. يەردە دومىلاپ ياتقان مالخىيىنى يۈزىگە يېپىپ قويدى. ئۇ، جەسەتنى هالقىدەك ئوراپ ئالغان كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ جاڭ لېيەنجاڭغا ئېيتتى:

- بۇنى ئۆلۈم شۇ سۈرەتلىك ئەجەلگە چىللىدى... ئىشەنمەسلىككە چارە يوق. بىزگە ۋاقىت بەر، بۇرادەرلىرىمىزنى دەپنە قىلىمىز.

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچراشتى.

ناماز چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن هارۋىكەشلەر ئەدھەم بىلەن روزىنىڭ ئۈستىگە بېدە تاشلاپ، ھەر ئىككىسىنى ئۆزلىرى يېقىلغان يەرگە دەپنە قىلدى ۋە ئۈستىگە تاش باستۇرۇپ قويدى.

ئەدھەمنىڭ نامىزىغا ئايۇپ قارىم، جاپپار ئاخۇن، سەمەت ياغاچچى قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم قاتناشمىدى. قىسقا ھەم ئېنىق قىلىپ: «بۇنىڭغا ناماز كەلمەيدۇ» دېيىشتى ئۇلار. ئۇلار هېزىم ئاخۇنغىمۇ قاتناشماسلىق توغرىسىدا گەپ قىلىپ تەشۋىقات يۈرگۈزۈۋىدى، ئۇ قەتئىي رەت قىلدى.

هارۋىكەشلەر توپى بىر دەڭنىڭ ئالدىدا توختىدى. چاڭدىن دىمىقى ئىچىشقان هارۋا ئاتلىرى بۇرۇنلىرىنى ئۆمچەيتىپ سوزۇپ پىشقىراتتى. ئۆپراپ كەپشىيىپ كەتكەن قوڭۇر تۇياقلىرى بىلەن قورساقلىرىغا چاپلاشقان كۆكۈيۈننى قورۇيتتى. سۇ بويىدىكى قىرى سىبدىنىڭ سايىسىدا يارىدار ئەسكەرلەر ئىڭرايتتى. قاق ئاپتاپتا ئىگەر - توقۇملىرى قانغا مىلەنگەن ئون نەچچە ئات ئاچلىقتىن ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ قىبقىر يەرنىڭ ئاق شورلۇق توپىسىنى پۇراپ قوياتتى. هارۋىلاردىكى كۆك بىدىنىڭ هىدىنى ئالغان بىر چەبدەر ئات بوينىنى سوزۇپ كىشنىۋەتتى. ئاتنىڭ كىشنىشى يىلى قاچقان نو سونايىنىڭ ئاۋازىدەك بوغۇق ۋە ئاجىز ئىدى.

- بىزنى دەڭنىڭ تېمىغا قاپسىۋېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

-ئاۋۇ سۇدا يۈزىمىزنى يۇيۇپ، تەشنالىقىمىزنى قاندۇرساق نېمە بولار، ياخۇدا.

ئىلياسخان بۇرۇلۇپ يېنىغا قارىدى. گەپ قىلغان چار ساقال كىشىنىڭ گولخانغا ئوتۇن تاشلىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى.

- ئامانلىق تىلە جاپپار ئاكا، ئامانلىق، - دېدى سەيدۇل زاۋاب تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى ئېرتىپ.

- خوجىنىياز هاجىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى بىزدىن ئالىدۇ، دېمەكچىمۇ سەن؟ ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر؟

جاپپار ئاخۇن سەيدۇلدىن گەپ كۈتكەن ئورا كۆزىنى چۆككەن تۆگىنىڭ كۆزىدەك بۇراپ ئۆزلىرىنى قاپساپ تۇرغان قاراۋۇللارغا يۆتكىدى. ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن جىسەكچى ئەسكەرلەرنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قاراۋۇللاردىن باشقايەنە بىر گورۇپپا ئەسكەر تەرتىپلىك تىزىلىپ كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئازراق سوسلۇق قىلغانلارنى مىلتىقنىڭ پايىنىكى، قىلىچنىڭ قىرى بىلەن ئايىماي سېلىپ توپنى چاسلىدى.

جاپپار ئاخۇن يېرىلغان بېشىنى تۇتۇپ، توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا قىزىل رەڭ تۆكۈۋالغان بوياقچىدەك تۇراتتى. بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدا تېخىچە: «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېگەن خىيال ئايلىناتتى.

قورشاپ تۇرغان ئەسكەر ئوتتۇزمۇ - قىرىقمۇ؟ بۇنى هېچكىم ساناپ كۆرگەن يوق. كۆڭۈلنى زەهەردەك تىت - تىتچىلىقتا سالىدىغان ئىسسىق دىمىقمۇ ئۇنتۇلغانىدى. قورقۇنچتىن، ئۆلۈم دەهشىتىدىن تاتارغان يۈزلەر سويۇش ئۈچۈن قاشاغا قامالغان قويدەك جىم ئىدى. بايىقى ئۆرە - تۆپىدىن كېيىن ئىلياسخان بىلەن ئايۇپ قارىم بىر يەردە بولۇپ قالغانىدى. ئايۇپ قارىمنىڭ يۈزىدىن قان قاچقان بىلەن كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈچقۇن يېلىنجاپ تۇراتتى.

ئىلياسخان ئۆز يۈرىكىنى بوغۇزىدا سوقۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئايۇپ قارىمنىڭ هالىتىنى غۇۋا پەملىدى. بىر سۈكۈنات، ئۆزگىچە مۇهىتنى ئۇنتۇپ، كەڭ قونچلىق كۆن ئۆتۈكىنىڭ ئىچىدە تۇرغان پۇتىنىڭ هوشۇقىغا بىر نەرسىنىڭ سانجىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىت ياغلىقىغا ئوراپ سېلىۋالغان ئەدەمنىڭ پىچىقى ئىكەنلىكىنى ئەستە ئىسگەئالدى. شۇ تاپتا ئېگىشىپ ئېلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بەرىبىر جۇدا بولىدىغان جانغا ئارام بەرمەيمۇ ئامال يوق.

شۇ ئەسنادا ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى.

- ياڭ چىڭمىن!

قورالسىز، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەن، ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇرغان جاڭ لىيەنجاڭ هاشا توپىغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئىككى قولىنى كېرىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

- ياڭ چىڭمىن!

«ئوت - چۆپنى ۋە ئوق - دورىنى كېچىكىپ يەتكۈزدى، هاشاغا يۇمشاق بولدى» دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان جاڭ لىيەنجاڭ ئۆز تەقدىرىنى ئويلاشماي ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ كىشىلەرنى هىمايە قىلىۋاتاتتى. هەر كىم گەپنى ئۇقمىسىمۇ، بۇنى يۈرىكى بىلەن هېس قىلدى.

بىر چەتتە غۇدۇيۇپ تۇرغان خامۇش چىراي، زەهەر كۆزلۈك ياڭ چىڭمىن چاڭچىلىكەشلەردەك ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ جاڭ لىيەنجاڭنى كۆرسىتىپ قىقاس سالدى. قاپساقتىكى ئەسكەرلەردىن بىر نەچچىسى ئايرىلىپ چىقىپ، جاڭ لىيەنجاڭنى قورشاپ كەلگەن پاترونلارغا هەمكارلىشىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى. بىر قەپەس ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، مىلتىق پايىنىكى جاڭ لىيەنجاڭنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئېرىراقتىن چىققان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ جاڭ لىيەنجاڭنىڭ چۇقىنى تىمتاس بېسىلدى.

هايات قېلىش ئۈمىدى ئىچىدە تەلپۈنگەن كۆزلەرنى يەنە تۇمان قاپلىدى. كۈن نۇرىدا جۇۋرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ تەشنالىق قوزغاتقۇچ جەزبىسى، ئىسسىقتا چىدىمىغان ئاتلارنىڭ هارۋىنى خالىغان تەرەپكە تارتىشىدىن هاسىل بولغان تىنچسىزلىق، قىرى سىبدە تۆۋىدە كۆپىيىۋاتقان يارىدارلار، ياياق ياكى ئاتلىق ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ئەسكەرلەر... قىسقىسى، ئۇشبۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ ئېگىدىن تاشقىرى ئىدى. «...تۈگىدى... ئۆلۈپ كېتىمىز» دېگەن بىرلا ۋەهىمە ئۇلارنى مەهكەم چىرمىۋالغان. ئات هارۋىسىنىڭ قايغۇسىنى قىلىش، خوتۇن - باللىرىنىڭ چىرايىنى، ئاتا - ئانىسىنى دەم سۈكۈناتلىق ياد ئېتىشتىن كېيىنلا يەنىلا شۇ دەهشەتلىك خىيال بېشىغا كىرىۋالاتتى.

يىگىرمىدەك مىلتىقنىڭ مۇدهىش قاراڭغۇ ئېغىزى توپقا توغرىلاندى. «قارس - قۇرس» قىلىپ مىلتىق زاتۋورىنى ئاچقان ئاۋاز يەر تېگىدىن چىققاندەك سۇس، لېكىن سۈرلۈك ئاڭلاندى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئايۇپ قارىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بەردەم تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى. ئۇ، خۇددى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تونۇش ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك قويىندىن گۇۋاهنامىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆك تاشلىق دەپتەرچاقنى چىقىرىپ:

- ياڭ چىڭمىن تەنجاڭ، تەنجاڭ دارىن... - دەۋەتتى.

بۇ ۋارقىراشقىمۇ، چاقىرىشقىمۇ ئوخشىمايتتى. كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى مەهلىيا قىلىدىغان تەسىرلىك ئۆتۈنۈشكە ئوخشايتتى. يۈپۈرۈلغان ئۆلۈمدىن

ئەقلى خىرەلەشكەن كىشىلەرمۇ بۇنى ئېنىق سەزدى.

ياڭ چىڭمىن تۇەنجاڭنىڭ كۆزى گۈۋاھنامىغا قادىلىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن قولى بىلەن: «توختا» دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئايۇپ قارىم يورغىلاپ كېلىپ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن گۈۋاھنامىنى رەسمىي قائىدە - يوسۇن بويىچە چاي سۇنغاندەك ياڭ چىڭمىنغا سۇندى.

- يېقىدا ھۆكۈمەتنىڭ پىنھان ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى يۇقراسى. تالاي تۈزكور مۇناپىقلارنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ بەرگەن. مېنى. . . - دېدى.

ياڭ چىڭمىن ئۇنىڭ كېيىنگە قىلچە ئېتىبار قىلماي ئىككى خىل يېزىقتىكى گۈۋاھنامىغا زەڭ قويۇپ قاراپ بىردىن «پى» (كۆتۈر ئۇنداق نېمىگىنى دېمەكچى - ئا) دەپ ئېتىۋەتتى. ئايۇپ قارىمنىڭ چىرايى رەندىلەنگەن تاختايدەك ئاقىرىپ كەتتى. باش ھەم يۈزىنىڭ كۆيۈشكەندەك بىر سىزىمى «ۋىڭ» قىلىپ پۈتۈن بەدىنىگە تارىدى.

ياڭ چىڭمىن قىلىچىنى يېرىم چىقىرىپ دېۋەيلىدى. ئايۇپ قارىم ئىزادىن مەڭدەپ ئۆزۈنىراق تۇرۇپ قالغانىدى، شۇ ئەسنادىلا ئالجىپ تىلىدىن قالدىمۇ ئىشقىلىپ ئۇ: «ئا. . ئىي. . ئى. . . » دېگەندەك ئىنجىقلاپ كەينىچىلەپ توپقا قېتىلدىيۇ، لېكىن قۇمساڭغۇ توپىغا ھۆركۈشتىن پۇتلاشقان ھايۋاندەك يىقىلدى. ئېچىلغان ئاغزىدىن ئۆزۈلۈپ چۈشكەن قان توپىدا قارىيىپ سىڭىپ كەتتى.

ئىلياسخاننىڭ كۆكرىكى بىر چۈشۈپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قولىدىكى ئەدھەمنىڭ خام تۆمۈردىن سوقتۇرغان پىچىقىنىڭ تىغى بايىقى زەربىدىن قېيىپ قالغانىدى. تىغدىكى قان ساقىغانسېرى پىچاق دەستىسى قولدا مۇزغۇپ تۇرمايۋاتاتتى. پىچاقتىن سىرغىغان پىيالە چوڭلۇقىدىكى قىزىل پەردىلىك مازغاپ ھاۋادا دەم لەيلەپ، ئايۇپ قارىمنىڭ دىرىلداپ تۇرغان تېنىگە چۈشتى - دە، ئۆچتى.

- سېنى ئىتچىلىك كۆردىمۇ؟ ھوي مۇناپىق ھارامتاماق . . . ئاناڭنى!

ئىلياسخاننىڭ ئەلەمدىن ئالايغان كۆزىدە سوغۇق نۇر چاقنايتتى. ساڭگىلاپ قالغان بۇرۇتى تىترەپ تۇرغان لېغىزىنى توسۇپ تۇراتتى. ياڭ چىڭمىنغا گەپ قىلماقچى بولۇپ، پىچاقنى شىلتىپ توختاپ قالدى.

ئۇ، تۇرۇپلا مەقسەتسىز تىكىلىپ سەنتىرەكلىدى. كەسكىن كوماندا ئاۋازى بېرىلىش بىلەن تەڭ ئوقلارنىڭ گۈمۈلدىگەن ئاۋازى ئىچىدە ئىنسان يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نىدا چۇقىنى كۆتۈرۈلدى. ئۇچقان ئوقلار ئەڭ باشتا ئىلياسخاننى، مەتسوپۇمنى، ھوشۇرجاننى يىقىتتى. ئىلياسخان پىچاقنى تۇتقان پېتى جان بەردى. دەڭنىڭ كەپتەر مايىقلاپ ئاقارتىۋەتكەن ئېگىز سوقما تېمىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ، داد - پەريات كۆتۈرۈپ ئىككى تەرەپكە قاچقانلارنى چىبىنكلەر قىلىچلاپ يەنە بايىقى يەرگە توپلاپ تۇرۇپ ئېتىۋەتتى.

شۇ كۈنى نامازشامدا ياڭ چىڭمىن بۇيرۇق بويىچە ئەسكەرلىرىنى جەڭدىن قايتۇرۇپ، چىقىۋاتقان بورانغا قارىماي قەشقەرگە چېكىندى. «چېرىك كەتتى» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن مۆكۈنگەن يېرىدىن قايتقان جام ئاھالىسى ئىچىدىكى بىر نەچچە ھەممەتلىك قېرىلار مەھەللىنىڭ ياش يىگىتلىرىگە داپخون تاغلىرىنىڭ ئارچىسىدىن ئالدۇرۇپ، ئىسرىق سېلىپ دەڭنىڭ ھاۋاسىنى ساپلاپ، ئاندىن جەسەتلەرنىڭ دىمىقىنى ئىسرىقتا ئېلىپ، بويىدىن ئىسرىق ئۆرۈپ، يېشىل ئارچا يوپۇرمىقىنى چىشلىتىپ كۆمۈپ قويدى.

ھاشاچىلار ئىچىشكە نېسىپ بولمىغان جامنىڭ سۈيى يەنىلا جۇۋرلاپ ئاقماقتا ئىدى. قېرى سېدە يەنىلا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى

(M1)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولالمىغانلارغا تولۇقلاپ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولالمىغانلار ياكى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ مۇشتىرى بولۇشى، توپ ۋە پارچە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر سانىنىڭ باھاسى 3 يۈەن، يېرىم يىللىقى 9 يۈەن، يىللىقى 18 يۈەن. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - نومۇرلۇق قورۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدە) دا. تېلېفون نومۇرى: 2823622. ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

پوچتىدىن ئەۋەتىش تەننەرخى قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ھاجەتمەنلەرگە تەھرىر بۆلۈمىمىز خەت ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، پوچتىدىن پارچە ژۇرنال ئەۋەتىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى سورايمىز.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

# يولنى ئىزدەنگۈچىلەر ئاچىدۇ



**- يازغۇچى مۇھەممەت باغراش بىلەن سۆھبەت**

**ئەنۋەر ئابدۇرەھىم**

- سىزدىكى ئەدەبىي ھەۋەس نەدىن كەلگەن؟

- بۇنى ماڭا ئاتا - ئانام، مېنى باغاشلاپ چوڭ قىلغان ئانا دەريا، ئانا كۆل، مېنى ناخشا بىلەن ئۆستۈرگەن سالچى ۋە بېلىقچىلار بەردى.

- بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

- مەن 1952 - يىلى قايدۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارا شەھەر ناھىيىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قارا شەھەردىن ئايرىلغۇچە مۇشۇ ئانا دەريانىڭ سۈيىگە چۆمۈلدۈم، قىرغاقلىرىدىكى قۇمىغا كۆمۈلدۈم.

دەريا بويىدىكى.يېشىل ئورمان بىزنىڭ ھەم باغچىمىز، ھەم يايلىقىمىز ئىدى. مەھەللىدىكى باللار ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، بىر - ئىككىدىن قويلىرىمىزنى ھەيدىشىپ، ئورمانلىققا كىرەتتۇق ۋە بىر يەرگە يىغىلىشىپ ناخشا، ھېكايە - چۆچەك، لەتىپە ئېيتىشاتتۇق. بىز گاھى كېچىلىرى دەريا بويىدا سالچى - بېلىقچىلارنىڭ گۈلخانلىرى يېنىدا تۈن تەڭگىچە ئولتۇراتتۇق. سالچى - بېلىقچىلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، مۇڭلۇق ناخشىلىرى، قىزىقارلىق چۆچەك - رىۋايەتلىرى بىزنى تەگسىز - سىرلىق دۇنيا قوينىغا باشلاپ كېتەتتى. سالچى - بېلىقچىلار سۆزلەپ بەرگەن ئاسمانپەلەك تاغلار، ھەيۋەتلىك شارقىراتمىلار، ئوقتەك تېز ئاقىدىغان ئېقىنلار، غايەت زور سالنى سۆرەپ كىرىپ كېتىدىغان شىددەتلىك، تۈۋى يوق قايناملار، باغراش كۆلىدىكى كۆچۈپ يۈرىدىغان سىرلىق ئاراللار ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر گۆدەك قەلبىمدە ئۇمۇرۋايەت ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى.

ئاتام رەھمىتى ياشلىقىدىن تارتىپ هارۋا ھەيدەپ ئۈچىتى قۇمئاتا (دۇنخۇاڭ - ساجۇ) دىن بۇ چېتى ئەنجانغىچە بارغان، كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزى كۆرگەن - ئاڭلىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر، چوڭ شەھەرلەر ۋە ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەر توغرىسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا ۋۇجۇدۇم تىترەپ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ ئۇزاق ئۆتمۈش، ئاجايىپ كەڭرى دۇنيا ئايان بولاتتى.

ئاپام قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى بىزگە ئاجايىپ قىزىقارلىق چۆچەك - رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىپلا قالماي، «تاھىر - زۆھرە»، «چىنتۆمۈر باتۇر» قاتارلىق داستان - چۆچەكلەردىكى بېيىت - قوشاقلارنىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق، مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ بېرەتتى. ئاپام ماقال - تەمسىللەرگە، يۇمۇرلۇق سۆزلەشكە ئۇستا ئىدى. مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىمنىڭ تىلىغا ئىشلىگەندە، ئائىلەمنىڭ ئاشۇنداق تىل مۇھىتىنى، ئاتا - ئانامنىڭ ئاشۇنداق تىل سەنئىتىنى ئاساسي ئۆلچەم قىلدىم.

«ئاتىلار سۆزى - ھەقىقەتنىڭ ئۆزى» دەيدىكەن چوڭلار. ياشىنىپ قالغىنىغا ۋە سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، هاياتىنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىدا قان - تەر تۆكۈش ھېسابىغا بەش بالىسىنى ئوقۇشقا بېرىپ، بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئاتا- ئانامنىڭ «ياخشى ئوقۇڭلار»، «بىلىملىك ئادەم بولۇڭلار» دېگەن سۆزلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىنىڭ سىرلىرى كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى ئېچىلىشقا باشلىدى. مەن ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇيالىغۇدەك بولغاندىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتتىم. مېنىڭ بىر

كۆڭۈللۈك ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق كىتاب ئوقۇش ئىدى. مەن مەكتەپكە بارغۇچە ۋە يانغۇچە يول بويى كىتاب ئوقۇپ ماڭاتتىم. دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدىمۇ قولۇمدىن كىتاب چۈشمەيتتى. تەڭتۇشلىرىمنىڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرى ۋە چۇقان - سۈرەنلىرى مېنى قىزىقتۇرالمايتتى. مەن يەكشەنبە كۈنىمۇ، ئائىلىدىكى ئۆزۈمگە تەۋە ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئويۇنۇمنىمۇ ئويناستىن ئۇدۇل ناھىيىلىك قىرائەتخانىغا چاپاتتىم. ئەل - جامائەت ئىچىدە مەن ھەققىدە گەپ بولۇپ، بىراۋلار: «ئوسمان ئۇستىنىڭ قايسى ئوغلى؟» دەپ سوراشسا، مېنى تونۇيدىغان، ئەمما ئىسمىمنى بىلمەيدىغانلار ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرماستىنلا: «ھېلىقى ئۆزىدىن يوغان كىتاب كۆتۈرۈۋالىدىغان ئوغلىدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ يىللىرى مەن ئۆزۈم ئېرىشەلىگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم.

مەن كىتاب ئوقۇشقا پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن كىرىشكەندىن كېيىن كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر بۈيۈك دۇنيا نامايان بولدى، كۆزۈم بىردىنلا نۇرلىنىپ، دىلىم روشەنلىشىپ كەتتى. مەن ھايات، كىشىلىك دۇنيا، جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى خىيال، تەسەۋۋۇر، ئارزۇ ھەم ئىزدىنىشلەرنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قىينىلىشنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىدىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەندە بىر خىل تەسەۋۋۇر قوزغۇلاتتى، تەپەككۇر كۈچى يېتىلگىلى تۇردى. مەن ئۆز ئەتراپىمدىكى مۇھىتقا، ئادەملەرگە، سادىر بولۇۋاتقان تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغان بولدۇم... كۈنلەر ئۆتتى. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىندىم. تېخنىكومدا بىر يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئارتىسلىققا تاللىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىدىم. كېيىن سەنئەتچىلىكتىن شوپۇرلۇققا ئالماشتىم. ياشاش مۇھىتىممۇ ئۆزگەردى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە جاپالىق ئىدى، لېكىن مەن كىتاب ئوقۇش ئادىتىمنى زادىلا ئۆزگەرتمىدىم. خىزمەت شارائىتى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقى مېنىڭ كىتابقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمنى سۇسلاشتۇرالمىدى. مەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇماقچى بولغان كىتابلىرىمنى كابىنكىغا سېلىۋالاتتىم. ئاندىن يول ئۈستىدىكى قىسقا توختاشلاردا، ھەر قايسى بېكەتلەردە قونغاندا، ھەتتا يۈك ساقلاش، يۈك بېسىش، يۈك چۈشۈرۈش ئارىلىقىدىكى بىردەملىك - قىسقا ۋاقىتلاردىمۇ قولۇمدىن كىتاب چۈشمەيتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەندىكى ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش بېسىپ بولمايدىغان بىر خىل ھەۋەس - ئىشتىياققا ئايلاندى. ئۆز ئەتراپىمدىكى ھادىسىلەرگە، ئادەملەرگە ئۇزۇن ۋاقىت كىتاب ئوقۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل بەدىئىي كۆز، ئەدەبىيات نەزىرى بىلەن قاراشنى ئۆگەندىم. پەقەت شۇ چاغدىلا تۇرمۇشنىڭ ئۈمىد ئۆزگۈسىز دەرىجىدە گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ھايات سەھنىسىدە ئۆزىگە خاس رول ئېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن رەڭگارەڭ، ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھايات قاينىمى ئىچىدە بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىت دائىرىسىدە ئۆزىگە خاس بىر قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، قانداق ياشاش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ تۈپكى ئىشتا ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بىر خىل ھايات قارىشىغا، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، كۆپ سانلىق كىشىلەردە دەۋر ئادەملىرىگە خاس بىر خىل ئورتاقلىق - ھاياتنى، گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، ياخشىلىقنى قەدىرلەش، قەبىھلىك - رەزىللىككە ئورتاق نەپرەتلىنىش، ھاياتنى، جەمئىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تەلپۈنۈشتەك ئوخشاشلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ خىل گۈزەل ئارزۇ، يۈكسەك ئىدىيە ۋە غايە بىرلىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ھاياتنى بۇ خىل بايقاش قەلبىمنى لەرزىگە سالدى، مېنى ھايات ھەققىدە، ئادەملەر ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلاشقا، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا، ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ئېلىپ كەلدى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر مېنى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتتى. مەندە ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى، ئۈمىدى، قايغۇسى، خۇشاللىقى ھەققىدە ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكى؛ ھاياتتىكى كىشى سۆيۈپ قانمايدىغان گۈزەللىكنى، قانچە ئۇلۇغلىسا ئەرزىيدىغان ياخشى كىشىلەرنى، ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە نىيەتلىرىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى جەمئىيەتتە ئىنكاس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى، ھاياتنى، گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى چىن قەلبىدىن سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە ئۈندەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. مەن مانا مۇشۇنداق تىلەك بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدا، ئۆزۈمنىڭ تىلىدا، ئۆزۈم ياقتۇرغان ئاھاڭدا ئۆزۈم بىلىدىغان ناخشىنى توۋلاش قارارىغا كەلدىم ۋە شۇ ئۈمىدتە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

— سىزنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «سەپداش» ناملىق ھېكايىڭىز 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ئېسىمدە. مەن سىزنىڭ مۇشۇ ھېكايىڭىزنى ئوقۇغان چېغىمدىلا سىزدە بەدىئىي دىت بارلىقىنى سەزگەنىدىم. ئاڭلىسام، بۇ سىزنىڭ تۇنجى ھېكايىڭىز ئىكەن. مۇشۇ ھېكايىڭىزنىڭ قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— 1979 - يىلى يازدا بىزنىڭ شىركەتكە شىزاڭغا يۈك توشۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۈشكۈل ۋەزىپە چۈشتى. بۇ سەپەر جەريانىدا مەن دوستلۇق، ئىشەنچ، يولداشلىق، قىسقىسى، ئادىمىيلىكنى - گۈزەل ئىنسانىي خىسلەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئاز - تولا چۈشەنگەندەك بولدۇم. «سەپداش» دېگەن ھېكايەم ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق تىترەك ئىچىدە دۇنياغا كەلدى.

— سىز 1986 - يىلدىن بۇيان ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىۋاتىسىز. «مەن - ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «ئاقساق بوغا»، «تۆت قۇلاق» قاتارلىق ئەسەرلىرىڭىز بۇنىڭ جانلىق دەلىلى، لېكىن بۇ ئەسەرلىرىڭىز توغرىسىدىكى

ئىنكاسلار ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر بۇ ئەسەرلىرىڭىزنى سىزنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىڭىزنىڭ ئالامىتى دېسە، بەزىلەر ئۇنى سىزنىڭ چېكىنگەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارىدى. ھەتتا سىزنى مودېرنىزمچىلارنى قارىغۇلارچە دورىدى، دېگۈچىلەرمۇ بولدى. سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىڭىز قانداق؟ سىز رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمغا قانداق قارايسىز؟ «مەن ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «ئاقساق بۇغا»، «تۆت قۇلاق» قاتارلىق ئەسەرلىرىڭىز قانداق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان؟

ـ توغرا، سىز ئېيتقاندەك مەن 1986 ـ يىلىدىن بۇيان ئىجادىيەت ئۇسلۇبۇمغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۈم. بۇ، زۆرۈر ئىدى. مەن بۇ يولۇمدىن ھەرگىز قايتمايمەن. بۇ يولدىن قايتىش مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك چېكىنىشتۇر. چۈنكى مەن بۇ پەللىگە ناھايىتى تەستە، نۇرغۇن ئازابلىق ئىزدىنىشلەر بىلەن يېتىۋاتىمەن. مەن بۇ جەھەتتە ئەجرىمگە تۇشلۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. مېنى قانداقتۇر «مودېرنىزمچىلارنى قارىغۇلارچە دورىدى» دېيىش ـ ئۇلارنىڭ مودېرنىزم توغرىسىدا ئەقەللىي ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس! ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ھەققىدە مەمەدانلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!

مەن شۇنى ئېنىق قىلىپ جاكارلاشنى خالايمەنكى، مەن تەلتۆكۈس رېئالىزمچى يازغۇچى! مەن ساپ مودېرنىزمنى تەشەببۇس قىلمايمەن، چۈنكى ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا، بولۇپمۇ ئەخلاقىي ھەم ئېستېتىك ئۆلچىمىگە، مىللىي روھنىڭ نېگىزى ھېسابلىنىدىغان قىممەت قارىشىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مودېرنىزمچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە دۇنيا قاراشلار، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت تەشەببۇسى، ۋەھاكازالار بىلەن بىزنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ قاتلىمىمىز، دۇنيا قارىشىمىز ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۆزۈم بولسام ئېتىقادلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسىمەن! مودېرنىستىك ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. پەقەت رېئالىزملا ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىردىنبىر مېڭىش يولى، جۈملىدىن مېنىڭمۇ بىردىنبىر ئىجادىيەت يولۇمدۇر!

لېكىن مەن شۇنداق قارايمەنكى، رېئالىزم ھېچقاچان قېتىپ قالغان، كامالەتكە يەتكەن، تەرەققىي قىلىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئەمەس. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئۆلۈۋاتقان بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بولۇپ قالغان بولاتتى. مېنىڭچە، رېئالىزم مەڭگۈ تەرەققىي قىلىش، راۋاجلىنىش، ئۆسۈش ۋە گۈللىنىش ئۈستىدىكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇ ئېچىش روھىغا ئىگە ئىجادكارلارنىڭ ئىزدىنىشىگە، قېزىشىغا ھەم بېيىتىشىغا موھتاج، ئۇ ھەتتا مودېرنىزمنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىنى قوبۇل قىلىشنى، ئۆزلەشتۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇلا ئەمەس، بەلكى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ، يازغۇچىنىڭ ۋە ئۇ ياراتقان قەھرىماننىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى مەۋجۇتلۇق قىممىتى بىلەن بىللە ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ رېئاللىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ، كۆندىلىك رېئاللىقنىلا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدىكى رېئاللىقنى، يۈكسەك ئېستېتىك غايە پەللىسىدىكى رېئاللىقنى، تارىخىي قانۇنىيەت يۈكسەكلىكىدىكى رېئاللىقنى، سېھرىي مۆھتەت ئىچىدىكى رېئاللىقنى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن رېئاللىقنى، قاتمال، بىر خىللىشىپ قالغان، ئادەت خاراكتېرىدىكى نەزەر ۋە تەجرىبىدىن ھالقىپ كەتكەن رېئاللىقنى، تۇرمۇش ئېتىقادى قاتلىمىدىكى رېئاللىقنى، سۇبيېكتىپ زامان ۋە ماكان قارىشىنى، ھېس، سەزگۈ پائالىيىتى قاتارلىقلارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىپادىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا رېئالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىز ئۈمىد قىلغان جۇشقۇنلۇققا، رەڭدارلىققا، كۆپ قاتلاملىققا، كۆپ قىرلىققا، قىسقىسى، چەكسىز تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولىدۇ! مەن جەمئىيىتىمىزدىكى، بىزنىڭ ئۆپچۆرىمىزدىكى رېئال ئادەملەرنى، رېئال تۇرمۇشنى يېزىۋاتىمەن. بۇ نۇقتىدا مەن تەلتۆكۈس رېئالىزمچىمەن، لېكىن مەن بۇ ئادەم ۋە رېئاللىقنى يۇقىرىدا سىزگە ئېيتىپ ئۆتكەن ئىجادىيەت تەشەببۇسۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىۋاتىمەن. بۇ نۇقتىدا مەن يېڭى رېئالىزمچىمەن. مۇبادا مېنىڭ 1985 ـ، 1986 ـ يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ تەۋەلىكىنى كەسكىن ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇلار سېھرىي رېئالىزم تەۋەلىكىگە ياتىدۇ. ھالبۇكى، سېھرىي رېئالىزم ھەرگىزمۇ «مودېرنىزم» ئەمەس، پەقەت مودېرنىزمنىڭ پايدىلىق ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى كۈچەيتكەن، بېيىتقان رېئالىزمدۇر.

ـ سىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «سېھرىي رېئالىزم» لىق ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى تۇنجى بولۇپ قوللانغان ۋە بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشقان يازغۇچىسىز. سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىڭىز بىر قەدەر چوڭقۇر، تەربىيىلىنىشىڭىز بىر قەدەر مۇكەممەل ھەمدە بۇ جەھەتتە پىششىق تەجرىبىگە ئىگىسىز. ھازىر بەزىلەر: «مودېرنىزم بىلەن سېھرىي رېئالىزم بىر نەرسە» دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ جەھەتتە ئېنىق چۈشەنچە يوق. سىزنىڭچە مۇشۇنداق قاراش توغرىمۇ؟ راستىنلا بۇ ئىككىسى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىمۇ؟ چۈشەنچە بەرسىڭىز. بەزى قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش راستىنلا بەك زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ـ مەن 1983 ـ يىلى لاتىن ئامېرىكىسى سېھرىي رېئالىزمى بىلەن ئۇچراشتىم. شۇ يىلى ئىچكىرىدىكى بىر قېتىملىق ئەدەبىي سىمنارىيىدە «بىر ئەسىر تەنھالىق» دېگەن روماننىڭ خەنزۇچىسىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە «جىن بىلەن ئادەملەر ئارىسىدا»، «قوناق ئادەم» قاتارلىق رومان ـ پوۋېستلارنى ۋە كۆپلىگەن ھېكايىلەرنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە بىردىنلا قىزىقىپ قالدىم. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى نېمىشقىدۇر ماڭا يېقىپ قالدى. مەن ئاشۇ ئەسەرلەردىكى رەڭگا رەڭ ۋە غەلىتە سۈرەتلەر ئىچىدىن بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىز ۋە ھازىرىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇم ـ دە، قاتتىق ھەيرەتتە قالدىم. بۇنچىۋالامۇ ئوخشاشلىق بولىدىكەن ـ ھە؟! شۇنىڭدىن كېيىن مەن مەقسەتلىك ھالدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىيات تارىخىنى بولۇپمۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يېقىنقى ۋە

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگەندىم. ئۆگەنگەندىمۇ قېتىرقىنىپ، «جان - جەھلىم» بىلەن ئۆگەندىم. شۇ جەرياندا تەبىئىي ھالدا مودېرنىزمنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى، چۈنكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى «پارتلاش ئەدەبىياتى» نىڭ جاھانشۇمۇل ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا «فرانسىيە سۇر رېئالىزمى» نىڭ چوقۇنغۇچىلىرى ۋە مۇرىتلىرى ئىدى. «سۇر رېئالىزم» بولسا مودېرنىزمدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك، نوپۇزى ئەڭ چوڭ، ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بىر ئېقىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا «سۇر رېئالىزم» ئېقىمىنىڭ داھىيلىرى بولغان پوروۋۇن ۋە ئاراگونلار گارسىيا ماركۇس، ئاستورىياس، ئارېيخو كاپېنتېر، خوئان لورفو. . . لارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرى بولغانىدى. يەنە كېلىپ سېھرىي رېئالىزمچىلار لاتىن ئامېرىكىسىغا خاس بۇ ئېقىمنى يارىتىشتا يەنە سۇر رېئالىزم، سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى، ياۋروپا يېڭى ھېكايىچىلىقى قاتارلىق مودېرنىزمنىڭ ئەڭ غول ۋە چوڭ ئېقىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىنمۇ ئۆرنەك ئالغان، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋە ئۇلارنى شەرتلىك قوللانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مودېرنىزمنى پىششىق ئۆگەنمەي (بىلمەي) تۇرۇپ سېھرىي رېئالىزمنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «مودېرنىزم» دەپ ئاتالغان زامانىۋى سەنئەت ئېقىمىنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پەلسەپە، دۇنيا قاراش ۋە ئىدىيە سىستېمىسىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلغان غەربچە روھىي ئانالىز، پسىخولوگىيە ئىلىملىرىنى ھەمدە مودېرنىزمنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى، تەشەببۇسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بىر-بىر قۇر ئۆگىنىپ چىقتىم. شۇنىڭغا تەۋە كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم. نەتىجىدە مېنىڭ سېھرىي رېئالىزمغا بولغان تونۇشۇم، چۈشەنچەم بىر قەدەر چوڭقۇرلاشتى. ئەڭ مۇھىمى مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىدە 1986 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنى سىناق قىلدىم. مەن بەزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، بەزىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىم . لېكىن مەن «سىناق» نى توختاتمىدىم ھەم ئەبەدىي توختاتمايمەن. بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن سېھرىي رېئالىزم مېنى قاتتىق جەلپ قىلدى. مەن ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتى، تارىخى ۋە رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل دەپ تونۇيمەن.

مەن بۈگۈن سېھرىي رېئالىزم ھەققىدە كەڭ توختالماقچى ئەمەسمەن، بۇ توغرىدا مەن ئايرىم بىر نەچچە ماقالە ياكى مەخسۇس كىتاب يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۈگۈن پەقەت «سېھرىي رېئالىزم بىلەن مودېرنىزم ئىككىسى بىر نەرسىمۇ؟ » ياكى «سېھرىي رېئالىزم مودېرنىزمغا تەۋەمۇ؟ » دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تومتاقلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچىمەن. مودېرنىزم - سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى، ئىپادىچىلىك، قارا يۇمۇرچىلىق، يېڭى ھېكايىچىلىق، سۇر رېئالىزم، مەۋجۇدىيەتچىلەر، كېلەچەكچىلەر، بىمەنىچىلەر دىرامچىلىقى، «گۇمران بولغان ئەۋلادلار» قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئېقىملارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى بولۇپ، بۇلارنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ بىز سۆزلىمەكچى بولغان سېھرىي رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ھەربىر ئېقىمغا بىردىن كىتاب يېزىش مۇمكىن. مەن بۇ يەردە پەقەت بىز ئېيتىۋاتقان سېھرىي رېئالىزم بىلەن قانداش ۋە تۇغقانچىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان سۇر رېئالىزمچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بىر - بىرىگە مۇنداقلا سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىش تارىخى، ئىدىيە سىستېمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە رېئال ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالمايمەن.

سېھرىي رېئالىزم ۋە سۇر رېئالىزم ئىككىلىسى ئوخشاشلا بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، سېھرىي رېئالىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى - يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق مەلۇم بىر كونكرېت رېئاللىقنى بىر خىل خىيالىي ياكى سېھرىي تۈس ئالغان رېئاللىققا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. سېھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار بۇ خىل ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خۇددى سۇر رېئالىزمچى يازغۇچىلارغا ئوخشاشلا تەبىئەتتىن، رېئاللىقتىن ھالقىغان ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنى مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ، بىمەنىلەشتۈرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى تۈپەيلى بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. سۇر رېئالىزمچىلار ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان چىن مەنىدىكى رېئاللىقنى رەت قىلىدۇ، مەنسىتمەيدۇ، پەقەت ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنى، چۈشىنى، خاتا سېزىمىنى ۋە ھايۋانغا خاس ئەسلى ئىقتىدارىنى ئەڭ ئالىي ئورۇنغا قويىدۇ. قانداقتۇر ئىدراكتىن، رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىياتتا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمدى سېھرىي رېئالىزمچىلار بولسا، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەتراپىدىكى رېئاللىققا بەتلىنىدۇ، رېئاللىققا كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئەتراپىدىكى رېئاللىقنى ئىجادىيەت مەنبەسى قىلىدۇ ياكى تەبىئەت، جەمئىيەت، تارىخ رېئاللىقى بولسۇن ۋە ياكى ئادەملەرنىڭ پسىخىكا رېئاللىقى بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى سېھرىي رېئالىزمچىلارنىڭ ئىجادىيەت ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى بۇ خىل كەسكىن پەرقى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى چوڭقۇرۇپ تۇرغان پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە سەنئەت قارىشىدىكى ئوخشىماسلىق مەيدانغا كەلتۈرگەن. يەنى سۇر رېئالىزمنىڭ پەلسەپە ئاساسى مېتافىزىكا ھەمدە سۇبيېكت سېزىم ئىلمى ۋە فىروئىدنىڭ روھىي ئانالىز ئىلمى بولۇپ، ئۇ، ئىدراكنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ ھايۋان كەبى ئەسلى ئىقتىدارىغا چوقۇنىدۇ، «ھالقىپ كەتكەن رېئاللىق» نى قوغلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى «ئىنسان قەلبىنىڭ مەخپىيىتى» نى ۋە چۈشسىمان خىيالىي دۇنيانى ئاشكارىلاش بولۇپ، ئۆز ھال رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس. سۇر رېئالىزمچىلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مالىماتاڭ، گادىرماچ، ئىنچىكە تەپسىلاتلار ۋە چۈشىنىكسىز شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق بىمەنە - قالايمىقان سېزىم ۋە تەسىراتلارنى ئىپادىلەپ ئادەمنىڭ ئەسەبىيلىكىنى، پەرىشانلىقىنى ھەمدە بەكمۇ غەلىتە ۋە ئۆز ھال بولمىغان روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەمما سىھرىي رېئالىزمغا كەلسەك، ئۇنىڭ پەلسەپە ئاساسى يەنىلا ماتېرىيالىستىك بولۇپ، ئىجادىيەت ئىدىيىسى رېئالىزمچەدۇر. سىھرىي رېئالىزمنىڭ «بىر ئەسىر تەنھالىق»، «پېتىر بالامۇ»، «بىزنىڭ يېرىمىز»، «قوناق ئادەم»، «زۇڭتۇڭ ئەپەندى»، «كېچىدىكى شاللاق قۇش» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جاھانشۇمۇل نادىر ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يېزىلمىلاردا مەيلى قانداق كونكرېت ھۈنەر ئىشلىتىلىشىدىن يەنى مۇبالىغە (كۆپتۈرۈش)، بىمەنە تەسۋىر، ۋاقىت ئۆتۈنچانلىقى، چەك باسمايدىغان ئوخشىتىشلار قوللىنىلىشىدىن ھەمدە رېئاللىق بىلەن چۈش، خىيال، لەيلەپ تۇرغان تەسەۋۋۇر ۋە يالغان - توقۇلما. . . لارنىڭ ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە تارىخىي ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىش، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان رېئال تۇرمۇشنى، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش توپ ۋە ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر رومان «بىر ئەسىر تەنھالىق» تا كارايىپ دېڭىزى ساھىلىدىكى ماكوندۇ دېگەن بىر كىچىككىنە كەنتنىڭ 100 يىللىق گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش تارىخى بۇ كەنتتە يۈز بەرگەن توگىمەس ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىياسىي گۇرۇھلار كۈرىشى، سىرتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە تەبىئىي ئاپەت، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا ۋە خەلق دۇچار بولغان بالايىئاپەت. . . قاتارلىقلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. بۇ يېزىلما ھەررەڭ - سەررەڭ، ئەگرى - توقاي، تولىمۇ غەلىتە ۋە بىمەنە ۋەقەلىكلەر بىلەن تولغان. يازغۇچى بۇ ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىنى - ئىلگىرىكى بېكىنمىچىلىكى، نادانلىقى، قالاقلىقى، قۇللۇقتا مەھكۇملۇقىنى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا قانلىق كۆرەشلەر ئىچىدە نۇرغۇن قۇربان بەرگەن ۋە ئازاب - كۈلپەت تارتقان بولسىمۇ، ئاخىر خەلقنىڭ مۇستەقىللىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، يەنىلا چەت ئەل كاپىتال ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلمى ئاستىدا قالغانلىقىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ روماندا يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بولغان مەيدانى ئىنتايىن روشەن. بۇ يېزىلمىنىڭ رېئالىستىك مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر. شۇ نەرسە ئايانكى، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ھەر بىر سىھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى مۇستەبىت تۈزۈمگە، فېئودالىزمغا، باشقىلارنىڭ زېمىنىنى يۈزى قېلىنلارچە ئىگىلىۋېلىپ غالجىرلارچە تالان - تاراج قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش، خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە چىن دىلىدىن ھېسداشلىق قىلىش، ئۆز ۋەتىنىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈش. . . نى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي غايىسى قىلىپ كەلگەن ھەمدە ھەر قانداق بىر سىھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىنىڭ يازمىسىدا رېئاللىققا يۈزلىنىش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتنى پاش قىلىش، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئاساسىي مۇقام قىلىنغان. ئۇلار گەرچە ئىنساننىڭ قەلب سىرلىرىنى قېزىش ۋە ئىنساننىڭ ھەر خىل يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنى ئىپادىلەشنى بىر خىل توپ ۋاستە قىلىۋالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان نۇقتىسى ۋە يەتمەكچى بولغان مەنزىلى يەنىلا ئوخشاش ۋە بىر خىل، يەنى ئۆزلىرى يازماقچى بولغان جەمئىيەت، مۇھىت ۋە ئادەملەرنىڭ چىن رېئاللىقىنى ئىپادىلەش بولۇپ كەلمەكتە. پۈتكۈل جەمئىيەت ھادىسىلىرىغا - جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرغان كۆز يېشى، قان ۋە كۈلكىگە پىسەنت قىلمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان، تېخى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قاراڭغۇ پىنھاندا بەڭگىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دۇنيانى توپان باسسا ھوشۇقىغا چىقمايدىغان، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان مودېرنىزمچى (توغرىراقى قىپيالىڭاچ مودېرنىزمچى!) يازغۇچىلار بىلەن سىھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى توپ ۋە ئاساسىي پەرق دەل مۇشۇ يەردە!

لاتىن ئامېرىكىسى سىھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئېيتىش ۋە كۈچەيتىش، بولۇپمۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ رېئاللىقىنى تېخىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا، ياۋروپا پروزىچىلىقىدىكى مودېرنىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى جۈملىدىن فرانسىيە سۇررېئالىزمى (بىزدە بەزىلەرنىڭ ئۇنى ھالقىما رېئالىزم دەپ تەرجىمە قىلىشى ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق تەرجىمە قىلىش ئانچە توغرا ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئەسلى ئىنگلىزچە ئاتىلىشى بويىچە «سۇررېئالىزم» دەپ ئېيتىۋەرگىنىمىز تۈزۈك. خۇددى بىز ھېچقاچان «رېئالىزم»نى ئەمەلىيەتنى يېزىش ئۇسۇلى دەپ تەرجىمە قىلمىغىنىمىزغا ئوخشاش)نىڭ تەسىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىشتى. مەسىلەن، ماكان، زامان چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئوخشىمىغان زامان، ماكان ۋە ئادەمدە سادىر بولغان ۋەقەلەرنى بىرلا كۆرۈنۈشتە سۈرەتلەپ بېرىش، ھايات بىلەن ئۆلۈم، ھازىر بىلەن كەلگۈسى (ياكى ھازىر بىلەن ئۆتمۈش ھەتتا كەلگۈسى بىلەن ئۆتمۈش)، چىنلىق بىلەن خىيالىي تۇيغۇ قاتارلىقلارنى كاللا مونەك قىلىپ يۇغۇرۇۋېتىش، غەلىتە تەسەۋۋۇر، بىمەنە تەسۋىر، قۇلاق ئىشىتىپ باقمىغان ئوخشىتىش ۋە تاقىقا - تۇققا تىل ئارقىلىق بىر خىل غەلىتە، ئاجايىپ - غارايىپلىق بىلەن تولغان بەدىئىي ئۇنۇم يارىتىش . . . ۋەھاكازالار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. گەرچە سىھرىي رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۇر رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىش مەقسىتى زادىلا ئوخشىمايدۇ. سىھرىي رېئالىزم رېئاللىقنى زېمىن قىلىدۇ، رېئاللىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار گەرچە سادىر بولمىغان نەرسىلەرنى يازسىمۇ، بۇ نەرسىلەر زادىلا سادىر بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەر ئەمەس، ئۇ يەردە بولمىسا بۇ يەردە، بۇ يەردە بولمىسا ئۇ يەردە، ھازىر بولمىسا ئۆتمۈشتە ۋە ياكى كەلگۈسىدە بولغان، بولىدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن، چوشقا قۇيرۇقلۇق قىز («بىر

ئەسىر تەنھالىق») نىڭ بولۇشىغا ھېچ ئىشەنمەيمىز، لېكىن ھازىر كېزىتلەردە ئىككى باشلىق، بىر تەنلىك بالا، چوشقا قۇيرۇقلۇق بالا، بۆرىدەك يۇڭلۇق بالا، بېشى بىر، تېنى ئىككى بالا، تۆمۈر يەيدىغان ئادەم، تاش يەيدىغان ئادەم، قەغەز يەيدىغان كالا، گۆش يەيدىغان قوي. . . دېگەنلەرنى بېرىۋاتىدۇ. «ئۇچار گىلەم» («بىر ئەسىر تەنھالىق») نىڭ ۋارىيانتلىرى ئەرەب چۆچەكلىرىدە «ئۇچار گىلەم» دەپ، ئۇيغۇرخەلق چۆچەكلىرىدە «ياغاچ ئات» دەپ ئۇچرايدۇ. «توپا يەيدىغان قىز» («بىر ئەسىر تەنھالىق») غەلىتە كۆرۈنىدۇ، لېكىن بىزدە بەزىبىر سېزىك ئايال لار سېغىز، داڭگال يەيدىغان ئادەت بار. ئۇلارلا ئەمەس، بىز كىچىك چېغىمىزدا يۇرتىمىزدىكى قايدۇ دەرياسى قىرغاقلىرىدا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋېتىپ، دەريا قىرغاقلىرىدىكى تاختايدەك قېتىپ قالغان قىزغۇچ سېرىق داڭگالنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتۇق. بۇ داڭگال شۇنچە تازا ۋە تەملىك ئىدى. . .

ئەمدى بۇنىڭ ئەكسىچە، سۇر رېئالىزم بولسا، رېئاللىقتىن بىر ۋە بىر نەچچە پەللە ئايرىلىپ تۇرىدىغان ساختا رېئاللىقنى زېمىن قىلغان بولۇپ، ئۇلار چىن رېئاللىققا ساختىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. يالغان سېزىم، ساختا تەسىرات ۋە چۈشىمان لەيلەپ «يۈرىدىغان» رېئاللىقنى ھەمدە ئىنساننىڭ ئەڭ يوشۇرۇن، تىلغا چاقىرغىلى بولمايدىغان رېئاللىقنى كۆچەپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇمكىنچىلىكى زادىلا بولمايدىغان ساختا نەرسىلەرنى ۋە ئىشلارنى يازىدۇ. مەسىلەن، كالىنىڭ كۆتىدىن پىكاپ تۇغۇلدى، دېگەندەك بىمەنە نەرسىلەرنى بولغان، بولدى ۋە بولىدۇ دەپ زورۇقىدۇ. بۇنداق تەسۋىر قارىماققا كىشىگە يېڭىدەك، قىزىقتەك، غەلىتىدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئوقۇرمەن بۇنىڭ تۇرمۇشتا زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ-دە، بۇنىڭدىن بىر تېتىقسىزلىق ھېس قىلىدۇ.

. . لېكىن مەن مودېرنىزمنىڭ رېئالىزمنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىجابىي رولىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، سېھرىي رېئالىزم تۇرمۇشنىڭ دەل ئۆزى (سىرتقى پوستى) نى ئاددىيلا يېزىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ماھىيىتىنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن ئۇ توپ تەكتىدىن تۇرمۇشقا سادىق بولىدۇ ۋە ئۇنى بۇرمىلىمايدۇ. ئەكسىچە، سۇر رېئالىزم بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن چۈشىمان، غەلىتە نەرسىلەرگە، تۇرمۇشتا مۇمكىنچىلىكى زادىلا يوق نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق رېئاللىقتىن «ھالقىپ» كېتىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق ھالقىش كۆپ چاغلاردا ئالجىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سېھرىي رېئالىزمچىلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى پۈتۈنلەي چىن ئادەم، چىن مۇھىت ۋە چىن ۋەقەلەر. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ پروتوتىپلىرى لاتىن ئامېرىكىسى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا رول ئوينىغان ھەر خىل شەخسلەر سۈپىتىدە تارىخىي دەرسلىكلەردە ۋە تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يازىدىغان مۇھىتى ھېچقاچان ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە يەنە ئاللىقانداق بىر زېمىن بولماستىن، دەل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاغ - دەريا، يېزا - شەھەرلىرى، ئۇلار پايدىلانغان ۋەقەلىكلەر دېگۈدەك لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكە ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى . . . ۋە ھاكازالار.

ئەمدى خۇلاسىمىز شۇكى، سۇر رېئالىزم بىلەن سېھرىي رېئالىزم ھەرگىزمۇ بىر نەرسە ئەمەس، تۇغرىراقى سېھرىي رېئالىزم ھەرگىزمۇ مودېرنىزمغا تەۋە ئەمەس، ئۇ تەلتۆكۈس رېئالىزم، لېكىن تەرەققىي قىلغان، بېيىغان، باي، پىشقان، ھايات - تىرىك رېئالىزم. ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى تۇرغۇن، تار، تەرەققىي قىلمايدىغان، قېتىپ قالغان، نامرات ۋە بىر خىل، قىسقىسى، بىچارە رېئالىزم (كونىنۇۋى رېئالىزم) نىڭ ئۆزى ئەمەس! ھەرگىز ئەمەس! مودېرنىزم بىر زامانىۋى سەنئەت قارىشى ۋە ئىجادىيەت ئېقىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن (بولۇپمۇ سۇر رېئالىزم) سېھرىي رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە، تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. سېھرىي رېئالىزم مودېرنىزم (مۇھىمى سۇر رېئالىزم) بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە نۇرغۇن ئورتاقلىققا، ئوخشاشلىققا ئىگە. لېكىن يەنە بىر قېتىم ئېيتايكى، بۇلار ئىككىسى ھەرگىزدىن ھەرگىزگە بىر نەرسە ئەمەس! سېھرىي رېئالىزم مودېرنىزمنىڭ تەركىبىي قىسمى ھەم ئەمەس! بۇ ھەقتە بۇگۈنچە شۇنچىلىك سۆزلەي، كېرەك بولسا كېيىنرەك بۇ ھەقتە كەڭرەك توختىلارمەن

- سىز ھېكايە - پوۋېستلىرىڭىزدا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ خۇشاللىق ھەم قايغۇسىنى، ئارزۇ - ئۈمىدىنى، ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، ساددا، ياخشىلىقنى ئۇلۇغلايدىغان، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى يورۇتۇپ بەردىڭىز. شۇنىڭدەك سىز كېيىنكى مەزگىللەردە مۇرەككەپ خىيالىي تۈيغۇ بىلەن ئىپادىلەنگەن بەزى ئەسەرلىرىڭىزدە تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ھالقىپ كەتكەن (ئەقىلگە سىغمايدىغان) كۆرۈنۈش ياكى ۋەقەلىكلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەرنى چوڭقۇر پاش قىلدىڭىز. ئالايلۇق، سىز «ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستىڭىزدا بۇغا بىلەن بۆرىنىڭ كۆزى ئارقىلىق رېئال ھاياتتىكى ناھەقچىلىكلەرنى، پەسكەشلىكلەرنى ئاچچىق مەسخىرە قىلدىڭىز. سىز مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟ يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا پاش قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشى كېرەكمۇ ياكى گۈزەللىكنى مەدھىيىلەشنىمۇ؟

- بۇ مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلغان تۈزۈك. مېنىڭچە، يازغۇچىغا مەدھىيىلەشمۇ، پاش قىلىشمۇ لازىم. چۈنكى ھايات ۋە ئادەمنىڭ ئۆزى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ يۇغۇرۇلمىسىغۇ! مەخسۇس پاش قىلىش يولىغا ياكى مەخسۇس مەدھىيىلەش يولىغا كىرىۋالغان ئادەمنى ئەڭ ياخشىسى يازغۇچى دېمىگەن تۈزۈك. «ياخشى» دېيىلگەن مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازا ئىنچىكە يېرىپ كۆرسىڭىز ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئانچە مۇكەممەل ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. بۇ ئادەم مۇئەييەن بىر ئىشقا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن ۋە مۇشۇنداق ياخشىلىقلارنىڭ جۇغلانمىسى ئۇنى بىزگە ياخشى ئادەم سۈپىتىدە كۆرسىتىشى مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئاشۇ ياخشىلىقلىرىنى ئەستايىدىل، سەممىي ۋەراستچىل پوزىتسىيە بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ

چوڭقۇرىغا، ئارقىسىغا، پىنھانىغا يەنە بىر خىل غەيرىي ياخشىلىق ئامىللىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چوڭچۇش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايمىز! ئەمدى سىز ئۇنىڭ بىر يېرىنى ماختاپ، بىر يېرىنى تىللامسىز؟ مېنىڭچە، ئۇنى پەقەت تىرىك ئادەم سۈپىتىدىلا - مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەم سۈپىتىدىلا يېزىش، ئىنچىكە، تەپسىلىي يېزىش كېرەك. ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى باھالىۋالسۇن.

ئەلۋەتتە، خەلقنى، ھاياتنى سۆيىدىغان، ئاقكۆڭۈل ئادەملەر ماختاشقا ئەرزىيدۇ، لېكىن ئۇلار پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئادەم سۈپىتىدە ماختىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، بەدىئىي ئەسەردە ئادەم مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلسىلا، پاش قىلىنىشمۇ، مەدھىيىلىنىشمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلانغان بولىدۇ. ماختاش ياكى تىللاشنى مەخسۇسلاشتۇرۇۋالسا، ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىيات بولمايدۇ!

- مەن سىزنىڭ «رىسقى»، «ساۋاپ» ناملىق ھېكايىلىرىڭىزدا تەسۋىرلەنگەن دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئالدامچىلارنىڭ دىئالوگ تەسۋىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا، سىزنىڭ تىل سەنئىتىڭىزگە ھەيران قالغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن سىز بىلەن يېقىندىن تونۇشقان، سىزنىڭ يەتتە - سەككىز يىل شوپۇرلۇق قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. سىزنىڭ ئالدامچى پېرىخۇن، ئالدامچى موللىلارنىڭ تىلىنى شۇ قەدەر پىششىق ئۆگەنگەنلىكىڭىز ھەقىقەتەنمۇ مېنى ھەيران قالدۇرغان، قايىل قىلغانىدى. مالال كۆرمىسىڭىز ئاشۇ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلى ئۈستىدە قانداق ئىشلىگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز. سىز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلىغا ئومۇمەن قانداق ئىشلەيسىز؟ بۇ جەھەتتە قانداق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدىڭىز؟

- تىل - ئەدەبىياتنىڭ جېنى. مەن ناھايىتى ساپ، تولىمۇ پاكىز تىل مۇھىتىدا چوڭ بولغانمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي تىلغا ناھايىتى باي، سۆزلەرنى تاللاپ جايىغا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ پاكىزلىقىغا، جانلىقلىقىغا، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە، تىل زاپىسىنىڭ موللۇقىغا ھازىرمۇ ھەيران قالىمەن ۋە ئامالىمنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ تىل ئىستىلىنى ئۆرنەك قىلىمەن. بۇ، ماڭا بىۋاستە ۋە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، يەنە بىرى، ئوقۇغان كىتابلىرىمدۇر. بولۇپمۇ چىڭغىز ئايتماتوۋ، ئايبېك، ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي)، شولوخوۋ، گوركىي، تولستوي، چېخوۋ، جىبران خەلىل جىبران، ئەزىز نەسىن، ساباھىددىن ئەلى، كاپېنتېر، ئوسلار، خوئان لورفو قاتارلىقلار مەن چوقۇنىدىغان تىل ئۇستىلىرىدۇر.

- سىز «رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش»، «چىنلىقنى بۇرمىلىماسلىق»، «بەدىئىي چىنلىق يارىتىش» دېگەن سۆزلەرنى قانداق چۈشىنىسىز؟ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ھالقىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەقەلىكلەر يېزىلغان ئەسەرلەرنى رېئالىستىك ئەسەر دېيىشكە بولامدۇ - يوق؟ مەسىلەن، سىزنىڭ «تۆت قۇلاق» ناملىق ھېكايىڭىزدىكى جۇۋان ساھىبقىران يىگىت بىلەن خىيالىي دۇنيادا ئۇچرىشىدۇ.

- «تۆت قۇلاق» رېئالىزمچە، لېكىن سېھرىي رېئالىزمچە ئەسەر. بىزنىڭ دۇنيايىمىز ئەسلىدىنلا سېھرىي ھېكمەت بىلەن تولغان دۇنيا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ بىر خىل سېھىرلىك ئىچىدە چايقىلىپ تۇرىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىغا قاراڭ: بىر دۇكاننىڭ ئىچىدە 80 - يىللارنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىسى بولغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى سېتىلىۋاتسا، دەل شۇ دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەم بىر ئۇيغۇر قىزىغا بەس - بەس بىلەن رەم سالدۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ھالبۇكى، رەم سالدۇرۇۋاتقانلارنىڭ تولىسى چوڭلار. بۇلارنىڭ ئارىسىدا كادىر، ئىشچى، ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار. ھېلىقى رەمچى قىز بولسا، ئەمدىلا 12 - 13 ياشقا كىرگەن! ئۈستىڭىزدە «بوئىن 707» ناملىق ئايروپىلان غارقىراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز چىداۋان يېزىسىدىكى بىر ئايال باخشىنىڭ قورۇسىغا توپلىشىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىر توپ ھاجەتمەننىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىسىز. سىز بۇ يەرگە گەپ ئاڭلىغىلى كەلگەن.

- مانا، مانا، كەلدى، مەككە - مەدىنەمدىن كەلدى، ئەسھابۇل كەھپىدىن كەلدى، ھىرات تاغلىرىدىن كەلدى، يەمەن باغلىرىدىن كەلدى...

باخشى يىغىن يىغىۋاتىدۇ. كىم كېلىدۇ، جىن كېلىدۇ، بىر سائەتنىڭ ئىچىدە جىنلار ئەرەب يېرىم ئاراللىرىدىن، ئافرىقا باياۋانلىرىدىن، قەشقەر، يەكەن ۋە يەنە ئاللىقانداق يەرلەردىكى قەدىمىي مازارلاردىن كېلىدۇ.

..

بىر خوتۇن كۈلۈپ چىقتى. سورايسىز:

- قانداقىراق؟

- كەلگەندە مۇكچىيىپ قالغانىدىم. مانا ئەمدى راۋۇرۇس مېڭىپ چىقىۋاتىمەن. قېيىن ئانام قەست قىلغانىكەن، قەستىنى ياندۇرۇۋەتتى، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇ.

يەنە ئاڭلاڭ: «بىر ئۆيدە گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋە ئۇشتۇمتۇت ئوخشاپ كەتسە، مۇشۇ ئۆيدە قازا بولىدۇ»، «ماۋۇ بالام تۇغۇلغاندا ئايىغى بەك ياراشقان، شۇ يىلى قالتىس بېيىپ كەتكەنىدۇق»، «بۇ كېلىننىڭ ئايىغى جۈت ئىكەن، ئايىغى ياراشمىدى، كېلىپلا قويىمىز ئۆلۈپ قالدى»، «ئىنىكىمىزنىڭ سۈتى تارتىلىپ، ئەمچىكى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى، بىرسى چوقۇم سۈتىنى يەرگە تۆكۈۋەتكەن گەپ»، «تۆت قۇلاق تېپىۋالسا بەختلىك بولىدۇ»، «بۆرىنىڭ ھوشۇقىنى ئېسىۋالغان يىگىتكە قەست ئۆتمەيدۇ»، «كۆز تەگدى»، «ئاچ تەگدى»، «بۇ قىزنىڭ غايىبتىن ئېرى بارمىش»، «پالانچىنى غايىبلار ئېلىپ كېتىپ، بىر يىلدىن كېيىن موللا قىلىپ ئەكېلىپ قويىدى» ۋەھاكازالار.

سىز بۇلارنى خۇراپاتلىق دەرسىز، بەلكىم شۇنداقتۇ؟ مېنىڭ بۇنى تالاشقۇم يوق، لېكىن بىر نۇقتا ئېنىقكى، بۇلار بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا، ئاڭ فورماتسىيىسىگە، تۇرمۇش ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر. سىز ئۇنى خۇراپاتلىق دېگىنىڭىز بىلەن ئۇلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇ ۋە ئۆز تۇرمۇشىدا ئاشۇ ئىشەنچتىن پايدىلىنىدۇ. ئاشۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار جەمئىيەتنى، شەيئىلەرنى ئاشۇ ئەقىدە كۆزى بىلەن

كۆزىتىدۇ . . .

بىز 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتىمىز. ئېمىشقا شۇنچە كۆپ «بىمەنە»، «خۇراپىي» نەرسىلەر يەنە بىزنىڭ تۇرمۇش ئېتىقادىمىز سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ؟ دېمەك، بۇ سېھىرلىك دۇنيا ئەمەسمىكەن؟ بۇلارنى رېئاللىق ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ ئىشەنگۈچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ رېئاللىقى ئەمەسمۇ؟ يازغۇچى ئۆز ئېتىقادى، نەزىرىدىكى تۇرمۇشنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش ئېتىقادى، نەزىرىدىكى رېئاللىقنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك ھەم زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ رېئاللىقى. بىر مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ رېئاللىقىنى، مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا ئەمەس، ئاشۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن تەپەككۇر قىلىشى لازىم. بۇنىڭدا مۇنداق قارىماققا يازغۇچىمۇ خۇراپىيلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكى مۇھىم مەسىلە ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ بىر دەۋر ئادەملىرىنىڭ كۆزى ھەم تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى سۈرەتلەش ئارقىلىق شۇ بىر دەۋر ئادەملىرىنىڭ ھاياتقا، شەيئىلەرگە، جۈملىدىن ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشىنى، ئېتىقادىنى، ھايات چۈشەنچىسى ۋە پەلسەپىسىنى ئېچىپ بېرىش، ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئېڭىنى، روھىي دۇنياسىنى، سۇبيېكتىپ رېئاللىقىنى ئىپادىلەش مەسىلىسى مۇھىم. سېھىرىي رېئالىزمنىڭ رېئاللىقى دەل مانا شۇنداق رېئاللىق. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر دەۋر ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىدۇر. شۇڭا، بۇنى ھەرگىزمۇ «تۇرمۇشنى بۇرمىلاش»، «چىنلىقنى بۇرمىلاش»، «رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىك». دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ «تۆت قولاق»، «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «جىنايەت ۋە جازا»، «قانغا بويالغان نىلوپەر» (كېيىن «كەلكۈن» نامى بىلەن ئېلان قىلىندى) قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرىم ئەنە شۇنداق تۇرمۇش ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ھاياتقا ۋە ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشىنى، مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بەرگەن ئەسەرلەردۇر. «چىمچىلاق» سۈر رېئالىزم (ھالقىما رېئالىزم)، «تەنھا ماشىنا»، «جەزىرە» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرىم ئاڭ ئېقىمى ئۇسلۇبىنىڭ ئېلېمېنتلىرى قويۇقراق ئەسەرلەردۇر.

- سىزنىڭ «گۈزەل ۋادا»، «نۇر» قاتارلىق كۆپلىگەن ھېكايىلىرىڭىزدا ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، جاپاكەش، مۆمىن ھەم ساددا بوۋايلار تەسۋىرلەنگەن. سىز «ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستىڭىزنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيارنىڭ بوۋىسىنى تەسۋىرلەشكىمۇ خېلى جىق سەھىپە ئاجرىتىپسىز. سىزدە مۇشۇ بوۋايلارنى تەسۋىرلەش ئارزۇسى قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ھەمدە سىز ئۇلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قانداق پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈردىڭىز؟

- مېنىڭچە، بوۋايلار تارىخنى بىزگە ئۇلاپ بەرگۈچىلەردۇر، تارىخ بىلەن بۈگۈننى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرغۇچىلاردۇر. تارىخنى ئۇنتۇغان، تارىخنى يوقاتقان، تارىخى ئۈزۈلۈپ قالغان مىللەت پەقەت ئادەملەر توپىلا بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللەت بولالمايدۇ ياكى ھالاك بولىدۇ. تارىخ دېمەك تەجرىبە دېمەكتۇر. ئەۋلادنىڭ ئېڭى - ھايات ئېتىقادى، تەجرىبە، تەربىيە ئۈستىگىلا قۇرۇلىدۇ. ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەۋلادلا ھەقىقىي ۋە سەمەرىي ئىنسان سۈپىتىدە ياشاشنى بىلىدۇ. بۇنداق ئەۋلادتىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت بىچارە مىللەتتۇر. بىزنى ساقلاپ قالغىنى، بىزنى مۇشۇ ئەسىرگە ئۇلاشتۇرغىنى ئەجدادلار ئەمەسمۇ؟! ئاشۇنداق ئاتىلارنى ئۇنتۇش ئىنسانلىقتىن ياتلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ساقلىنىپ قېلىش بىلەن زامانىۋى ئاڭ ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىش بىر گەپ. ساقلىنىپ قالغاندىلا، كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ھەم تارىخنى بىلىش، ئاتا - بوۋىلارنى بىلىش، ھەم زامانىۋى ئاڭ ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىش كېرەك. زامانىۋى ئاڭلا تەكىتلىنىپ، ئاتا - بوۋىلار ئېڭى، تارىخىي ئاڭ، مىللىي ئاڭ تەكىتلەنمىسە، مىللەت ساقلىنىپ قالالمايدۇ. بۇ بىر خەۋپ!

مەن يارانقان بوۋايلار ئوبرازى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنىڭ سىمۋوللىرىدۇر. مەن ئىش يۈزىدە ئەۋلادىمىزنى ئاشۇ ئېسىل ئەخلاققا ئۈندەۋاتىمەن.

- «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «يۈرەكتاغ» ناملىق پوۋېستىڭىزنى ئوقۇپ، سىزنىڭ توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىزنى روشەن ھېس قىلدىم. قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئەسەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بۇ پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن بوۋاي ھەم بالىلار روشەن سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ پوۋېستنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان بەدىئىي غايىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

- ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىۋاتىدۇ. بىزنىڭ مىللىي روھىمىز كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. مىللىي روھىمىزنىڭ ساپاسى مۇشۇ ھالدا بولىدىغان بولسا، ئۇ، مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. بۇ كىرىزىسنى ھەر قانچە پەدەزلىسەكمۇ، ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالساقمۇ، يوشۇرساقمۇ ئۇ بەربىر پاكىت! بۇنى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ، سېزىدۇ، بىزلا ئەمەس باشقا مىللەتلەرمۇ بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى چۈشىنىپ قالدى! بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا چوڭلار ئەيىبلىك! ئالدىنقىلار ئەيىبلىك! بۇنداق دېسەم چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە كېلەر، ئۇلار مەندىن رەنجىشەر، مېنى قارغىشار، چۈنكى ھەقىقەت ئۇلار چىلاپ ئىچىدىغان ناۋات ئەمەس، ئەلۋەتتە! بۇ گېپىمگە قايىل بولمىغانلار بىر سەممىيەت بىلەن، راستچىللىق بىلەن، مىللەتكە جاۋابكار بولۇش تۇيغۇسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىغا، ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىر نەزەر سېلىپ باقسۇن! ئۇلار ئۆزلىرىدىن بۇنچىۋالا كېرىلگۈدەك، پەخىرلىنىپ مەيدىسىگە مۇشتلىغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالامدىكىن؟! ھازىر مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، روھىنى بۇلغاۋاتقان ئەبگارلىق ئىللىتى كىمدىن مىراس قالغان؟ ھەدەپ جان - جەھلى بىلەن ئاشۇ ئىللەتلەرنىڭ كونا

تۈگمىنىگە سۇ قويۇۋاتقانلار يەنە كىم؟ مەسىلىنى بۇنداقلا قويسام بەك تومتاق بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، سەل يېشىپراق دېسەم ئۇلار ئاندىن قايىل بولامدىكىن.

مۇبادا بىرەرسى بىلەن سۆزلىشىپ قالساڭ: «پالانچى ۋاقىتتا ئۇ مېنى پاش قىلغانىدى، مەن ھەممە گۇناھنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپلا قويدۇم، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆزى بالاغا قالدى!» دەپ ئاغزىنى كامارەك قىلىپ ھىجىيىشىنى كۆرسەن. دەل شۇ كىشى ئۆمرىدە زادىلا خەققە «بوزەك» بولمىغىنىنى، ئۆزى بىلەن «قېرىشقان» نىڭ ئەدىپىنى بېرىپلا كەلگىنىنى، ئۆزىگە «پۇتلىكاشاڭ» بولغىنىنى جايلاپلا ئۆتكىنىنى تامشىپ - تامشىپ سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ. خوش، ئۇنىڭ بالىسى، ئۇنىڭ نەۋرىسى قانداق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ؟! ئۆمرىدە ئېزىپ - تېزىپ بولسىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ خاتاسىنى» كەچۈرۈش ياكى بىرەر ئادەمگە يول قويۇش دېگەننى بىلمەيدىغان ھېلىقى ناكەس بوۋىسى ئۇلارغا نېمىنى ئۆگەتتى؟ نېمىنى مىراس قىلدى؟ دۈشمەنلىكنى، زەھەر خەندىلىكنى، نەپرەتنى، ئۆچمەنلىكنى! بۇلارنى كىمگە قىلىدۇ؟ ئۆز قېرىنداشلىرىغا!

شۇنداقمۇ ئادەملەر بار ئىكەنكى، ئۆزى دەم ئېلىشقا چىققان، ياشىنىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان بولسىمۇ، تىرناقتىن كىر ئىزدەپ باشقىلارنىڭ «خاتا» سى، «نۇقسان» لىرىنى «بايقاپ» يۇقىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشنى، كۆز بوياپچىلىق بىلەن ئاقنى قارا قىلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ۋە كاللا سوقۇشتۇرۇش غەرىزىدە يۇقىرىغا ياكى «مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار» غا «ئەھۋال ئىنكاس قىلىش» نى مەخسۇس كەسىپ قىلىۋاپتۇ.

ئۇلار نەشر قىلىنغان كىتابلارنى، ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللارنى ناھايىتىمۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇيدىكەن، قايتا - قايتا ئوقۇيدىكەن، ئاندىن «كۆزى چۈشكەن قۇرلار» غا قىزىل سىزىق بىلەن بەلگە قويۇپ ئۇنىڭدىن «مەنا يېشىپ يېڭى مەزمۇن» چىقىرىدىكەن - دە، ماڭالىغۇدەك ماغدۇرى بولسا، ئۇ كىتابلارنى قولتۇقىغا قىسىپ ھاسىسىغا تايىنىپ، تىنەپ - تەمتىرەپ، مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ، يىقىلىپ - قوپۇپ «مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار» غا بارىدىكەن. ماڭالىغۇدەك ماغدۇرى بولمىسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان كۆزلىرىگە نەچچە مىڭ گرادۇسلۇق چوڭايتقۇچى ئەينەكنى تاقاپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىڭغىر - سىڭغىر قىلىپ «خەت» يازىدىكەن ۋە ئۇ «خەت» نى يەنە شۇ «مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار» غا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، ھەتتا قەشقەر، خوتەندە بولسىمۇ ئۈرۈمچىدىكى «مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار» غا «خەت» ئەۋەتىشنى ئېغىر كۆرمەيدىكەن.

ئۆمۈر بويى ئادەم چاقىقىنى ۋە ئادەم كۆيدۈرگىنى يەتمىگەندەك قاراڭ بۇ بىچارىنىڭ ھالىغا! ئۇ ئەمدى شۇ ياشقا كەلگىنىدە «خۇدايا تۆۋە» دېمەي يەنە نېمىگە ئېرىشىشنى ئارمان قىلىدىكىن، ئۇنى بىر ئۆزى ۋە بىر ئاللا بىلىدۇ! ئاشۇ كىشى ياشلىقىدا - ماغدۇرى بار چاغدا نېمە ئىشلارنى قىلمىغان ۋە قانچىلىغان ئاقكۆڭۈل - مۆمىن، ئىمان - ئېتىقادلىق كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىقمىغان دەيسىز؟!

مۇشۇ كۈنلەردىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ھەشەمخورلۇقىنى جان - جەھلى بىلەن بازارغا سېلىۋاتقان، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، ھەتتا قىز بالا ۋاقىلىرىنى كۈيئوغلىغا مادا ئېشەك ئورنىدا پۇلغا سېتىۋاتقانلار يەنە كىملەر؟ ئەلۋەتتە ياشلار ئەمەستە.

قايسىبىر «چوڭ» لار نىڭ توي - مەرىكە، جاماەت سورۇنى، نەزىر - چىراغ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۆپنى كۆرگەن، ياشانغىنى ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر سالاپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەشەمخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، ساختا يۈز - ئابروي ... لارنى قوغلاشماسلىق توغرىسىدا بىر ئوغۇز ھەق گەپ قىلىپ تەشۋىق - تەرغىبات قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقتۇق؟ قايسىبىر مەھەللە - يۇرتتا قىزىنى پۇلغا سېتىۋاتقان توي ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە بەش - ئالتە بوۋاي يىغىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى قىلىۋاتقان ئارسىزلىقتىن توسۇپ قالغىنىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قىلالايدىغان، قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار ئىدىغۇ؟ غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمخورلۇق، ئۆز ئارا سېتىش، بىر - بىرىنى سېتىش، ئۆز ئارا دۈشمەنلىك ... لەرنىڭ مىللەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇ ئىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش ۋە ئۇچىغا چىققان مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى بالا - ۋاقىسىغا چۈشەندۈرۈپ ھەر كۈنى تەربىيەت قىلىدىغان «چوڭ» لاردىن زادى قانچىلىكى باردۇ ئىچىمىزدە؟! سوپى - ئىشان، داخان - «پىرىم»، بۈۋۈم دېگەنلەرنىڭ چۆرىسىگە پوققا ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىۋالغانلار، ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا بازار تېپىپ بېرىۋاتقانلار كىملەر؟

ئومۇمەن ئالغاندا، بىزدە چوڭلار ياشلارنىڭ ھەممىلا تېمىسىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنى ياراتمايدۇ، ئۇلار كۆزىگە سىغمايدۇ. دۇرۇس، ياشلاردا سەۋەنلىك يوق ئەمەس، ھەتتا بەزى مەسىلىلەر ھەقىقەتەن ئېغىر. ياشلار ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىمەيۋاتىدۇ، ئۇنى بۇزۇۋاتىدۇ، ئېسىل مىللىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇۋاتىدۇ، بىلمەيۋاتىدۇ، بىلىشكىمۇ قىزىقمايۋاتىدۇ، ئۆزىنى قەدىرلىمەيۋاتىدۇ، ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان، ئۆزىگە جان ۋە قان بەرگەن مىللىتىنى كەمسىندۈرىدىغان، ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە، مىللىي نومۇسقا داغ چۈشۈرىدىغان ناشايانلىقلاردىن قول ئۈزمەيۋاتىدۇ، ھەتتا شۇنىڭغا ھېرىس بولۇۋاتىدۇ، بۇلار ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ روھىي كىرىزىسىنىڭ، مەدەنىيەتتىكى زاۋاللىقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالامەتلىرىدۇر. لېكىن بۇنىڭدىكى تۈپكى مەسئۇلىيەت زادى كىمدە؟ چوڭلىرىمىز ياشلارنى ھەدەپ ئەيىبلەپ، ئۇلارغا چالۋاقاشنىلا بىلىپ، بۇنداق بولۇشتىكى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەيۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ۋە زىيانلىق ھايات قارىشى، تەربىيىسى ۋە ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس يېڭىلاپ، ياشلارنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش توغرىسىدا ھېچبىر ئىش قىلغىنى يوق! مەن بۇ يەردە مىللىتىمىز ئىچىدىكى ھەممىلا بوۋايلارنى ئەيىبلىمەكچى، ئۇلاردىن قۇسۇر تاپماقچى ئەمەسمەن. بىزدە تارىختا، مىللەتكە، ئەۋلادقا مەسئۇلىيەتچان، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئىمانى پاكىز، ئېتىقادلىق، ئەل ئۆزىگە ئاتا تۇتقۇدەك بوۋايلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن بۇ يەردە پەقەت

چوڭلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، قەرزىنى تونۇشىنى، شۇنداقلا بىزدە مەسئۇلىيەتچان، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بوۋايلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ، مىللەت ئۇلۇغلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، خالاس!

«يۇرەكتاغ» پوۋېستىدىكى بوۋاي دەل مەن ئارزۇ قىلىۋاتقان بوۋايلارنىڭ ۋەكىلى، ئۇ تارىخ! ئۇ، مىللەت ئاتىسى، ئۇ، مىللەتنىڭ تەجرىبىسى، ئۇ، مىللەتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى، ئۇ، مىللەتنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئىدېئولوگىيىسى.

ئۇ پوۋېستتىكى ئۈچ ئوغۇل مىللىتىمىزنىڭ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان، تاشلىنىپ قېلىۋاتقان، بۇرمىلىنىپ كەتكەن، ياتلىشىپ كەتكەن ئەسلى روھىنىڭ يېڭى نۇسخىسى. ئۇ ئۈچ نەپەر سۆيۈملۈك ۋە پەرىشتە سۈپەت، پاك سەبىيلەرنىڭ «ئۆلۈمى» ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر روھىنىڭ تىرىلىشىدۇر! «يۇرەكتاغ» بىر ماددىي زېمىنلا ئەمەس، بەلكى بىر روھىي زېمىندۇر، مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدۇر! ئۇيغۇر روھىنىڭ مەنبەسى ۋە تۈۋرۈكىدۇر! ھەممە مىللەتتە مۇشۇنداق بىر مەنىۋى زېمىن بار، بۇنداق بىر مەنىۋى زېمىن يوق مىللەت مىللەت بولالمايدۇ. بۇنداق مەنىۋى زېمىننى تاشلىۋەتكەن مىللەت ئاخىر بىر كۈن ھەتتا ناھايىتى تېزلىكتە ھالاك بولىدۇ! ئاۋۋال تارىخى، ئاندىن مەدەنىيىتى، ئاخىردا بولسا شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى يوقىلىدۇ!

مەن بۇ پوۋېستىم ئارقىلىق بايىقى چوڭلار ھەققىدىكى «كوتۇلداشلىرىم»نى بازارغا سالماقچى، ھايات ياشاۋاتقان چوڭلارنىڭ ئاشۇ پوۋېستتىكى ھېلىقى بوۋايدەك ياشلىرىمىزنى، ئەۋلادلىرىمىزنى مىللەتنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس روھىي زېمىنى تامان يېتەكلەپ مېڭىشىنى تەۋسىيە قىلماقچى، ئەۋلادلارنىڭ، ياشلارنىڭ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان چوڭلارغا، پىشقەدەملەرگە بولغان ئۈمىدىنى، تىلىكىنى يەتكۈزمەكچىمەن، خالاس!

ـ 1986 ـ يىلىدىن كېيىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا سىزنىڭ «جىنايەت ۋە جازا»، «تۈگىمەس چۈشلەر»، «كەلكۈن»، «شوپۇرنىڭ چۈشى»؛ «زەيتۇنە»، قاتارلىق پوۋېستلىرىڭىز، «يېڭى قەبرە»، «بىزنىڭ ئىمام»، «چىمچىلاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «كوچىدىكى ناخشا ئاۋازى»، «باغراش رىۋايىتى» قاتارلىق نەسىر ۋە ھېكايىلىرىڭىز كەينى ـ كەينىدىن بېسىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەر قايسىلار؟ قايسى ئەسەرلەر سىزنىڭ ئۇسلۇبىڭىزغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ روياپقا چىقىشىنى قىزغىن قوللىغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ـ ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى يامان دېمەيدۇ. لېكىن يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ھەم ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاشلا مەلۇم دەرىجىدە «خاھىشچانلىق» بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا مەن بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىكى «چىمچىلاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «كەلكۈن» ۋە «يېڭى قەبرە»نى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. خۇددى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەش بالىسىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرسىمۇ، شۇ بەش بالىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرىگە ياكى بىر نەچچىسىگە باشقىچىرەك ئامراق بولغاندەك. بولۇپمۇ «كەلكۈن» پوۋېستىنى ئالاھىدە ياقتۇرىمەن. بۇ پوۋېست مەيلى تېما، بەدىئىي قۇرۇلما، خاراكتېر ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن مېنىڭ يەنە بىر يېڭى پەللەمدۇر. ئۇنىڭدىكى كەيپىياتمۇ، رىتىممۇ، جۇزئىي مەۋجۇتلۇقمۇ ئۆزگىچە ھەمدە ئۇنىڭدىكى تىل ئۇسلۇبىممۇ يېڭى، تىل تۈسىمۇ تەبىئىي، يارقىن ۋە جۇلالىق. بۇنى مەن بىر رومانغا تالىق ئەسەر دەپ قارايمەن. بۇ ئەسەر كېيىنكى رومانىم ئۈچۈن ئۆرنەك بولغۇسى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇم كېلىدۇ. گەپنى شۇنداق كەسكىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايمەنكى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى يېقىنقى يەتتە ـ سەككىز يىل مابەينىدە بىزنىڭ مەتبۇئات ساھەمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. بولۇپمۇ ژۇرنالچىلىق ساھەسىدە مۇقىملىشىپ قالغان بىر خىللىق، بىر مەركەزلىك ۋە مونومولىيە تۈسىنى ئالغان ئادالەتسىزلىككە جەڭ ئېلان قىلدى. ئادەمگە قاراپ ئەسەر قوبۇل قىلىش، قوبۇل قىلغاندىمۇ ئەسەرنى خالىغانچە قىرقىۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش، ئاپتورنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ھەتتا «قايتا يېزىپ بېرىش»، ئاپتورنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى مەنسىتمەسلىك، قەلەم ھەققىنى ئۆزى خالىغانچە ۋە پرىنسىپنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا قالايمىقان بەلگىلەش، «ئېلان قىلىمەن دېمەك مەن قىلغانغا چىدا، بولمىسا ئىشىڭنى قىل!» دەيدىغان پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئاپتورنى «تار يەردە قىستاش»، سەھىپىلىرى تار، نامرات ۋە بىر خىل بولۇش، ئەدەبىيات كۆز قارىشى كونا ۋە قاتمال بولۇش قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇ خىل مونوپولچىلىق ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تولىمۇ زەرەرلىك ئىدى. بۇ ھالەت بىزدە 30 ـ 40 يىل داۋام قىلدى. خۇددى «بازار ئىگىلىكى» ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەندەك، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ژۇرناللارنىڭ كۆپىيىشى ياكى ھېچ بولمىغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش خاھىشى، ئىستىلى ۋە غايىسىنىڭ باشقا ژۇرناللارغىمۇ كۈنسېرى ئومۇملىشىپ بېرىشى، بىزنىڭ ژۇرنالچىلىق ساھەيىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «پىلانلىق ئىگىلىك» فورمىسىدىكى ئۆلۈك ۋە نەتىجىسىز بىر خىللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بىز بۇ جەھەتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ھەمدە ئەدەبىيات، مەتبۇئات ۋە گېزىت ـ ژۇرنالچىلىق ساھەيىمىزدە شەكىللىنىۋاتقان ھەمدە بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق كەيپىياتىغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

قۇربان مامۇت ئەپەندى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئەدىب بولۇپلا قالماي، بىر پىداكار، قۇربان بېرىش روھىغا باي، مەدەنىيەت ۋە ژۇرنالچىلىق ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغان بىر ئوت يۈرەك مۇھەررىر. ئۇنىڭ ھېچ غەرەزسىز، شەخسىيەتسىز ۋە جاپالىق ئەجرىسى «شىنجاڭ

مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ ژۇرنالنى بىر داڭلىق ژۇرنالغا، ھۆرمەتلىك ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل خانىسىنىڭ تۆرىگە چىقاردى. بىر تۈركۈم مەسئۇلىيەتچان مۇتەپەككۇر ۋە ئىزدەنگۈچى قەلەم ساھىبلىرىنى يۆلەپ، قوللاپ، ئۇلارنىڭ شېرىن ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تېگىشلىك قىممىتىگە ئىگە قىلدى. شۇ ۋەجىدىن بىز: «رەھمەت سىزگە، قۇربان ماموت ئەپەندى!» دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز! لېكىن . . . لېكىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قەلەم ھەققى يىللاپ - يىللاپ قولىغا تەگمەيۋاتىدۇ (ژۇرنالنىڭ مالىيىسى مۇستەقىل بولمىغان سەۋەبلىك، بۇ مەسئۇلىيەت ژۇرنال تەھرىراتىدا بولمىسىمۇ). بۇ مەسىلە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىشى ۋە تېزدىن ھەل قىلىنىپ كېتىشى كېرەككى، دەيمەن.

- سىز ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قاتلاملىق رولىغا قانداق قارايسىز؟ ھازىر بەزىلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولى بولمايدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، بۇنداق قاراش توغرىمۇ؟ مەسىلەن، سىزنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» دېگەن ئەسىرىڭىزدە ھېچقانداق تەربىيىۋى قىممەت يوق دېسەك توغرا بولارمۇ؟

- كىمدۇر بىرى: «مۇبادا خۇدا بولمىسا، ئادەملەر خۇدادىن بىرنى ياسىۋېلىشى كېرەك» دېگەنىكەن. مۇبادا ئەدەبىياتنىڭ ئەسلىدە تەربىيىۋى رولى يوق ئىدى دېيىلسە، مەن ئەدەبىياتنىڭ يەلكىسىگە ئاشۇنداق يۈكنى چوقۇم ئارتىپ قويۇش كېرەك، دەپ قارايمەن. بۇ، ئىش يۈزىدە ئىنتايىن ئەقەللىي تەلەپ. ئەدەبىيات ئادەم تەربىيىلىمىسە، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ياكى يازغۇچىنىڭ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى نەدە قالىدۇ؟ ئۇ ئۇچىغا چىققان تېتىقسىز، ئەھمىيەتسىز، ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ كىمگە كېرىكى بار؟ كۆڭۈل ئاچاي دېسەڭ، ئىش ئازمۇ؟ مەۋجۇت ئادەم - بىر بوشلۇق، لېكىن ئۇ، ۋاكۇئۇم ئەمەس. ئۇ شۇنداق رەڭدار، كۆپ مەزمۇنلۇق، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە تەجرىبىگە لىق تولغان بوشلۇقكى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشۇ بارلىقنى يەر شارىمۇ سىغدۇرالمايدۇ. سەن ئاشۇنداق بىر بوشلۇقنى يازغانىكەنسەن، ئوقۇغان ئادەم ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ، بوۋىسىنىڭ، بالىسىنىڭ، دوستىنىڭ، دۈشمىنىنىڭ سىماسىنى، خىيالىنى، مۇھەببەت - نەپرىتىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى، يىغا - كۈلكىسىنى، قايغۇ - خۇشاللىقىنى كۆرىدۇ؛ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلىدۇ، يىغلايدۇ، خۇرسىنىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، يامان كۆرىدۇ، ئەيىبلەيدۇ، ماختايدۇ . . . ئاندىن ئۆزى توغرىسىدا، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا خىيالغا چۆكىدۇ، ئۆزىنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرگە، ھەتتا ئۆزىگە تۇتقان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلايدۇ، دورايدۇ، رەت قىلىدۇ . . . مانا بۇ تەربىيە بولماي نېمە؟ تىرىك ئادەم ياكى ئۆلۈك توغرىسىدا سۆزلىگەن ھەر قانداق ئەسەردە تەربىيىۋى ئېلېمېنت بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر پارچە نەسرى ئەسەر بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ھايات تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى توغرىسىدا ھېكايە قىلىدۇ - دە! ھەتتا ئەڭ ساپ، ئەڭ يالىڭاچ مودېرنىزمچى ئەسەردىمۇ تەربىيىۋى ئېلېمېنت بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى بىر بەلگە. ھەر قانداق بەلگە قوزغىتىش، بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش، ئەسكەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ئادەمنى يېزىۋاتقان ئەدەبىياتچۇ؟ گەپ تەربىيىنىڭ جۇزئى ياكى ئېنىق، مەۋھۇم ياكى روشەن، نىقابلىق ياكى يالىڭاچ، گۇڭگا ياكى ئاشكارا ئەكس ئېتىشىدە. بەدىئىي ماھارەت دەل مۇشۇ پەللىدە ئايرىلىدۇ. بەزى «ئەدەبىي ئەسەر» لەر گەرچە ئادەم ھەققىدە سۆزلىگەندەك قىلسىمۇ، ئىش يۈزىدە ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنى قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن ھەقىقىي ئادەم بولماستىن، ئەكسىچە يازغۇچىنىڭ تەربىيە مۇددىئاسى (ماھىيەتتە سىياسىي مۇددىئاسى) غا خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان سۈنئىي ئادەم، گەپ قىلالايدىغان (گەپ قىلغاندىمۇ يازغۇچى ئوتتۇرىغا ئاتماقچى بولغان شوئارنىلا تەكرارلىيالايدىغان) سۆلياۋ قورچاق، «يازغۇچى»نىڭ يەتكۈزمەكچى بولغىنىنى تەكرارلايدىغان تۇتىقۇش، خالاس. شۇڭا، بۇنداق «ئەسەرلەر» ئەدەبىيات بولالمايدۇ. چۈنكى تەربىيە بېرىشنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات ئەمەستە! ئىنسانلارنىڭ چىن كەچۈرمىشى يېزىلمىغان، پەقەت «تەربىيە» نىلا مەقسەت قىلغان بۇنداق يېزىلمىلاردىن ھەممىلا كىشى بىزار، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىمۇ بىزار! ئەپسۇسكى، بىزدە ھازىرمۇ مۇشۇنداق نەرسىلەر ئەدەبىيات دەپ قارىلىۋاتىدۇ! ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى يازغۇچىنىڭ ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەم چاكىنا، گۈزەل ھەم بەتبەشىرە، پەرىشتە ھەم ھايۋان تەبىئەتلىك بىر مەخلۇقنى ھەقىقىي رەۋىشتە، قىلچىلىك ساختىلاشتۇرماي، چوڭقۇر سۈرەتلەپ بېرىشى نەتىجىسىدە تەبىئىي ۋە ئۆز ھال يوسۇندا بارلىققا كېلىدىغان بىر ھادىسىدۇر. تەربىيە ئۈچۈن ئادەمنى قەستەن سۈنئىيلەشتۈرىدىغان ھەر قانداق يېزىلما ۋە ئورۇنۇشلار ئەدەبىياتنىڭ مۇقەددەسلىكى ئۈچۈن ھاقارەت!

- سىزنىڭچە، يازغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشمۇ؟ يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا خاراكتېر تەسۋىرىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلماي تۇرۇپمۇ بەدىئىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟

- مېنىڭچە، خاراكتېر ياخشى ئېچىلمىغان ھەر قانداق يېزىلما ياخشى يېزىلما بولالمايدۇ. كەسكىنرەك ئېيتقاندا، ئەدەبىياتمۇ بولالمايدۇ. چۈنكى يازغۇچى ئادەمنى يازىدۇ. ئۇ ھەر قانداق يۈكسەك بەدىئىي غايىگە پەقەت ئۆزى يېزىۋاتقان ئادەمنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىقلا يېتەلەيدۇ. خوش، خاراكتېرسىز ئادەم بولامدۇ؟ خاراكتېرنى يازماي ئادەمنى قانداق يازغىلى بولىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئادەم خاراكتېرىنى قېزىش بىلەندۇر. چوڭقۇر قېزىش ياكى تېيىز قېزىش بۇ ماھارەتكە باغلىق ئىش. لېكىن مەيلى ياپيالىڭاچ مودېرنىزم بولسۇن، مەيلى سېھرىي رېئالىزم بولسۇن ياكى ئەنئەنىۋى رېئالىزم بولسۇن، خاراكتېرسىز ئۆرە تۇرالمايدۇ. شۇنى قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇكى، ھېچنەرسىنى ئارىلاشتۇرماي پەقەت لەيلەپ تۇرغان كۆكۈچ

تومان ھەققىدە سۆزلەۋاتقان يېزىلمىلاردىمۇ خاراكتېر بېلىنىپ تۇرىدۇ، يازغۇچىنىڭ خاراكتېرى، تىرىك ئادەمنىڭ، نەپەس ئېلىۋاتقان، ھەسرەۋاتقان، بوغۇلۇۋاتقان ئادەمنىڭ خاراكتېرى بىلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايۋاتقان، لېكىن تىرىك ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئاشكارىلىماي تۇرالمايۋاتقان، ئىچىگە تىنىدىغان، جىمغۇر، خىيالچان بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى. ئۇنداقتا ئادەمنى قەھرىمان قىلىپ يازغان ئەسەردە خاراكتېر بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، بولىدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. ئەدىب پۈتۈن جەھلى بىلەن خاراكتېرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇشى لازىم. بەدىئىي غايە ئەنە شۇ خاراكتېرنىڭ سايىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

— سىزنىڭچە، ھازىر پروزا ئىجادىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق نۇقسانلار قايسىلار؟

— مېنىڭچە، مۇنداق ئۈچ نۇقسان ساقلىنىۋاتىدۇ. بىرى، قېلىپتىن، رامكىدىن چىقالمايۋاتىمىز. بۇ ئاساسەن ئىجادىيەت تەشەببۇسىنىڭ ئاكتىپ بولالماسلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ بەك كونىلىقى، بولۇپمۇ تىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتە قېلىپلىشىۋېلىش. ئىككىنچىسى، تېما جەھەتتە كەڭلىككە، پىكىردە چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنەلمەسلىك، يېڭىچە بىرەر بەدىئىي غايە يارىتالماسلىق، ئۇششاق - چۈشەك «تۇرمۇش رېئالىزمى» بىلەن پۈت - قولىمىزنى چۈشۈۋېلىش، مۇشۇ «رېئالىزم» نىمۇ ئېپىدە قىمدىيالماسلىق. بۇلار بىزنىڭ كونا كېسىلىمىز. بۇلارنى ھەممىمىز بىلىمىز ۋە سۆزلەيمىز يەنە ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيمىز. بۇ ئاساسەن ئۆگىنىشىمىزنىڭ ناچارلىقى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنى ئۆگەنمەسلىكىمىز، پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشتىن قورقۇشىمىز، بېكىنمىچىلىككە بەك ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. مەن پەقەت ئۆگىنىش ۋە دادىل، قورقماي ئىزدىنىشلا بىزنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزالايدۇ، دەپ قارايمەن. ئۈچىنچىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پروزىدا بەزى يېڭى ھادىسىلەر يۈز بەردى. يېڭىچە ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بىر قىسىم يېزىلمىلار ئېلان قىلىندى. بۇ، بىر خىللىق، تۇرغۇنلۇق، بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قالغان پروزا ساھەمىز ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ، پروزىچىلىقىمىزنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇكى، بەزى ياش ئاپتورلىرىمىز ئىزدىنىش روھىنى توغرا نىشان بويىچە جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. مەلۇم ژۇرنالدا ئۈچ - تۆت پارچە ھېكايە ئېلان قىلىندى. بۇ ھېكايىلەر ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى ۋە تەسۋىرلەشتىكى ئىنچىكىلىكى بىلەن دىققەتنى قوزغىدى، لېكىن ئومۇمىي ئىجادىيەت خاھىشى جەھەتتە مېنى تەشۋىشلەندۈردى، يەنە بۇ ھېكايىلەردە ئومۇمەن دېگۈدەك بىر تۈركۈم ساراڭلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپتۇ.

ئەدەبىيات مەيلى ئۇ قايسى دەۋر ۋە قايسى ئېقىمنىڭ ئەدەبىياتى بولمىسۇن، بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئىجتىمائىيلاشقان، ئەقىل - ئىدراكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئادەمنى يازىدۇ. مېنىڭچە، توغما ساراڭلارنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئىجتىمائىي قىممىتى بولمىغىنىدەك ئەدەبىياتتىمۇ ھېچقانداق ئېستېتىك قىممىتى بولمايدۇ. بۇ، ساراڭلارنى يېزىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ساراڭلارنى ياۋروپا كلاسسىكلىرى يازغان، لۇشۇنمۇ يازغان، زۇنۇن قادىرىمۇ يازغان، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇرمۇ يازدى. لېكىن ئۇلارنىڭ يازغىنى ئىجتىمائىي مۇھىت، يەنى ھايات تەرىپىدىن كەلگەن چىدىغۇسىز زەربە - خورلۇقلار تۈپەيلى ئازاب ۋە كۈلپەت دەستىدىن ئۆزىنىڭ پىكىر ھەم تېنىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ قالغان بەختسىزلەر! ئۇلار ئەسلىدە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە ساغلام ئادەملەر ئىدى. ئۇلار يەنە ئاخىرىغىچە گاھ بىلىپ، گاھ بىلمەي ھايات كۈلپەتلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قارشىلىق قىلىدۇ... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر سادىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۆزىنى ئۆزى پۈتۈنلەي باشقۇرالمايدىغان روھىي كېسەللەردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ.

لېكىن، ھېلىقى ھېكايىلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئۆز - ئۆزىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن، ئۆزىنى يىغالمايدىغان، پارچىلىنىپ كەتكەن ئۆزىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان، بىر پۈتۈن ۋە مۇكەممەل ئىنسان خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرەلمەيدىغان توغما ساراڭلاردۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى بەلكىم ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنى، ئىككى ياقلىمىلىقنى ئىپچىشقا ئۇرۇنغاندۇ، لېكىن ئىنسان خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىق بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن خاراكتېر ئىككىسى ئىككى نەرسە. خاراكتېردىكى ئىككى ياقلىمىلىق - خاراكتېرنىڭ ئۆز ھالىتى. پارچىلىنىپ كەتكەن خاراكتېر بولسا، روھىي كېسەللىكنىڭ ئالامىتى. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆز ھال ئىككى ياقلىما خاراكتېر ئىگىسى ئۆزىنى باشقۇرالايدۇ، ئۆز - ئۆزىنى تەڭشىيەلەيدۇ، يەنى ئاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشنى بىلىدۇ. بۇ خىل خاراكتېردا رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك «مەن» نى باشقۇرىدۇ، «مەن» نى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا «مەن» مۇكەممەل ئورگانىك قۇرۇلما سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا پارچىلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ھەمدە بۇ خىل ئورگانىك بىرىكىش، ماھىيەتتە بىر قاتلامدىكى ئىككى خىل كۈچ كۈرىشىنىڭ بىرلىكى ھەم ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئىككى خىل كۈچ كۈرىشى (ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمى) نىڭ بىرلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، پارچىلىنىپ كەتكەن خاراكتېردىكى ئىككى بۆلەك بولسا، بىر - بىرسىگە بېقىنمايدۇ، بىر - بىرىگە ئايلانمايدۇ، بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلمايدۇ، ئۇ، ئاڭنىڭ كونتروللۇقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، پەقەت يوشۇرۇن ئاڭنىڭ باشقۇرۇشىنىلا قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا نە بىرىكىش، زىددىيەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ، دېمەك، خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىك بولمايدۇ. پەقەت خاراكتېرنىڭ ئۆز ھاللىقى (نورمال ھالىتى) دىلا ئىككى ياقلىمىلىق، زىددىيەت، بۆلۈنۈش ۋە بىرىكىش ھادىسىسى سادىر بولالايدۇ. ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك دەل مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان. كافكانىڭ سىمۋولىزمچە ئۇسۇلدا يېزىلغان «شەكىل ئۆزگىرىشى خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردە

بىر ئاددىي خىزمەتچى ئۇشتۇمتۇت قورتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئادەمچە خاراكتېرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ قورتقا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئازابلىنىدۇ، خىجالەت بولىدۇ، دات - پەرياد چېكىدۇ، ئاتا - ئانا، ئاچا - سىڭلىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، جەمئىيەتتىن نەپرەتلىنىدۇ.

. . مودېرنىستىك ئەسەرلەردىمۇ قىپقىزىل ساراڭلارنى يېزىش كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. «شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى»دە ماھىيەتتە كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ شەپقەتسىزلىكى پاش قىلىنغان. لېكىن تۇغما ساراڭلار ئارقىلىق قانداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا ئېتىش مۇمكىن؟!

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى (روھىي ھالىتى ئەمەس) غەيرىي ئۆز ھال (مۇناسىۋەتسىز ئىككى بۆلەككە پارچىلىنىپ كەتكەن) بولغاچقا، بىر ئابستراكت نۇقتىدىن «تاققىدە» يەنە بىر ئابستراكت نۇقتىغا سەكرەيدۇ، ئۇلارنىڭ «يىقىلىشى بىلەن قوپۇشى»نىڭ پەرقى بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى، نېمە يېگىنىنى، نېمە دېگىنىنى بىلمەيدۇ. بۇ خىل خاراكتېر ھەرگىزمۇ مۇرەككەپ، مول، تويۇنغان خاراكتېر بولماستىن، ئەكسىچە، يىمىرىلىپ كەتكەن خاراكتېردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ساراڭلار ئوقۇرمەنگە ھېچقانداق ئېستېتىك زوق ۋە يېڭىچە تەسىرات بېرەلمەيدۇ. پروزىمىزدا بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى ئېستېتىك قارىشىمىزدىكى قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭغا ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى خاتا چۈشىنىپ قىلىش سەۋەبكار، بۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. لېكىن قەستەن مۇشۇنداق خاراكتېرنى قوغلىشىش ئەدەبىياتىمىزدا يامان خاراكتېرلىك كېسەلنى پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا ئادەمنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇنى ئىنتايىن چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدىغان، ئادەمنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنى، پەسكەش لۈكچەكلىكنى «ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى» دېگەن قالپاق ئاستىدا بازارغا سېلىشقا قارشى تۇرۇشىمىز، پروزىچىلىقىمىزنىڭ قىڭغىر يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

- سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «ھازا ناخشىلىرى قىزغىنلىقى ۋە بىزدىكى ئانا ئوبرازى»، «سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرىڭىز جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى. سىز بۇ ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئەدەبىي ئەسەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ. بۇ قاراشلىرىڭىزنى نېمە ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆرۈر تاپتىڭىز؟

- بىرىنچى سەۋەب، ھازىر ئەدەبىيات ئومۇمەن ئالغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرەلمەيۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمىكىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلار كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر تۇرمۇش رىتىمى تېز، ھايات قايناق، ئادەملەر ئالدىراش. كىشىلەرنىڭ ئاچچىق چاينى دەملەپ قويۇپ ئولتۇرۇپ ھېكايە، پوۋېست، رومان ئوقۇيدىغان ۋاقتى يوق. «جاھان بازىرىدا تۈمەنمىڭ غەۋغا». ئىككىنچى سەۋەب، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىمدە سەنئەتنىڭ ساپلىقى ۋە چىنلىقىنى بۇلغاپ، سەۋەب - نەتىجە مەنتىقىسىدىكى غەيۋەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ئەرزىمەس «تۇرمۇش رېئالىزمى»غا باغلىنىپ قېلىشىمنى خالىمايمەن. ئاللىقانداق غەيۋەتخور خوتۇنلار توغرىسىدا ياكى دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئاللىقانداق ھەسەتخورنىڭ رەنجى توغرىسىدا ۋە ياكى ئۆزىنى «يازغۇچى»، «شائىر» ئاتىۋالغان، ئىش يۈزىدە بولسا ئەدەبىيات سورۇنىنى پاخاللاشتۇرۇپ ئېتىقسىز يېزىلمىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئەدەبىياتتىن بىزار قىلىۋاتقان ئاقىنانچى، خەلقىنى تونۇمايدىغان ئاز ساندىكى بەگچەك، كۆتۈرمىكەش «ئەدىبلەر» توغرىسىدا، قايسىبىر مەسچىتتىكى، قايسىبىر مەھەللىدىكى، قايسىبىر ئىدارىدىكى زىيانلىق ۋە ئېتىقسىز پۇت تېپىشىشلەر توغرىسىدا ھېكايە - پوۋېست توقۇشۇمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن ۋە بۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئۈچىنچى سەۋەب، ھازىر كىشىلەر نەق گەپكە، راست گەپكە ھەمدە تۈز ۋە ھازىر جاۋابقا موھتاج. ھېكايە - پوۋېستلاردىكى ئەگىتمىلەر، ئىشارىلەر ۋە بېشارەتلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ گەپلەرنى چايناپ، ھەزىم قىلىپ ئولتۇرغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ۋە مەلۇم مەنىدە خېلى زور بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى دەررۇ چۈشىنىپ يەتكۈدەك قۇربىتى يوق. شۇڭا، مەن مەسىلىلەرنى ئۇدۇل ۋە تۈزلا قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئۇدۇل ۋە تۈز گەپنى پەقەت ھېلىقىدەك ماقالىلەردىلا دېيىش مۇمكىن. بۇنداق دېگىنىم، ھەرگىزمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى چۆكۈرۈش ئەمەس، ئۇنداق قىلسام ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلغان بولىمەن. ھالبۇكى، مەن ئەبەدىلئەبەد ئەدەبىياتقا، بىر قەدەر ساپ ۋە ئېسىل ئەدەبىياتقا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىگە چوقۇنىمەن! لېكىن ھېلىقىدەك «ھازىر جاۋاب» ماقالىلەرمۇ بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە! ھازىر يەنىلا بۈيۈك مۇتەپەككۇر لۇشۈننىڭ يولىنى تۇتقان تۈزۈك، ئۇ ھەم ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ھەم يەنە ھېلىقىدەك «فېليەتون»لىرى بىلەن تۇرمۇش رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن! مېنىڭچە، بۇ روھ ۋە يول بولۇپمۇ ھازىر بىزگە بەك زۆرۈر.

- «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان «باھار، زېمىن، روھ»، «ئۈمىد دالاسىدا باھار» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرىڭىز ھەققىدىمۇ ئاز - تولا سۆزلەپ بەرسىڭىز. چۈنكى بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلار ھەققىدىمۇ جامائەتچىلىك ئىچىدە ئىنكاس بىر قەدەر كۈچلۈك بولدى. مېنىڭچە، ئۇ ھەقتە ھەق گەپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى خېلىلا زور، دەپ قارايمەن.

- بۇنداق ئەدەبىي ئاخباراتلار ھازىر بىزگە زۆرۈر. ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئىبارەت بۇ ژانىر بىزگە يېڭى كىردى. شۇ سەۋەبتىن ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار بىزدە تېخى بەكمۇ ئاز. ياخشى يېزىلغان بىر ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان بەدىئىي زوقى بىر ياخشى شېئىر، بىر ياخشى ھېكايە، پوۋېست، روماندىن كەم ئەمەس. يەنە كېلىپ بايا ئېيتقاندەك بىزگە ھازىر ئاچقان يەرگە بارىدىغان

نەق گەپ بەكرەك زۆرزۆر ھەمدە ھەر بىر سامەنىڭ، ھەر بىر يۇرتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇشقىقىنىڭ ئۆزىگە خاس «نەق گەپ»لىرى بەك جىق. بەزىلەر «سىز x x لەرنىلا ماختاپسىز» دېيىشتى. بىزنىڭ خاتايىمىز شۇ يەردە. ياخشىنى ياخشى دېمەيمىز، يامانغا دادىل تاياق سالالمايمىز. ياخشىنى ياخشى دېسە يامانمۇ؟ ئەل - يۇرتقا، خەلقىڭگە نەپ بەرگەن، باشپاناھ بولغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭىلىق، بەخت كەلتۈرىمەن، جەمئىيەت چاقىنى ئىلگىرى سۈرىمەن دەپ، ئاشۇ بىچارە دېھقان ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ قورسىقىنى تويدۇرىمەن دەپ كېچە - كۈندۈز جاپا چېكىپ، تەر ئاققۇزۇۋاتقان، ئاشۇلارنىڭ غېمىدە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايۋاتقان، شۇ ۋەجىدىن ئاغرىپ يېقىلىپ قېلىۋاتقان پاك ۋە ياخشى ئەمەلدارنى ماختىسا يامانمىكەن؟ «ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىلا ياخشى ئەمەس» دېسە، مەن قوبۇل قىلالمايمەن. بىزدە خەلق ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتقان پاك ئەمەلدارلار ئازمۇ؟ مۇبادا ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىلا «پالانچى»، «پۇستانچى» بولۇپ كەتسە، بۇ دۇنيا شۇ سائەتتىلا قىيامەتكە ئايلانمامدۇ؟ مۇبادا، شۇنداق دېگۈچىلەرگە شۇ ئەمەلنى بەرسە، قانداق ئەمەلدار بولۇپ چىقىشىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ھېچقانداق ئادەم ئەمەلدار بولغىنى ئۈچۈنلا گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك! پەقەت ئەمەلدارلىق تاجىسىنى كىيىۋېلىپ خەلقىگە تۈزكورلۇق قىلىدىغان، خەلقنىڭ دەردىگە قۇلاق سالمايدىغان، خەلقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ شەخسىي راھەت - پاراغىتى ئۈچۈن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى، ئارزۇ - ئۈمىدىنى سېتىپ يەيدىغان چىرىك ئەمەلدارلارلا گۇناھكار! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتە، يۇقىرى،! ۋە تۆۋەندە مۇشۇنداق ئەمەلدارلار بار، لېكىن بۇلار يەنىلا ئاز سانلىق، ئۇلار ھامان تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. لېكىن نوشىرۋاندەك ئادالەتنى ياقلايدىغان، باۋگۇڭدەك خەلقنىڭ ئاھ - زارىغا، ھالىغا يېتىدىغان، تارىختا ئۆتكەن كۆپلىگەن مىللەت قەھرىمانلىرى ۋە ئىنقىلاب داھىيلىرىدەك خەلق بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ياخشى ئەمەلدار، پاك ئەمەلدار، خەلقپەرۋەر ئەمەلدار تارىختىن بۇيان بولغان ۋە ھازىرمۇ بار. پارتىيە ئىچىدىمۇ، پارتىيە سىرتىدىمۇ، يۇقىرى ۋە تۆۋەندىمۇ بار! كىچىككىنە بىر مەسچىتنىڭ ئىماممىغىمۇ «جانابلىرى»، «تەقسىر» دەپ مۇراجىئەت قىلىمىز، خوش، خەلقىم، ۋەتىنىم دەپ يۈرەك قېنىنى خورىتىۋاتقان ياخشى ئەمەلدار، يۇرت ۋە مىللەت كاتتىلىرىغا ھەمدە ئەلسۆيەر قەلەم ساھىبلىرىغا، مۇتەپەككۇرلارغا، يازغۇچى - شائىر، ئالىملارغا جانابلىرى دەپ مۇراجىئەت قىلساق يامانمۇ؟! ياكى بۇنداق دېيىش ئۇلارغا بەك زايە كېتەمدىكەن؟ ئۆز ئۇلۇغلىرىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈش باشقا مىللەتلەرگە يارىشىدىكەنۇ بىزگە ياراشمامدىكەن؟ يارىشىدۇ دوستلىرىم، يارىشىدۇ! خەلقىم دېگەنلەرنى قانداق ئۇلۇغلىساق، ماختىساق ئەرزىيدۇ! خەققە ياراشقىنى بىزگىمۇ يارىشىدۇ. بىزگە غەيۋەت - شىكايەت، ھەسەتخورلۇق، چىدىماسلىق، سەت ۋە قەبىھ لەقەم، دۈشمەنلىككىلا يارىشىپ قالماي، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش، ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ئۆزىمىزنى ئۇلۇغلاش، ياخشىلارنى ئەڭ چىرايلىق ۋە گۈزەل تىللار بىلەن تىلغا ئېلىش، ماختاش، مەدھىيىلەشمۇ يارىشىدۇ. بولسا، ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنى ئەنە شۇنداق گۈزەل تىللار بىلەن مەدھىيىلەيلى، ماختايلى! چۈنكى ئۆزىنى سۆيۈش ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى بىلىش بولسا، يامانلاردىن نەپرەتلىنىپ ياخشىلارنى ياخشى دېيىش بىر گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاقتۇر. شۇڭدەك خەلق سۆيگەن ئەمەلدارنى ماختاشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەلۋەتتە! مەن، ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ سەھىپىلىرىنى ئاجرىتىپ، نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازمىلىرىمغا ئىشلەپ - تەھرىرلەپ، مېنىڭ ئاشۇ بىرتۈركۈم ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمنى ئېلان قىلىپ بەرگەن «شىنجاڭ گېزىتى»گە، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە، تەھرىرلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن ۋە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.

- سىزنىڭچە، «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە قانداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ؟ يازغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان تەرەپلەر بارمۇ - يوق؟ قەلەم ھەققىگە قانداق قارايسىز؟ بۇ جەھەتتە قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت؟

- كەچۈرۈڭ، مەن «ئاپتورلۇق ھوقۇقى» ۋە «قەلەم ھەققى مەسىلىسى» توغرىسىدىكى سوئاللىرىڭىزغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىشتىن ۋاز كېچىمەن، چۈنكى بۇ توغرىلىق ھەرقانچە سۆزلىسەكمۇ بىكار. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ئورگانلار ۋە خەلقىمىز مەنىۋى بايلىقنىڭ قىممىتىنى، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەمگىكىنى تونۇشنى، ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەنگەندە ئاندىن سۆزلەيلى. بولمىسا بۇ يەردە قەغەز - قەلەم ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمگىكىڭ ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ھەر قىماپ بىلەن ئاز بەرسەڭ، بولسىغۇ بەرمەيلا قويساق دەيدىكەن، قەلەم ھەققىنىڭ گېپى چىقسا يۇقىرىنىڭ بېشى ئاغرىيدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز يەنە نېمە دەيمىز؟ بىزدە «قەلەم ھەققى قانۇنى» دېگەن قانۇن يوق. ئاپتوردا قەلەم ھەققىنى ۋاقتىدا بەرمىسە، پەقەت سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىلا بولىدىكەن، لېكىن: «نېمىشقا مېنىڭ مانچە يىللىق ئەمگىكىمنىڭ قىممىتى نەچچە كىلو گۆشنىڭ پۇلىغا چىقمىش قىلمايدۇ» دەپ دەۋا قىلىش ھوقۇقى بولمايدىكەن. دەۋا قىلساڭ كىمگە قىلىسەن؟ سېنى سورايدىغان ئورگان بولمىسا. دەۋا قىلساڭ تېخى ئەكسىچە ئۆزۈڭ كۈلكىگە قالىسەن ۋە گۇناھكار بولىسەن، تەھرىر ئەپەندىلەرنى ۋە رەھبەرلەرنى رەنجىتىسەن، ساڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. بولدىلا، بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئىچىمىزنى ئاچچىق قىلغۇچە قاچانكى ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە تەھرىر بۆلۈملەر ھازىرقى قەلەم ھەققى ئۆلچىمىنىڭ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەمگىكىنى زاڭلىق قىلىش دەرىجىسىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكۈچە كۈتەيلى، كۈتەيلى، يەنە كۈتەيلى!

- ئاساسلىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىڭىز قايسىلار؟

- ھازىرچە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغۇدەك ئىجادىيەت تەجرىبەم يوق. كەچۈرۈڭ.

- سىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىسىز؟

- ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز پروزىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشەلمەي قالدى. ھازىر بىزدە پروزا ئىجادىيىتى سۈكۈتتە ئەمەس، تەنقىدچىلىك سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بەكمۇ زىيانلىق. تەنقىدچىلىرىمىز قىلىدىغان ئىش بەك كۆپ، لېكىن...

مەن تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى ئايىماسلىقىنى، يېتىشمىسە ئۆگىنىشلىرىنى ھەمدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: تالانتلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى مۇھەممەت باغراش (M2)



# ئەدەبىياتىمىزدا مىللەت ئادەملىرىنىڭ كەملىكى

ئىبراھىم ئەمەت

ئۇيغۇرلاردىن شائىر - يازغۇچى كۆپ چىقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىزدە شائىرلار شۇنداق كۆپ شېئىرلارنى يازدىكى، ئۇلار تۈگىمەس مۇھەببەت قوشاقلىرى، قەسىدىلەرنى چۆگىلەپ كېتەلمىدى. يازغۇچىلار ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولغان ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى قەغەز يۈزىگە كۆچۈرۈپ، قايتىدىن خەلققەقايتۇرۇپ بەردى. بۇ خىل يازغۇچى - شائىرنىڭ پورتېرتقا قاراپ رەسىم سىزىدىغان مەنزىرە رەسسامىدىن ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆمرى جانلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى قەغەزگە سىزىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندىكى، مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتى ۋە قىياپىتىنىمۇتەپەككۇرانە يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ باقمىدى. ئەسلىدە مىللىتىمىز بۇرۇنلا مەنزىرە رەسسامىغا ئەمەس، بەلكى مۇتەپەككۇر ئەدىبكە موھتاج ئىدى.

لۇشۇن نېمە ئۈچۈن خەنزۇ مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئەدىبىگە ئايلىنالىدى؟ ماركس نېمە ئۈچۈن پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى بولالىدى؟ بۇلاردىكى ئورتاقلىق: شۇ مىللەت، شۇ سىنىپنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاھۇ - زارى، ئارزۇ - ئارمانى بۇ ئىككى بۈيۈك شەخسنىڭ تەپەككۇرىدا ئەكس ئەتتى. ئۇلار بىر مىللەتنىڭ، بىر سىنىپنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلالىدى. شۇڭا بۇ ئىككى شەخس بىر مىللەتنىڭ، بىر سىنىپنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتتى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرما قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈم كىتاب خالتىسى بولغىنىم ئۈچۈن تۆت كۈندە بىر قېتىم كىتابخانا چۆگىلىمىسەم ئۇيقۇم كەلمەيدۇ. كىتابخانىدا ساپلا ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلار كۆپ، پەن - تېخنىكا، تارىخ، سىياسىيغا ئائىت كىتابلار يوق ياكى بەك ئاز. «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» دېگەندەك خەلقىمىزمۇ ئەدەبىيات خۇمارى بولۇپ كەتتى. باشقا ساھەدە ئىزدەنگۈدەك، بىر نەرسە يازغۇدەك ئىقتىدار بىزدە يوقمۇ؟ ياكى يازغانلار بىزگە يارىمامدۇ؟ بۇنى بىلمىدىم. مەيلى نېملا دېمەيلى، مەن ئەيىبنى يەنىلا زىيالىيلارغا قويدۇم. زىيالىيلىرىمىزنىڭ تولىسى يازغۇچى - شائىرلار تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغانلىرى ساپلا «باھار كەلدى»، «قىش كەلدى»، «يېڭى يىلغا سالام»، «كونا يىلغا خوش» دېگەندەك تەبىئىي قانۇنىيەت تۇسىنى ئالغان، خەلق بىلىدىغان نەرسىلەر تۇرسا، بۇ بىچارە خەلقىمىز شۇ دايقا ئۇسسۇل ئويىنماي قانداق قىلسۇن؟

زىيالىي - بىر مىللەتنىڭ يۈرىكى. جەڭگىۋار، جۇشقۇن روھقا ئىگە، مېڭىسى سەگەك، ئۆتكۈر پىكىرلىك زىيالىيلار قوشۇنى بولمىغان مىللەت - سەركىسىدىن ئايرىلغان پادىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق پادىنىڭ ھېچبىر نىشانى، مەنزىلى - تۇرار جايى بولمايدۇ. ئاخىر چېچىلىپ كېتىدۇ. بۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى دەل بۆرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىدۇر.

ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى (بۇ ئەدەبىي خاتىرە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 - يىللىق 1 -، 2 - سانى (قوشماسان) دا ئېلان قىلىنغان - مۇھەررىردىن) نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالالىدى؟ قاتتىق تولغاق ئازابىدا قالغان ئانىغا ئوخشاپ قالغان بۇ مىللەت مەنىۋى جەھەتتىن خېلى بۇرۇنلا قاتتىق ئىڭىراپ كەتكەنىدى. ئەختەم ئۆمەر دەل بۇ خىلى ئىڭىراشنى ھېس قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، ئاچ قالغان ئادەم تاماققا دۈم چۈشكەندەك خەلق بۇ ئەسەرگە دۈم چۈشتى.


مەن بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق يازغۇچى - شائىرلارنى ھەممىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. ئۇلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىدەك، زوردۇن سابىر ئاكىدەك، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر ئاكىدەك، ئەختەم ئۆمەردەك، مۇھەممەت باغراش... تەك خەلق كۈتكەن ئەدەبىياتنى بىرەلىسە يازسا، بولمىسا بىرسى يازغاننى يەنە بىرسى تەكرارلاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالمىسا دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ.

بىر مىللەت بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. دۇنيادا ھېچكىم چىرايىدىكى داغنى كۆرەلمەيدۇ. چوقۇم يۈرەكلىك، خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن قورقمايدىغان مۇتەپەككۇر - دانىشمەندىن بىرسى چىقىپ بۇ داغلارنى بۇ ئادەمگە كۆرسىتىپ بېرىشى، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرلىك ئۆسمىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىشى لازىم. بىز قاچانكى بۇ خىل رەھىمسىز ئادەمنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىساق ئاندىن روناق تاپىمىز.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىنىڭ خادىمى (M1)

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن نەمۇنە



# ئۇيغۇر خەتتاتلىق تارىخىدىن سۆز

ئىمىن تۇرسۇن

بىتىگچى بىلىكلىگ ئۇقۇشلۇغ كېرەك،
خەتى ئۆز بەلاغەت تەقى ئەزگۈرەك.

بىتىگدە خەت ئۆز بولسا ئاچلۇر كۆڭۈل،
ئوقىغۇ كەلۇر باقسا ئاۋنۇر كۆڭۈل.

بەلاغەت بىلە خەت تەڭەشسە قالى،
ئەدى ئەزگۇ ياڭ بۇ بىتىگ سۆز تىلى.

قامۇغ ئەزگۇ سۆزلەر بىتىگدە بولۇر،
بىتىنمىش ئۇچۇن سۆز ئۇنىتماس قالۇر.

(يۇسۇپ خاس ھاجىپ)

«خەت» - «سىزماق، سىزىق»، «ئىز»، «يازماق، يېزىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە سۆز. بۇ سۆزدىن تۈرلىنىپ «خەتتات» (خەت يېزىش ئۇستىسى)، «خەتتاتلىق» (ئۆزخەت يېزىش سەنئىتى ياكى بىلىمى) قاتارلىق ئاتالغۇلار ياسالغان. خەتنى چىرايلىق - ئۆز يېزىش يېزىق پەيدا بولغاندىن تارتىپ بىللە راۋاجلىنىپ كەلگەن. ئادەتتە، «ھۆسنى خەت» يەنى «چىرايلىق خەت» يېزىقشۇناسلىق ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ئىلىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە، مەكتەپ مائارىپىدا تېگىشلىك دەرسلەردىن سانىلىپ كەلگەن. خەتنى توغرا ئىملادا ۋە چىرايلىق يېزىش - مەدەنىيەتلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. شۇڭا، ھۆسنى خەت بىزدىمۇ، خۇددى يېزىق تارىخى ئۇزاق بولغان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردە بولغانغا ئوخشاش، ئىلىم -بىلىم ساھەسىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلگەن. كىتاب - رىسالىلەرنى قولدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش زامانلىرىدىغۇ خەتتاتلىق مۇھىم مەدەنىيەت ۋاستىسى بولغانىدى، يېزىق مەدەنىيىتى چاپلىق (تاش باسما) ۋە مىخ مەتبەئەچىلىك دەۋرىگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھاياتىي كۈچىدىن قالمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەتتاتلىق قايتىدىن جانلىنىپ، خەتتات ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يېڭى ئەۋلاد خەتتاتلىرىمىز كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقىپ، خەتتاتلار قوشۇنى شەكىللەندى. بۇ خەتتاتلار خەتلەرنىڭ ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان نۇسخىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەسۋىرىي خەتلەرنىڭ ئاجايىپ گۈزەل - جەلپكار نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. جۈملىدىن مىللىي مەتبۇئاتچىلىقنىڭ رەڭدارلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، ماختالغۇدەك ھەسسە قوشماقتا.

بۇ چاغقىچە، خەتتاتلىق تارىخىغا دائىر بىر قانچە ماقالىلەر گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى؛ خەتتاتلىق رىسالىلىرى ۋە نەمۇنىلىرىمۇ نەشىر قىلىندى. بۇ ياخشى باشلانما بولدى. ئەمما خەتتاتلىقنىڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقات چوڭقۇرلىشالمىدى ۋە تارىخىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى قىياپىتى تېخى ئوبدان يورۇتۇلمىدى. بۇنىڭغا يازما مەنبەلىرىمىزنىڭ كەملىكى سەۋەب بولدى. تىل - يېزىق تەتقىقاتى جەريانىدا كۆزدىن كۆچۈرگەن يازما ماتېرىياللاردا خەتتاتلىق تارىخىغا دائىر ئانچە - مۇنچە مەلۇماتلار كۆزگە چېلىقتى. شۇ مەلۇماتلارنى ئىخچاملاپ، خەتتاتلىرىمىز ۋە

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېتىبارىغا سۇنغۇم كەلدى.

1

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى يېزىق سىستېمىلىرىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش باشلانغىنىغا 200 يىلدىن ئاشتى. قەدىمكى تۈركىي يېزىقلاردىن بەزىلىرىنىڭ سىرى ئېچىلدى، بەزىلىرىنىڭ سىرى تېخى ئېچىلمىدى. بۇ يېزىقلار بىر نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە شەكىللەنگەن. ئەمما يېزىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى پەرەزلەر - كۆز قاراشلار ھەر خىل. بۇنداق پەرەزلەردە، تولاراق يېزىق سىستېمىسىدىكى ئايرىم ھەرپلەر ياكى تامغىلارنىڭ بىر قانچىسى فىنىكىلىقلار ئىروگلىف ئاساسىدا ئىشلىگەن ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرگە ئوخشاپ كېتىشى (ھەرپلەر ئىپادىلىگەن تاۋۇشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق) تۈپەيلىدىن، تۈركىي يېزىق فىنىكا ئېلىپبەسىدىن ئېلىنغان ياكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي يېزىقىنى ئىجاد قىلىشقا سوغدلار ۋاستىچى بولغان دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن.

قەدىمكى تۈركىي يېزىقلارغا دائىر ماتېرىياللار 1692 - يىلىدىن ئېتىبارەن تېپىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە بۇ يېزىقلار «رۇن» يېزىقى دەپ ئاتالدى. «رۇن» دېگەن سۆز گېرمانچە «سىر - سىرلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. شەكىل جەھەتتىن «گوت» (قەدىمكى گېرمان) يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۈركىي يېزىقنىمۇ گېرمانلارنىڭ (رېين ۋە دوناي بويلىرىغا تارقالغان خەلق) يېزىقى - «رۇن» يېزىقى دېگەن نامنى قوللانغان. بۇ «رۇن» يېزىقى دەپ ئاتالغان گوت يېزىقى تەخمىنەن ئېرامىزنىڭ 2 - 3 - ئەسىرلىرىگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر شەرقتىكى تۈركىي «رۇن يېزىق» نى غەربتىكى «رۇن يېزىق» تىن ئىلگىرى پەيدا بولغان، يەنى ئېرامىزدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ دەلىللەشمەكتە. ئورخۇن - يېنسەي بىتىگتاشلىرى تېپىلىپ، بۇ بىتىگتاشلاردىكى ھەرپلەرنى 1893 - يىلى دانىيىلىك ئالىم ۋىلھېلىم تومسون ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن روسىيىلىك ئالىم ۋ. ۋ. رادلوف ئوقۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىتىگتاشلاردىكى يېزىق «رۇن» يەنى «سىر» ئەمەسلىكى ئالىملار تەرىپىدىن ئېنىقلاندى. قەدىمكى تۈركىي ئېلىپبەدىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكىللىرىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر سېلىنىدىغان بولسا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، ئادەتتە قەدىمكى زاماندا كەڭ قوللانغان تامغىلارمۇ تۈركىي ئېلىپبەنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. بۇنداق تامغىلار - قىياتاش بەلگىلىرى ياكى «خەتلىرى» دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. بۇنداق بەلگىلەر موڭغۇلىيە، ئالتاي، يەتتەسۇ، لوپنۇر، قۇمۇل رايونلىرىدا كەينى - كەينىدىن كۆپلەپ تېپىلماقتا. قىيالارغا تۈرلۈك شەكىللەردە ئويۇلغان بۇ تامغىلاردا مەزمۇن جەھەتتىن، ئوۋ، بايرام، ھەر خىل سورۇنلار، كۈندىلىك تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، جەڭ - سۈلھ، توي - تۆكۈن قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنداق تامغىلارنىمۇ يېزىقنىڭ بىر تۈرى دېيىشكە بولىدۇ. يېزىقنىڭ بۇ تۈرى ئىروگلىف (رەسىملىك) يېزىق بىلەن فونىتىكىلىق يېزىق ئارىلىقىدىكى بىر خىل يېزىق - يەنى ئىدىئوگرافىك يېزىق بولۇپ، ھەر بىر تامغا بىر خىل چۈشەنچىنى ئىپادىلىگەن. قىياتاشلاردىكى بۇ خىل يېزىقلارنىڭ كالىلىگرافىك جەھەتتىن خىلمۇ خىللىقى بۇ «يېزىق» نىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يېزىقشۇناسلارنىڭ پىكرىچە، تۇنجى ئېلىپبەنى ئېرامىزدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا فىنىكىلىقلار (كەنئانىيلار) ئىجاد قىلغانىكەن. بۇ ئېلىپبە 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. ھەرپلەر ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنى ئىپادىلىگەن. فىنىكىلىقلارنىڭ تىلى سام تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ؛ بۇ تىلدا ئۈزۈك تاۋۇشلار رول ئوينايدۇ، يەنى سۆزلەرنىڭ تومۇرى ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ؛ سوزۇق تاۋۇشلار بولسا گراماتىكىلىق باغلىنىشلارنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا، فىنىكا ئېلىپبەسى ئاساسەن بوغۇملۇق يېزىق بىلەن ھەرپلىك - تاۋۇشلۇق يېزىق ئارىلىقىدىكى يېزىق ھېسابلانغان. يېزىقشۇناسلار فىنىكا يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە مىسىر، بابىل - ئاسۇرىيە، كرىتومىكىن يېزىقلىرى ئاساس بولغان، يۇنان ۋە ئارامى يېزىقلىرى فىنىكا ئېلىپبەسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بەزى ئالىملار تۈركىي يېزىق ئارامى ئېلىپبەسىدىن كېلىپ چىققان دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ. مۇبادا شۇنداق بولسا، تۈركىي يېزىق بىتىگتاشلار ۋە ھۆججەت - ۋەسىقىلەر تېپىلغان 6 - ئەسىردە ئەمەس، بەلكى فىنىكا يېزىقىغا ئوخشاش قەدىمكى زاماندا شەكىللەنگەن دېگەن خۇلاسە ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ھازىر تۈركولوگلارنىڭ پىكرىچە، قەدىمكى تۈركىي يېزىق جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇلارنىڭ غەربىي قوشنىسى يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدا ياشىغان سوغدلارنىڭ يېزىقىدىن ئېلىنغان، دېگەن نەزەرىيە ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ پىكرىدە: سوغد ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر تۈركىي تىل تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەشكە ماس كەلگەن، پەقەت تۈركىي ئېلىپبەدە سوغد ھەرپلىرى بىر - بىرىگە ئۇلانماي، ئايرىم - ئايرىم ھالدا توغرىسىغا يۇملاق شەكىلدە يېزىلغان دېيىلىدۇ. شۇنىسى روشەنكى، سوغد ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر ئورخۇن يېزىقىدىكى ھەممە ھەرپلەرگە ئەينەن توغرا كەلمەيدۇ. بۇ نەزەرىيىمۇ خۇددى قەدىمكى تۈركىي يېزىق «ئىسلاۋىيان يېزىقىدىن تۈرلەنگەن» دېگەن نەزەرىيىگە ئوخشاشلا بارا - بارا ئۇنتۇلۇشى تەبىئىي. چۈنكى قەدىمكى تۈركىي يېزىقلارنىڭ گېنېزىسىگە دائىر ئىلمىي تەتقىقاتلار، يېڭى - يېڭى مەنبەلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن، بارغانچە چوڭقۇرلاشماقتا.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەركەزلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇلاردىن قالغان تۈرلۈك يادنامىلار - بىتىگتاش، كىتاب - رىسالىلار، ھۆججەت - ۋەسىقىلەر، بەدىئىي ئەسەرلەر تېپىلغان رايونلارنى تۆۋەندىكىچە دائىرىلەش مۇمكىن:

1. ئورخۇن يادنامىلىرى - موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان

چوڭ - چوڭ يادنامىلار - بىلگە خاقان، كۆلتېكىن، تۇنيۇقۇقلارغا بېغىشلانغان بىتىگتاشلار؛ گۇنغىن، كۆلىچۇر، سىلىنگا، قۇت بالىق (كېيىنكى نامى قارا بالغاسۇن)، سوچى يادنامىلىرى؛ خويتۇ - تامىر، خانغاي ۋە غوبىدىن تېپىلغان يادنامىلار.

2. يېنسەي يادنامىلىرى - قىيالارغا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارغا، تەڭگىلەرگە چۈشۈرۈلگەن يادنامىلار.

3. لېنا - بايقال يادنامىلىرى - ئوقۇش تەس بولغان قىسقا - قىسقا تېكىستلەر.

4. ئالتاي يادنامىلىرى - قىيالارغا پۈتۈلگەن ۋە قەبرىلەردىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىلاردىكى خەتلەر.

5. تۇرپان يادنامىلىرى - تاشقا پۈتۈلگەن ۋە دوخان (دۇنخۇاڭ) ھەم مىرەندىن تېپىلغان قەغەز بىتىگلەر. ئادەتتە «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئاتالغان مىڭلىغان ھۆججەت - ۋەسىقە، كىتاب - رىسالە قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك، باي مەزمۇنلۇق يادنامىلەر.

6. قومۇل يادنامىلىرى - قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملار، قىياتاش تامغىلىرى.

7. ئاگنى (قاراشەھەر) - كۇچا يادنامىلىرى - بۇلارنىڭ تولىسى بۇددا دىنىغا ئائىت نوم ھەم ئىجتىمائىي - ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت.


8. بارچۇق يادنامىلىرى - ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «توققۇزساراي» خارابىسىدىن تېپىلغان ھەر خىل يادنامىلەر.

9. خوتەن يادنامىلىرى - لوپ، نىيە ناھىيىلىرىدىن تېپىلغان، «خوتەن يېزىقى» دا تارىشا، تېرە ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن ئىجتىمائىي، مەمۇرىي ۋەسىقىلەر، تەڭگە - مىس

چاقىلار (بۇلاردىكى يېزىقنى بەزى تەتقىقاتچىلار براھمى يېزىقىغا ئوخشىتىپ «براھمىيچە تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىدى).

10. يەتتە سۇ ۋە پەرغانە يادنامىلىرى - تالاس يادنامىلىرى (تەڭگىلەر، ئۆي سەرەمجان بۇيۇملىرى، ياغاچ نەقىش خەتلىرى ۋە باشقىلار)، پەرغانە يادنامىلىرى (كىرامىكا ۋە مېتال بۇيۇملاردىكى نەقىشلەنگەن خەتلەر) دىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا، شەرقىي ياۋروپا (دونېتسكى، دونايدىن - نوۋۇچېركەسسكى، ماياتس، سىركېل، ناد - سېن مىكلوشقىچە بولغان جايلار) دىن تېپىلغان ھەر خىل يادنامىلەر - خىش، كۈمۈش قاچا ۋە مېتال بۇيۇملارغا ئويۇلغان بىتىگلەر.




يېزىق تارىخىغا دائىر بۇ يادنامىلەرنىڭ ۋاقتى كۆپىنچىسىنىڭ تەخمىن قىلىنغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدىئوگرافىك خەت شەكلىنى ئالغان قىياتاش تامغىلىرى - بەلگىلىرىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 3000 يىلدىن ئاشىدۇ. ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ ۋاقتىمۇ 2000 يىلغا بارىدۇ.

قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يادنامىلەرنىڭ تولىسى پارچە - پارچە بولغاچقا، بۇلارنى پۈتكەن كاتىب - خەتتاتلارنىڭ ناملىرى نامەلۇم. ھەتتا پۈتۈنرەك بولغان كىتاب - ۋەسىقىلەرگە خەتتات - كاتىبلارنىڭ نام - نىشانلىرى يېزىلمىغان. ئورخۇن يادنامىلىرىدىن بىلگە قاغان، كۆلتېكىن بىتىگتاشلىرىنى ماھىر خەتتات - ئويمىكار يوللۇغ تېكىن ئىشلىگەن (مىلادى 735 - يىلى).

«بۈيۈك ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي پارچىلار، كىتاب - ۋەسىقىلەردىن ئاپرىنچۇر، ئاتساڭ دېگەن شائىرلار مەلۇم، بۇلار ناھايىتى ئۇستا خەتتاتلاردىن بولۇشى تەبىئىي. خەلق ئىچىدە كاتىبلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆججەت - ۋەسىقە يېزىش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان مەخسۇس كەسپكار - كاتىبلارمۇ جىق ئىدى. بۇلارغا مىسىرىسلا، قارا بۇقا، مىڭ تۆمۈرلەرنى ۋەكىل قىلىپ

كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى 9 - 10 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭمۇ باسما ۋە يازما شەكىللىرى بار ئىدى. باسما شەكىللىرى بىر قەدەر قېلىپلاشقان بولۇپ، ئېنىق - ئوچۇق، سىزىق شەكىللىرى مۇنتىزىم ئىدى. يېزىقنىڭ بۇتۇرى «سۇقار» دەپ ئاتالغان. يازما شەكىللىرى بولسا، بىر قەدەر ئەركىنرەك ۋە سۇۋارى يېزىشقا ئەپلىك بولۇش تەلىپىگە لايىق ئىدى. بۇ يېزىقلارنىڭ خەتتاتلىق نۇسخىلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك ماتېرىيال بولمىغاچقا، تېگىشلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقىمىز ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىشلەپ چىقىلغان يېزىق بولغاچقا، بۇ يېزىقنىڭ شەكىل - شامايىللىرى ئەرەب يېزىقىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق ھالدا ۋۇجۇدقا كەلدى. شۇڭا ھازىرقى يېزىقىمىزنىڭ تۈسلىنىشى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ باسقۇچتىكى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تارىخىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەرەب يېزىقىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

2

مىسىرلىق ئالىم ئەھمەد نەجىب «كىتابۇل - ئەسرۇل جەلىل لىقەدىمائى ۋادىل - نىل» دېگەن كىتابىدا، يېزىق تارىخى ھەققىدە كەڭ مۇتالىئە يۈرگۈزگەن ھازىر يېزىق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پىكرىچە، مىسىر خەلقىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىدىن كېيىن، فىنىكە (كەنئان) خەلقى ھەر بىر تاۋۇشقا بىردىن ھەرپ ئىشلەپ، ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىجاد قىلغان. بۇلارنىڭ ئېلىپبەسى 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. فىنىكە يېزىقى ئوڭدىن سولغا - توغرىسىغا يېزىلاتتى.

ئەرەبىستاندا ھىجاز رايونىدا ياشىغان ئەرەبلەر فىنىكە (كەنئان) ئېلىپبەسىدىن پايدىلىنىپ «ھىجازىيە» دەپ ئاتالغان ئەرەپ ئېلىپبەسىنى ئىجاد قىلغان. دەسلەپتە فىنىكە ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە، ھەرپلەرنى يادلاشقا ئوڭاي بولسۇن دەپ «ئەبجەد، ھەۋۋەز، ھۇتتى، كەلەمەن، سەئفەس، قەرەشەت» دەپ ئوقۇش قائىدىسى تۈزۈلگەن. ئەرەبلەر «ھىجازىيە» ئېلىپبەسىنى ئىشلەشتە، ئەرەب تىلىغا خاس بولغان تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالتە ھەرپ ( ث، خ ، ز، ض، ظ، غ ) نى ئىجاد قىلغان. يۇقىرىدىكى ئوقۇش قائىدىسىنىڭ ئالتە سۆزلۈك قۇرۇلۇشىغا ئىككى سۆز (سەخخەز، زەززەغ) نى قوشقان.

بەزى يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىچە، ئىبنى نەدىم (مىلادى 389 - يىلى) «ھىجازىيە» ئېلىپبەسىنى ئىسلاھ قىلىپ، «كوفىيە» دەپ ئاتالغان ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئىشلەپ چىققان.

ئىلگىرىكى ئەرەب ھەرپلىرى خۇددى لاتىن، سلاۋيان ھەرپلىرىدەك چېكىتسىز ۋە ھەرىكە - بەلگىسىز بولۇپ، بىر بىرىگە قوشۇلماي - ئۇلانماي ئايرىم - ئايرىم يېزىلىدىكەن.

دەسلەپكى «قۇرئان» ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا «خەت كوفى» بىلەن كۆچۈرۈلگەنىكەن. ئۇممەۋىيە خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك زامانىدا، ئىراق ۋالىيسى ھەججاج ئىبنى يۇسۇفنىڭ ئەمرى بىلەن يېزىقشۇناسلار ئەرەب ھەرپلىرىنى چېكىتلەر قويۇپ پەرقلەندۈرگەن. ئەبۇل ئەسۋەددۇئىلى (ھىجرى 49 - مىلادى 669 - يىلى) «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەرنى توغرا ئوقۇش ئۈچۈن، «ھەرەكەلەر» - دىئاكرىتىك بەلگىلەر (فەتھە، كەسرە، زەممە، يەنى زەۋەر، زىر، پەش) ۋە «سۇكۇن» ، «شىددە» ، «مەد» ، «تەنۋىن» (نۇنلاشقان فەتھە، كەسرە، زەممىلەر) بەلگىلىرىنى ئىشلەپ چىققان.

بۇ زاماندا مەشھۇر خەتتات خالىد ئىبنى ئەل - ھىياج مەزكۇر مۇكەممەللەشكەن «خەت كوفى» بىلەن پەيغەمبەر مەسچىتىگە «ۋەششەمس» سۈرىسىنى نەقىشلەپ يازغانىكەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز «قۇرئان» نى سەھىپلەپ، مەزكۇر «خەت كوفى» بىلەن بىر نۇسخا يازدۇرغان.

«خەت كوفى» نىڭ ھەرپلىرى ساددا ۋە يېزىشقا ئەپلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئەرەبلەر دىيارىدا تېخى مەتبەئەچىلىك ھۈنىرى مەۋجۇت بولمىغاچقا، كىتاب - رىسالىلەر، بارچە يازما - پۈتۈكلەر قول بىلەن يېزىلاتتى. كاتىپلارنىڭ كۆچۈرۈش ئىشى بەك كۆپ بولغاچقا، تېز ۋە كۆپ يېزىش ئۈچۈن، ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ، سۆزمۇ سۆز بويىچە يېزىشقا ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن، بىر ھەرپنىڭ بىر قانچە خىل شەكلى، يەنى يالغۇز، باش، ئوتتۇرا، ئاياغ شەكىللىرى كېلىپ چىقىپ، ئەرەب ھەرپلىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.

7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئەرەب يېزىقشۇناسلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى ھىرەۋىي «خەت كوفى» گە تەتبىق قىلىپ، بىر قانچە نۇسخا ۋە بېزەك ئۇسلۇبىنى ياراتقان.

بەنۇ ئابباس زامانى (ھىجرى 132 - مىلادى 749 - يىلى) دا ئەرەب خەلىپىلىكى پايتەختىنى كۇفەدىن باغدادقا كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام ئىلىملىرى كۆپ تەرەققىي قىلغان؛ ئالىملار، ئەدىبلەر، كاتىپلار، خەتتاتلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن؛ ئىلىم - پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە تۈرلۈك - تۈمەن ئەسەرلەر يېزىلغان. كاتىپلىق راۋاج تېپىپ، خەتنى چىرايلىق يېزىش بويىچە رىقابەت كۈچەيگەن. خەتتاتلىق راۋاجلانغان. مەشھۇر خەتتاتلار يېتىشىپ چىقىپ، ھۆسنخەتلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن. ئىسھاق ئىبنى ھىماد (ھىجرى 154 - مىلادى 770 - يىلى) ھۆسنخەتنىڭ بىر قانچە نۇسخا - شەكىللىرىنى، مەسىلەن، «خەت تۇمار» يەنى «يوغان خەت» (مەسچىتلەر ۋە ئابىدە - ئىمارەتلەرنىڭ پەشلىرى - مېھراب تاقلىرى ۋە شۇنىڭدەك كۆزگە چېلىقىدىغان جايلارغا نەقىش قىلىنىدىغان خەت نۇسخىسى) ، «سىجىللات خەتلىرى» (دەپتەر دارلىق يەنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، قازىخانىلاردا دەپتەرگە، تىزىملىككە يېزىلغان خەت نۇسخىسى) نى ياراتقان.

مەشھۇر خەتتات ناسىخ سابىت (مىلادى 8 - ئەسىردە) بىر خىل خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلىپ، بۇ نۇسخىنى ئۆز ئىسمى بىلەن «نەسىخ» دەپ ئاتىغان. خەتتاتلاردىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا (ھىجرى 294 - مىلادى 906 - يىلى) «خەت كوفى» نى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن. مەشھۇر خەتتاتلاردىن ئەبۇل فەزلى خەتلەرنىڭ ھەر خىل

تۈرلىرىگە ئاساسەن، يەنى ھىندى، سىر يانى، ئىبرى، قۇبتى، مۇئەققىلى، كوفى، كەشمىرى، ھەبەشى، رەيھانى ۋە روھانى خەتلىرىنىڭ شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، خەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، خەت تۈرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئىشلەپ چىققان. بۇ چاغقىچە ئەرەب يېزىقىدا «سۇلس»، «تەۋقى»، «رىقائى» دېگەن ھۆسن خەت نۇسخىلىرى ئىجاد قىلىنغانىدى. ئەبۇل فەزلى مەزكۇر نۇسخىلەرگە تەتبىق قىلىپ «تەئلىق» نۇسخىسىنى تۈرلەندۈرگەن. ئەبۇل فەزلىدىن كېيىن ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى سەفىيۇددىن رامەۋى، مەۋلانا ئابدۇللا سوفى قاتارلىق خەتتاتلارمۇ خەت نۇسخىلىرىنى تۈرلەندۈرگەن. مەسىلەن،

مىلادى 932 - يىلى)، ئەل - قاھىر بىللاھ (ھىجرى 322 - مىلادى 934 - يىلى)، ئەل - رازى بىللاھ (ھىجرى 329 - مىلادى 940 - يىلى) زامانلىرىدا باش ۋەزىر بولغان؛ قۇرئاننى تەپسىر قىلغان، ھەدىسلەرنى رەتلەپ كىتاب تۈزگەن. ئىبنى مۇقەللە ئۆز زامانىسىغىچە ئىجاد قىلىنغان ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى رەتلەپ، ئۇلارنىڭ تەرتىپىنى مۇنداق تۈزگەن: 1. سۇلس، 2. نەسخ، 3. تەۋقىئى، 4. مۇھەققىق، 5. رەيھان، 6. رىقائى، 7. نەستەلىق، 8. تەئلىق.

ئىبنى مۇقەللە خەتتاتلىق ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىققان (ھىجرى 328 - مىلادى 939 - يىلى).




(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھۆسن خەت نۇسخىلىرىدىن نەمۇنىلەر. خەتلەرنى ئاتاقلىق خەتتات نىياز كىرىم شەرقىي يازغان)

«نەسخ» نۇسخىسىنىڭ شەكلىگە «تەئلىق» نۇسخىسىنىڭ شەكلىنى كىرىشتۈرۈپ، «نەسختەئلىق» نۇسخىسى ئىشلەنگەن. بۇ نام ئېغىزدا بارا - بارا ئىخچاملىنىپ «نەستەلىق» دەپ ئاتالغان.

ئەبۇ ئەلى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇقەللە - بەيزاۋىي (بۇ زات تارىختا «ئىبنى مۇقەللە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) - ئىسلام تارىخىدا ئاجايىپ - ئۆزگىچە مەشھۇر بولغان بۇ شەخس - ئابباس خەلىپىلىرىدىن ئەل - مۇقتەدىر (ھىجرى 320 -

بۇ قائىدە «خەتتىل مەنسۇپ» («خەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى») دەپ ئاتالغان. خەتتە مۇۋازىنەت يەنى تەڭپۇڭلۇق، تەكشىلىك، بىرلىك - تاناسىپ بولۇش قائىدىلىرى بايان قىلىنغان. ئىبنى مۇقەللەنىڭ زامانىسىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» مەشھۇردۇر. «كەشفى زۇنۇن» دېگەن مەشھۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى (يەنى مۇستەفا ئىبنى ئابدۇللا كاتىپ چەلەبى 1591 - 1656) «ھاجى خەلىپە» ئۆزىنىڭ كىتابىدا، يەنە شۇ مۇقەللە زامانىسىدا «خەت

بەدىئ» (گۈزەل خەت) دەپ ئاتالغان نۇسخا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ئىبنى مۇقەللەنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئابدۇللا ئىبنى ئەسەد ئەل ـ قارى، مۇھەممەد ئىبنى ئەل ـ سەمسانى خەتتاتلىق ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان. بۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىزباسار شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، ئابدۇللا ئىبنى ئەسەد (ھىجرى 410 ـ مىلادى 1019 ـ يىلى) تەربىيىسىدە ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئىبنى بىلال باغدادى «ئىبنى ئەل ـ بەۋۋاب» دېگەن نام بىلەن، خەتتاتلىق ئىلمىدە «يېتۈك ئىمام» دەپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ، ئاتىسى خەلىپىلەردىن ئەل ـ قادىر بىللاھنىڭ ئىشىك باقارى بولغانلىقى ئۈچۈن، «بەۋۋاب» دەپ ئاتالغان. ئۇ، ئىبنى مۇقەللەنىڭ «خەتتىل مەنسۇپ» دېگەن كىتابىنى تولۇقلاپ يېزىپ چىققان. كېيىن بەھائىد ـ دەۋلە كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەپ، تەئلىق نۇسخىسىنى ئىسلاھ قىلغان. تارىخچى ئىبنى خەللىكاننىڭ يېزىشىچە (11 ـ ئەسىر باشلىرىدا تۈزۈلگەن «تەبەقات» توپلىمىدا)، ئىبنى بەۋۋاب ھىجرى 413 (مىلادى 1022) ـ يىلى ۋاپات ىلغان. يەنە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى دۇلمەلىك، مەشھۇر ھەدىسچى ھەم خەتتات زەينەپ ئەد ـ ينۇرىيە (مەلىك شاھ سالجۇقى زامانىسىدا)، ياقۇت بنى ئابدۇللا ئەل مەلەكى ئەل مەۋسىلى ۋە باشقا خەتتاتلار «نەسخ» نۇسخىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. بۇلاردىن ياقۇت (جامالىددىن ئەبۇل مەجىد ـ ياقۇت ئىبنى ئابدۇللا) خەتتاتلىق ساھەسىدە «قىبلە تۇل كىتاب» (كاتىبلىق قىبلىنەماسى) نى تۈزگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىم ۋە ئەدىبلىرى ـ مەھمۇد كاشىغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئابدۇلغەفۇر كاشىغەرىلەرمۇ ھۆسن خەت بابىدا يېتۈك ئۇستازلار ئىدى. ئەپسۇسكى بۇلارنىڭ ھۆسن خەت نەمۇنىلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنىڭدەك 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەدىب ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكى («ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ مۇئەللىپى)، 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇل فەزلى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خالىد ئەل قارشى (جامال قارشى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئالىم، «سۇراھ» لۇغىتىنىڭ مۇئەللىپى) ناھايىتى ئۇستا خەتتاتلاردىن ئىدى.

بابۇر شاھ دەۋرىدە (مىلادى 1483 ـ 1530) خەتتاتلار ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر خەتتات مىرئەلى تەبرىزىنىڭ ھۆسن خەت نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «خەتتى بابۇرى» نى ئىجاد قىلغان. ھازىر ھىندىستان ۋە پاكىستانلاردا مۇسۇلمانلار مەتبۇئاتتا كەڭ قوللىنىۋاتقان خەت نۇسخىسى ئەنە شۇ «خەتتى بابۇرى» شەكلىدىن تەرەققىي قىلغان.

## 3

قەشقەرىيە ۋە ھىراتتا، 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە «چىغىتاي تىلى» دەپ كېيىن نام بېرىلگەن ئۇيغۇر يېزىق تىلىدىكى ئەدەبىيات راۋاجلانغان چاغلاردا، مەشھۇر خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان. بۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى: ھىراتتا كىتاب تەسنىپ قىلىش ۋە كاتىبلىق ـ خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان زاتلاردىن مەنسۇر باخشى (مىلادى 1435 ـ يىلى «بەختىيار نامە» نى كۆچۈرگەن خەتتات)، مەلىك باخشى («مىئراجنامە» نى كۆچۈرگەن خەتتات) لار بىزگە مەلۇم. شۇنىڭدەك ھىراتتا ياشىغان خەتتاتلاردىن ئابدۇرەھىم ھىرەۋىي، موللائابدۇلقادىر ئاخۇنلار مەسچىت ۋە مەنزىلگاھلارغا تۈرلۈك نۇسخىلاردا خەتلەر نەقىشلىگەن.

16 ـ ئەسىردە، ياركەنتلىك «ئايازى» شۇ زاماننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى بولۇش بىلەن بىللە ئۇستا خەتتاتى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «جاھاننامە» ئەسىرىنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەندىن باشقا، شائىر ۋە مۇغەننى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، شائىرە ۋە مۇقامشۇناس «نەفىسى» (ئاماننىساخان) نىڭ غەزەللىرىدىن دىۋان تۈزۈپ، ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرگەن؛ «نەفىسى» نىڭ «ئەخلاق جەمىلە» ۋە «شۇرۇھول قۇلۇب» دېگەن كىتابلىرىنى خۇشخەت بىلەن كۆچۈرگەن.

17 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە خەتتاتلىق سەنئىتىدە تۆھپە كۆرسىتىپ، يادنامىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن خەتتاتلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ:

مۇھەممەد سادىق يېگىھسارى (ھىجرى 1103 ـ مىلادى 1692 ـ يىلى) «تەرجىمەئى مەجمۇئەتۇل مۇھەققىقەين» نى تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرگەن.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر (ھىجرى 1131 ـ مىلادى 1718 ـ يىلى) «ئەسارۇل ئىمامىيە» دېگەن نام بىلەن «كەلىلە ۋە دىمنە» نى پارسچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئۆزى كۆچۈرگەن.

مىرپازىل ئىبنى موللاكىچىك ساقى (ھىجرى 1150 ـ مىلادى 1737 ـ يىلى) مەشھۇر تارىخ كىتابى «رەۋزەتۇس ـ سەفا» نىڭ 1 ـ جىلدىنى تەرجىمە قىلغان ۋە كۆچۈرگەن.

پوسكاملىق موللا ئابدۇلشۇكۇر «قەسەسى رابغۇزى» نى كۆچۈرگەن.

موللا ئۇشۇر ئىبنى موللا مىرتۆمۈر ماچىنى (ھىجرى 1185 ـ مىلادى 1771 ـ يىلى) «خەمسە نەۋائىي» نى كۆچۈرگەن.

مۇھەممەد گەدا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم خوجا گەدا (ھىجرى 1182 ـ مىلادى 1768 ـ يىلى) «نەسەبنامەئى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى» (مۇئەللىپى خوجا مۇھەممەد شەرىف ياركەندى) نى كۆچۈرگەن.

خوجا ئابدۇللا ئىبنى مەۋلانا ئابدۇلئەلىم (ھىجرى 1212 ـ مىلادى 1797 ـ يىلى) «كەلىلە ۋە دىمنە» (موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسى ـ «ئەسارۇل ئىمامىيە») نى كۆچۈرگەن.

مۇھەممەد ئىمىن «قەلەندەر خوجا» (ھىجرى 1235 ـ مىلادى 1819 ـ يىلى) «تەزكىرە تۇل خاجىگان» (مۇھەممەد سادىق كاشىغەرى ئەسەرى) نى كۆچۈرگەن.

يېڭىسارلىق موللا سالىھ كاتىپ (ھىجرى 1240 ـ مىلادى 1825 ـ يىلى) «كەلىلە ۋە دىمنە» نى كۆچۈرگەن.

تۆمۈر خوجا ئىبنى ئابدۇلئەھەد (ھىجرى 1241 ـ مىلادى 1826 ـ يىلى) «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلى»نى كۆچۈرگەن. مەزكۇر كىتابنى شۇ زاماندا يەنە موللازاكىر ئىمام ئاقسۇيى كۆچۈرگەن.

تۇردۇش موللا ئىبنى ئابدۇللا «غەرىبى» ۋە ئابدۇرەھىم نىزارى 19 ـ ئەسىردە يېتىشكەن رېئالىستىك شائىرلار بولۇش بىلەن بىللە، زەھۇرىددىن ھېكىم بەگ ئوردىسىدا كاتىپ، جۈملىدىن ئۇستا خەتتاتلار ئىدى. بۇ ئىككى شائىر ھىجرى 1257 (مىلادى 1841) ـ يىلى «غەرىبلەر ھېكاياتى» (داستانلار مەجمۇئى)نى يېزىپ، ئۆزلىرى كۆچۈرگەن. تۇردۇش موللا يەنە ھىجرى 1293 (مىلادى 1876) ـ يىلى «تەزكىرەئى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى» نى كۆچۈرگەن.

قاراقاشلىق موللا سۇلتان قوزى ھىجرى 1253 (مىلادى 1837) ـ يىلى «تەرجىمەئى شاھنامە» (پىردەۋسى ئەسىرى، شاھ مۇھەممەد ئىبنى خوجانىزامىددىن تەرجىمىسى) نى كۆچۈرگەن.

موللانىياز ئەئلەم ھىجرى 1256 (مىلادى 1840) ـ يىلى «تەزكىرەئى بۇغراخان» نى كۆچۈرگەن. بۇ كىتابنى يەنە يېڭىھىسارلىق موللا قۇربان خەلپەت ئىبنى موللا ئىبراھىم ھىجرى 1307 ـ يىلى كۆچۈرگەن.

موللا مۇھەممەد ياقۇب ھىجرى 1262 (مىلادى 1845) ـ يىلى «شەجەرەئى بۇزۇرگان»نى، ھىجرى 1263 (مىلادى 1846) ـ يىلى «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف»نى كۆچۈرگەن.

ياركەنتلىك مەۋلانا مۇھەممەد يۇسۇپ ۋە ئوغلى ئابدۇللەتىپ ھىجرى 1247 (مىلادى 1831 ) ـ يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ئەسەرى) نى كۆچۈرگەن.

ياركەنتلىك موللا مۇھەممەد سالىھ ئىبنى غۇربەت سوفى ھىجرى 1280 (مىلادى 1863) ـ يىلى «فەرھۇل قۇلۇب» (ئابدۇلرەھمان ئەل ئەبدىنىڭ 20 بابلىق پەلسەپىۋى ئەسەرى) نى كۆچۈرگەن. بۇ شائىر ـ خەتتات «ئەشئار دەرنەئىت ھەزرەتى خان خوجام پاشا»نى يېزىپ، ئۆزى كۆچۈرگەن.

ئەييۇب ئاخۇن ۋە ئابدۇلمۆئمىن ئاخۇنلار ھىجرى 1286 (مىلادى 1869) ـ يىلى «تەزكىرەئى ئىمام زىبىھلار» نى كۆچۈرگەن.

موللا پەخرىددىن ئىبنى موللا مۇھەممەد يۇسۇپ ھىجرى 1294 (مىلادى 1874) ـ يىلى «ئەسارۇل ئىمامىيە» («كەلىلە ۋە دىمنە») نى كۆچۈرگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن كاتىپ ـ خەتتاتلاردىن بىزگە يادنامىلىرى مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

موللا ھەكىم خوجا ھىجرى 1306 (مىلادى 1888) ـ يىلى «تەزكىرەئى خوجا قۇتبىددىن ئىراقى»نى كۆچۈرگەن.

ھاجى ئابدۇلكەرىم ۋائىز ھىجرى 1309 (مىلادى 1891) ـ يىلى «دۇئالار»نى كۆچۈرگەن. شۇ يىللىرىدا نىئمان ئىبنى موللا مۇھەممەد يۇسۇپ ھىسارى ھىجرى 1310 (مىلادى 1892) ـ يىلى «تەزكىرە تۇل ئەسھاب»نى كۆچۈرگەن.

مىرزا ئابدۇلقادىر ئاخۇن ئابدۇللا قازى ئاخۇن ئوغلى ھىجرى 1311 (مىلادى 1893) ـ يىلى «ھاتەمنامە» (ئاقسۇلۇق مۇھەممەد ھەسەن ئەئلەم ئاخۇن تەرجىمىسى) نى كۆچۈرگەن.

قەشقەر تاشمىلىقلىق خەتتات ھاجى يۇسۇپ ئىبنى موللا ئوشۇر خەلپەم ھىجرى 1322 (مىلادى 1904) ـ يىلى «تەرجىمەئى تارىخ رەشىدى»نى، ھىجرى 1325 (مىلادى 1907) ـ يىلى «جامىئۇت تەۋارىخ»نى كۆچۈرگەن (بۇ ئەسەرنى ھاجى يۇسۇپ ئۆزى يازغان).

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قۇمۇلى ئىبنى ئۆمەر ئىبنى نۇرۇللا قۇمۇلى ـ موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ ئوغلى موللا توختىنىياز قۇمۇلى ھىجرى 1320 (مىلادى 1902) ـ يىلى «دۇررۇل نىجاد» (نىزارىلار ئەسىرى)نى، ھىجرى 1328 (مىلادى 1910) ـ يىلى «تارىخ ئەمنىيە»نى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ھېكاياتى ھۆرلىقا»نى كۆچۈرگەن.

ئابدۇلمەننان ئىبنى مۇھەممەد ئىمىن «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلى»نى كۆچۈرگەن.

شائىر سەيد مۇھەممەد (مىلادى 1862 ـ 1880 ـ يىللىرى) غۇلجىدا ياشاپ، «شەرھى شىكەستە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ۋە دەسلەپكى نۇسخىلىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرگەن.

ئالاھىدە مۇتالىئە قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ كاتىپ ـ خەتتاتلاردىن «ئەۋلادىي كاتىپ ـ خەتتات» لار بولغان. مەسىلەن، مەۋلانا مۇھەممەد يۇسۇپ ھىسارى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئابدۇللەتىپ، پەخرىددىن، مۇھەممەد نىئمان، قۇمۇللۇق موللامۇھەممەد تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى موللا توختىنىيازلار شۇنداق ئىدى.

ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولغان بۇ زاتلارنىڭ سۆيگەن كەسپى كاتىبلىق بولۇپ، ناھايىتى خۇشخەت ھەم ئۆززامانىسىدا خەتتاتلىق سەنئىتىدە مەشھۇر ئۇستازلار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆچۈرگەن قولىيازمىلىرىدا تولاراق خەت تەئلىق، خەت نەستەلىق ۋە خەت دىۋانى ياكى سىجىلات نۇسخىلىرى قوللىنىلغان. ئۆز ۋاقتىدا بەزى خەتتاتلارغا «شېرىن قەلەم»، «زەررىن قەلەم»، «مۇشكىن قەلەم» دېگەندەك ناملار بېرىلگەن.

بۇ خەتتاتلارنىڭ ھۆسىن خەت يېزىش ۋە خەت نۇسخىلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىشتا ئۈلگە قىلىش، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىمىزنى ئەنئەنىۋى ۋە تەسۋىرىي جەھەتتىن تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۇرۇش ـ نۆۋەتتىكى خەتتاتلىق ساھەسىنىڭ بۇرچلىرىدىن بىرى.

1996 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

---

**ماۋزۇ سۈرىتىدە: ئالىم، ئەدىب، تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن**

**(M1)**



# ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

مۇھەممەت ئوسمان ھاجى

ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنى تولا كۆرۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھاسىل قىلغان ۋە پىشقان. دوختۇرلار كېسەللەرگە دورا تەييارلىغاندەك ئەجدادلىرىمىزمۇ خارلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەخلاقسىزلىق كېسەللىرىگە ئۆز تەجرىبىلىرىدىن پەزىلەت دورىلىرىنى تەييارلاپ، بىزنى ئېسىل ئەخلاق، ياخشى مىجەز - خۇلققا ئۈندىگەندۇر. «ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە» ناملىق بۇ ئاددىي ئەسەرنى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە - ساۋاق، خاتىرە - خاتىرىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ياش ئەۋلادلارغا ياردىمى بولۇرمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە يازدىم. بەلكىم يازغانلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن كەلگۈسىدە دوست - بۇرادەرلىرىم ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىرى ھەققىدە ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاپتوردىن

## ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشى

ئىنسان ئۆزىدە ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - كەسىپ ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى ھازىرلىغاندىلا كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

ئادەم بالىسىنىڭ ھايۋاندىن پەرقى - ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىدىندۇر. ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا باغلىق بولىدۇ.

دېمەك، كىشىگە بىر ئالاھىدە بولغان ئىلمىي - ئەخلاقىي سۈپەتنىڭ قوشۇلمىقى ئۇنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.

بىر ئادەم ئەدەب ۋە ئېسىل خۇلق ئىگىلىسە، ئىلىم ئۆگەنسە ياكى ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىپ ئىلمىي تەشكىلاتلار، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۈتۈپخانا، يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا ئىنئام - ئېھسان قىلسا كاتتا ھۆرمەت ۋە ئىززەت تاپىدۇ. ئۇ، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ نام - شەرىپى ئەل - جامائەتنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشى ئەدەبسىز (قىلىقسىز)، ئىلىمسىز ۋە ھۈنەرسىز ئۆمۈر كەچۈرسە، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نام - نىشانى ۋە ئېتىبارى بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن تامامەن ئۇنتۇلىدۇ.

ھەر قانداق كىشى تېنى سالامەت، پۇرسەت بار ۋاقتىدا ئىلىم ئۆگىنىشى كېرەك، خۇسۇسەن ياشلار ئۈچۈن ئىلىم ھاسىل قىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ياشلىق ۋاقتى دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن قىممەتلىكتۇر. شۇڭا، ئۇنى چوڭ پۇرسەت ۋە غەنىيمەت بىلمەك كېرەكتۇر. بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قانچىلىك ئەپسۇس قىلىنىسىمۇ پايدا بەرمەيدۇ ۋە قانچىلىك مال - دۇنيا سەرپ قىلىنسىمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

## ئەدەب - ئەخلاق ھەققىدە

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ بالىلىرىغا ئەدەب - قائىدە ئۆگىتىپ، ئۇنى «قىلىق - خۇي» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئەدەب ۋە ياخشى قىلىق پۈتكۈل ئىنسانغا خاس سۈپەتتۇر.

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

ئەخلاق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئېسىل ئەخلاقىي قىلىقلار، يەنە بىرى، ناچار - پەس ئەخلاق ۋە قىلىقسىزلىقلاردۇر.

ئەخلاق ئىگىسىگە ئاز سۆز كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىز كىشىگە ھەر قانچە كۆپ سۆزمۇ كار قىلمايدۇ.
بىر كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشتە مۇھىمى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قاراش كېرەك.

### ئەدەب

ئەدەب - جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش يولىدىكى قائىدىلەر بولۇپ، يامان سۆز، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى يىغماق، ئۆزىنىڭ ھەم كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەسلىكتۇر.

بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقىدىن كېلىدۇ.

ئاتا - ئانا، ئۇستاز، ئىلىم ئەھلى، پېشقەدەملەر، ساۋاقداشلار ئالدىدا ئەدەبلىك بولۇش - ھەر بىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. ھەقىقىي ئادەم ئەدەب «قېلىپى»غا چۈشكەن بولىدۇ.

### بىلىم

بىلىم - بىلمىگەننى بىلمەك ۋە ئۆگەنمەكتۇر.

ئۇ، ئىنسان ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر زىننەت، شۇنداقلا بارچە پەزىلەتنىڭ گۈلتاجىدۇر.

بىلىم ئېلىشتىن مەقسەت - دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە پايدىسى ياكى زىيىنى بولغان نەرسىلەرنى بىلىش بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس سۈپەتتۇر.

ئىلىمدارلار بىلەن نادانلار ھەرگىزمۇ تەڭ بولالمايدۇ. بىلىملىك ئادەم ئۇستازمۇ، ئىجادكارمۇ، ناتىقمۇ، ئۇستىمۇ، تىلماچمۇ... ھەممە - ھەممىسى بولالايدۇكى، قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئىلىم ئەھلى خۇددى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرىدۇ ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا نەپ بېرىدۇ.

### ھېكمەت

ھېكمەت - بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى - سىرىنى تېگى - تەكتىگىچە، ئىنچىكىلەپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ بىلمەك ۋە ئويلاپ - ئەقىل بىلەن سۆزلىمەكتۇر.

### مۇلايىملىق

مۇلايىم كىشى - كەمتەرىن، سىلىق، ئاداۋەت تۇتمايدىغان، ئەپۇچان، ياخشى نىيەتلىك كېلىدۇ. مۇنداق سۈپەتلىك كىشىگە ھەممە ئادەم ئامراق بولىدۇكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆتۈملۈك ۋە قوبۇل قىلارلىق بولىدۇ.

مۇلايىملىق غەزەپنى ھەر چاغدا مەغلۇپ قىلىدۇ.
باتۇر كىم؟ دەپ سورىغۇچىغا ئاقىللاردىن بىرى: باتۇر ئاچچىقى كەلگەندە غەزەپلەنمەي ئۆزىنى تۇتقان، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتقان كىشىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ھېكايە قىلىنىشىچە، مەشھۇر شاھلاردىن بولغان پوساخاننىڭ ئىلكىدە ناھايىتى ئېسىل، كۆركەم بىر دانە گۆھەر بار ئىكەن. شاھ ئۇنى ئۈزۈك قىلدۇرماقچى بولۇپ زەرگەرگە بېرىپتۇ، لېكىن زەرگەر ۋەدە قىلغان كۈنى يېتىپ كېلەلمەپتۇ. شاھ كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ھوزۇرىغا چاقىرىپتۇ. لېكىن قورقۇشتىن چىرايى تاتارغان، دىر - دىر تىترەپ تۇرغان زەرگەرنى كۆرگەن شاھ ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، «گۇناھىمنى ئېيتاي دېسەم، ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن» دەپتۇ زەرگەر. شاھ تەبەسسۇم بىلەن: «ھەرنە گۇناھ قىلغان بولساڭ ئۆتتۇم» دەپتۇ. زەرگەر قوينىدىن ياغلىققا ئورالغان ۋە تۆت پارچە بولۇپ كەتكەن گۆھەرنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھ غەزەپلىنىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇنداق بولسا ھەر پارچىسىدىن بىردىن تۆت دانە ئۈزۈك ياسىغىن» دەپتۇ. شاھتىكى بۇ مۇلايىملىق زەرگەرنى ۋە بۇ ئەلنىڭ جىمىكى پۇقرالىرىنى زوقلاندۇرۇپتۇ ۋە سۆيۈندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھنى ھەممە ھىمايە قىلىدىغان بوپتۇ. مانا بۇ مۇلايىملىقنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر ئۇ زەرگەرگە غەزەپ قىلغان بولسا ئەلنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى.

نوشىرۋان ئالىملىرىدىن مۇلايىملىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن:
- مۇلايىملىقنىڭ تەبىرى نېمىدۇر؟
- مۇلايىملىق - كىشى مىجەزىنىڭ تۈزى دېمەكتۇر.
- مۇلايىملىقنىڭ نىشانىسىچۇ؟
- بىرىنچىدىن، كىشىگە سىلىق گەپ بىلەن جاۋاب بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، غەزەپناك كىشىنى ئۆز ياۋاشلىقى بىلەن خىجىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كىشىدىن جىنايەت سادىر بولغاندا جازالاش قۇدرىتى بار تۇرۇپ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، گۇناھكارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ خۇش قىلىدۇ.

### سەۋرچانلىق

سەۋر - ھاياتلىقتا ئىنسانغا يولۇققان بالالارغا چىدىماق، ھەر ئىشتا ۋە ھەر ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتماق دېمەكتۇر.

ھەر ئىشتا ۋە ھەر ۋاقىتتا سەۋرى قىلماق ئېسىل ۋە ياخشى خۇلقلاردىن بولۇپ، ھەر ۋاقىت سەۋرچانلىق بىلەن ئىش قىلغان كىشى مۇرادىغا يېتىدۇ.

سەۋرچان كىشى بېشىغا بالا كەلگەندە ياكى بىرەر كىشىدىن جەۋرى - زەرەر كۆرگەندە سەۋر قىلالىسا (ئۆزىنى تۇتالىسىلا) كېيىن بۇ سەۋر - تاقەت خۇشاللىققا سەۋەبكار بولىدۇ، ئەجرى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. جەۋرى ۋە زەرەر يەتكۈزگەن ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆيىتىدۇ. بۇ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

لېكىن تۆۋەندىكى يەتتە ئىشتا ئۇيغۇرلار قەدىمدىن سەۋر قىلىش (كېچىكىش)قا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ:
بىرىنچى، گۇناھدىن پۇشايمان قىلىشتا؛ ئىككىنچى، قەرزنى تۆگىتىشتە؛ ئۈچىنچى، مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە كۈتۈۋېلىشتا؛ تۆتىنچى، ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا؛ بەشىنچى، ناپاك بولسا يۇيۇنۇشتا؛ ئالتىنچى، باللار بالاغەتكە يەتكەندە ۋاقتىدا ئۆيلۈك قىلىشتا؛ يەتتىنچى،

چىكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا.

بۈيۈك تۈرك شاھى بوقاخان ئەمىرلىرىگە: «قاچانكى شۇ كىشىلەرنى سەۋرچانلىقى ۋە مەردانىلىقى بىلەن سىناپ كۆرمىگۈنچە، كىشىلەرنىڭ سۈرىتى، تۈرقى، قىياپىتى ۋە نەسلى نەسەبىگە گول بولماڭلار، ئاغزىدىكى تۆت ئېغىز لاپقا پۈتمەڭلار!» دەپ ئېيتقانىدى.

سەۋر - ئالاھىدە بولغان بىر خىسلەتتۇر. سەۋرچان كىشى قايغۇ - ھەسرەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنى مەنىستىمەيدۇ.

سەۋر بولمىسا باشقا ئېسىل خۇلقلارمۇ بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ تولىسىنىڭ سەۋەبى سەۋر ۋە چىدامنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى ئۇنىڭ زەئىپلىكىدىن بولىدۇ.

ھېكايەت: قەدىمدە خىزىرخان ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ھەققىدەمەسلىھەتكە ئولتۇرغاندا كىلەم ئاستىدىن چىققان بىر چايان ئەمىرنىڭ كىيىمى ئىچىگە كىرىپ يوتىسىنى چېقىپتۇ. ئەمىر سەۋر قىلىپ، تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي خاننىڭ مەسلىھەتىگە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن تازىم بىلەن ئورنىدىن چىقىپ ئاندىن كىيىملىرىنى يېشىپ، چاياننى ئۆلتۈرۈپ ئارام ئاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خان بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۇ ئەمىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

- ئەي ئەمىر! كىشى ئۆزىنى ھەر قانداق زەھەرلەردىن ئاسراش ۋاجىبتۇر. نېمە ئۈچۈن چايان تېنىڭنى چاققاندا دەرھال ئۇنى ئۆلتۈرۈپ سالامەتلىكىڭنى ئاسرىمىدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ.

ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

- بۈگۈن مەن مېنى چاققان بىر چاياننىڭ زەھىرىدىن قورقۇپ، سىزنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان سۆھبىتىڭگە دەخلى يەتكۈزسەم تاڭلا قالماقلار بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ چىداش بېرەلەيمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بېرىلگەن بۇ جاۋاب خانغا مەقبۇل كۆرۈلۈپ، ئەمىرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمىرلەر ئىمىرى (ئەمىرىل ئۇمرا) ئۇنۋانىنى بېرىپ تارتۇقلاپتۇ.

ئەمىر ئاز ۋاقىت كۆرگەن رىيازىتىگە سەۋر قىلىش بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولغانىكەن.

## كەمتەرلىك - تەۋەززۇلۇق

تەۋەززۇ - ئۆزىنى كىشىلەر ئالدىدا تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر. كىشى ئۈچۈن ھەر قاچاندا ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش - كۆركەم خۇلقدۇر. بۇ، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتتۇر.

ساماني شاھلىرىدىن ئىبنى ئەھمەد ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «... مېنىڭ ھاياتىمدا كەمتەرلىك - مەردانىلىك بىلەن قولغا كەلتۈرگەن سەلتەنىتىم، بايلىقىم، ئەسكىرىم ساڭا قالىدۇ. بۇنى قولۇمدا تۇرسۇن دېسەڭ، سەلتەنەتنىڭ ئۇمۇرلۇك بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمە - ئۇ بىر كۈن ۋەيران بولىدۇ. ئۈمىد كۈتىدىغىنىڭ كەمتەرلىك بولسۇن. خەزىنىگە تايانما - ئۇنىڭغا زاۋال يەتكۈسى، مەردانىلىككە تايان. لەشكەرگە ئىشەنمە، بۇيرۇقۇڭدا بولىۋەرمەيدۇ. خۇداغا ئىشەن» دېگەنىكەن.

ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئىككى سۈپەتنىڭ جۈغلىنىشى لازىم:

1. كەرەملىك (كەڭ قورساق بولۇش)
2. تەۋەززۇلۇق (كەمتەر بولۇش)

مۇشۇ ئىككى سۈپەت ئادەمدە ھازىرلانسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ بارىدۇ.

كەمتەرلىكنىڭ ئالامىتى شۇكى: ئۇ، خاھى ئالىم، خاھى پېقىر، خاھى سالىھ بولسۇن ھەممىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ، خۇش مۇئامىلە قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ھەر بىر كىشى بۇ پەزىلەتنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. تەۋەززۇلۇق كىشى دۈشمەنلىرى ئالدىدا غالىب بولىدۇ، ئەل - جامائەت ئالدىدا مەرتىۋىسى ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەلدىن ئۇياتماي كىبىر - تەمەننا قىلغانلارنىڭ يۈزى چۈشۈپ، مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ، ئاخىر خارلىقتا قالىدۇ.

## كۆيۈمچان بولۇش

كۆيۈمچانلىق, رەھىم - شەپقەت دېگەن كىشىلەرگە رەھىم قىلماق، يېتىم - يېسىر، ئىلاجسىز، بىچارە، غېرىب ۋە دىلى سۇنۇق - دەردكە شېرىكلەرنىڭ كۆز يېشىنى مەرھەمەت قولى بىلەن ئېرتماق - سۈرتمەك دېمەكتۇر.

ئىنساننىڭ سائادەت ۋە سالامىتى بالا - چاقىلىرىغا كۆرسەتكەن شەپقەت، كىشىلەرگە قىلغان مەرھەمىتىگە باغلىقتۇر.

شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلمايدىغان ئادەم خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇمدۇر. ئۇ دائىم غەم - ئەندىشە، خاپىلىق بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشىدا ئېغىرچىلىق بولۇپ، سەندىن ياردەم سوراپ قالسا، كۈچۈڭنىڭ بارىچە ياردەم بېرىپ، ئۇنى شۇ ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلدۇرماق ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا راست - ھەقىقىي ياردەم بەرگەن بولساڭ، مۇبادا سېنىڭ بېشىڭغىمۇ ئېغىرچىلىق چۈشۈپ قالسا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر قولۇڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى كىشىدىن ئايىغان بولساڭ، ساڭىمۇ ھېچكىم ياخشىلىق قىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ياخشىسى باشقا ئادەملەرگە پايدا يەتكۈزگۈچى ۋە ياردەم قىلغۇچىلاردۇر.

## چىن دىل بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇش

چىن دىل بىلەن ئىش قىلىش (ئىخلاس - سەمىمىيلىك) - قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنى رىيا ۋە غەرەزدىن، مىننەت ۋە تەمەدىن، نام ۋە شۆھرەتتىن يىراق تۇتۇپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىلا ئويلاپ، چىن كۆڭلى بىلەن قىلىش ياكى كىشىلەردىن دەرىجە، ئىنئام،

مۇكاپات، ئېھسان تەمە قىلماي قىلىش دېمەكتۇر.
ئەكسىچە، ئۇنىڭغا نەپسانىي غەرەز ئارىلىشىپ قالسا، ھەققانىي ئەمەلىي بۇزۇلۇپ، سەندىكى ئىخلاسنى بۇلغايدۇ.

### تەمكىنلىك ۋە ئېغىر - بېسىقلىق

تەمكىنلىك - ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق دېمەكتۇر.

ئېغىر - بېسىقلىق - ھەر قانداق ئىشتا ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش، سالماق بولۇش دېگەنلىكتۇر. يول يۈرگەندە ھاجەت بولمىسا، ئۆتكەن - كەچكەنگە قارىما، ۋارقىراپ گەپ قىلما، كىچىككىنە نەرسىلەرگە تەئەججۇپلىنىپ، ھاڭۋېقىپ - داڭ قېتىپ قاراپ قالما. شاللاقلىق قىلماي سالماق - تەمكىن قەدەم تاشلاپ ئۆز يولۇڭغا ماڭ.

سىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇڭدىن دوستلىرىڭ مەغرۇرلانسۇن، دۈشمەنلىرىڭ تىترىسۇن.

ئولتۇرغان چاغدا پۇت - قول ۋە باشقا ئەزالىرىڭنى سەۋەبسىز ھەرىكەتلەندۈرمە.

تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلىنغان ئىشلار كامالىغا يەتمەي قالمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن باشلانغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. يەڭگىللىك خۇددى ئوققا ئوخشايدۇ، ئېتىلغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ.

### راستلىق

راستلىق - ھەر قانداق چاغدا ۋە ھەر قانداق ئىشنى بىجانىدىل قىلىش، ھەر قانداق سۆزنى قانداق بولسا شۇنداق ئەينەن سۆزلەش دېمەكتۇر. ئىشلىگەن ئىش، سۆزلىگەن سۆز، قىلغان ۋەدىلەرنىڭ قائىدىلىك، توغرا بولۇشى راستلىق - ساداقەت دېيىلىدۇ.

توغرا كىشى ۋە توغرا سۆزلىگۈچى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ماقۇل كۆرۈلىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، قىلغان ئىشى، ۋەدىسى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۆزى يوق يەردىمۇ باشقىلار ئۇنى ئىلىك ئالىدۇ. مۇشۇنداق سۈپەتكە ئىگە ئادەملەرگە كىشىلەر توغرا ۋە ئىشەنچلىك دەپ ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ. سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق ۋە راستگوي كىشىلەرگە كىشىلەر ئۆز سىرىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورايدۇ.

سادىق - راستچىل ئادەملەرمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ دېگەن گەپ - سۆزى، سىرى - ئەسرارلىرىنى باشقىلارغا ئېيتمايدۇ. ھالىنى ئېيتقۇچىنىڭ گېپىنى ھەرگىز باشقىلارغا يايمايدۇ. چۈنكى كونىلاردا: «سىر ئاچقۇچى ئەۋرەت ئاچقۇچىدىن ياماندۇر» دېگەن گەپ بار.

راستلىق كۆپ چاغلاردا نىجاد تېپىشنىڭ سەۋەبكارى بولىدۇ. راستگوي - مەرد ئادەملەر ھالال لەۋزى، توغرا ئىش - ئەمەلى بىلەن ھاياتنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك داۋانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، رىيازەت چېكىپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

راستگوي - ئاقكۆڭۈل كىشىلەر يالغاندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى راستلىق - ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ بەلگىسىدۇر.

تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، راستگويلۇقنىڭ پايدىسى ھەم زىيىنى بار. پايدىسى: راست سۆز ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئەمما راست سۆز ئاچچىق بولىدۇ.

زىيىنى: زامان، ماكان، شارائىت راست سۆزلەشكە يار بەرمىگەندە ئېھتىيات قىلماي راست سۆزلىگۈچىلەر زىيان تارتىدۇ. لېكىن راست سۆز ئاقىۋەت غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. راست سۆزدە ۋاپا، يالغاندا جاپا بولىدۇ.

### كەڭ قوللۇق (ساخاۋەت)

ساخاۋەت - خالىسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك دېگەنلىكتۇر. بۇ خىسلەت كىشىدە ياخشى نام قالدۇرىدۇ. ساخاۋەت - ھالال مېھنىتى بىلەن تاپقان مەبلەغلىرىنى جەمئىيەت، مىللەت، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن غەرەزسىز ھالدا سەرپ قىلىش بولۇپ، كەڭ قوللۇق، مەردلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاجەتمەنلەرگە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ياردەم بېرىش، پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە ئىنئام - ئېھسان قىلىش، مۆرىتى كەلگەندە بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قېنىنى ھەتتا جېنىنىمۇ پىدا قىلماق... قاتارلىقلار سېخىيلىق ۋە مەردلىك ئالامەتلىرىدۇر. ساخاۋەت ئەل ئىچىدە ياخشى ئات كۆتۈرمەكنىڭ بەلگىسىدۇر. ئادەم ئۈچۈن خىسلەت بابىدا ھەر قانداق ياخشى پەزىلەت - ساخاۋەتتىن ئۈستۈن ئەمەستۇر.

### ئۆياتچان (ھايالىق) بولۇش

ھايا - ئالەمدىكى قائىدە - نىزاملارنىڭ مۇقىم تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر، ئىنساننىڭ، تەربىيىنىڭ سەمەرىسى، كامالەتنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا، بىزدە ئۇستازلار، ئاتا - ئانىلار، تەربىيىچىلەر ئەزەلدىن باللارنى ھايالىق قىلىپ تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەن.

ھايا كۆتۈرۈلسە كىشىلەر ئۇياتمايدىغان، نومۇس قىلمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، تۇرمۇش پىتنە - پاسات، پەسكەشلىك بىلەن بۇلغىنىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرلىرىگە يول قويمايدۇ. ئادەملەردە ئۆزىنى سوراش تۈگەپ يولسىزلىشىدۇ - چوڭلار كىچىكلەرنى، كۈچلۈكلەر زەئىپلەرنى، ئىمتىيازلىقلار ئىمتىيازسىزلارنى خورلاپ، بوزەك قىلىدۇ. شۇڭا، ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەنئەننى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش - ئادەملەردىكى ئەڭ ئېسىل پەزىلەتتۇر.

### ئۆزىنى سوراش (ئىنساپ قىلىش)

ئەدەبلىك ۋە ئىنساپلىق بولماق - ھەممە ئىشتا ئۆزىنى سورىماق بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانغا ئورتاق سۈپەتتۇر. ئىنساپلىق بولۇشنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئادەت قىلىش زۆرۈر. ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئەدەب ۋە ھۆرمەت بىلەن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» (سالامەتلىك، ئەمىنلىك تىلەيمەن)، قىزلار: «ئەسسالام» دەپ سالام بېرىپ، كۆرۈشكەن

ئورۇندا ئولتۇرماق، سورىغانلىرىغا ئويلاپ جاۋاب بەرمەك لازىم. چوڭ كىشىلەر، ئۇستاز، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ ئالدىدا پۇتنى سەت كېرىپ ئولتۇرماسلىق، يانپاشلاپ يېتىۋالماسلىق لازىم.

مېھماندارچىلىقتا تاماقتا ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال قولنى پاكىز يۇيۇش، «ئالسىلا، باقسىلا» بىلەن چوڭلاردىن كېيىن داستىخانغا قول ئۇزىتىش، ئاشنىڭ ئۈستىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ياكى كىشى ئالدىدىن قول سالماي، ئۆز ئالدىدىكىنى ئېلىش، بەش بارماقنىڭ ھەممىسىنى تەڭ ئاغزىغا تىقماسلىق، لوقمىنى چىشلەپ ئېلىپ تولۇق چايناپ، ئالدىرىماي يۇتماق لازىم. بىللە تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئاغزىغا، چىنە، قوشۇققا قارىماسلىق، داستىخانغا قاراپ يۆتەلمەسلىك، چۈشكۈرمەسلىك، ئەسنىمەسلىك، بۇرنىنى تارتماسلىق، يەل قويۇپ بەرمەسلىك لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۇياتلىق ئىشتۇر. ئاش يېگەن ۋە ئىچكەندە شالاپلىتىپ چايناش، خولۇپلىتىپ ئىچىش، ئاۋازلىق كېكىرىش، قوشۇق، چوكا، ۋىلكىلارنى تەخسە، چىنىلەرگە جاراق - جۇرۇق تەگكۈزۈشمۇ بەك ئەخلاقسىزلىقتۇر.

تاسادىپىي تاماق تۇزلۇق، ئىس ئۆتۈپ كەتكەن، سۇيۇق - سەلەڭ بولۇپ قالغان بولسا، يۈزىگە سېلىپ ساھىبخانىنى خىجىل قىلىشمۇ ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىندۇر.

مېھمانغا چىللىغان ئۆيگە ئادەم باشلاپ بېرىش، زورلاپ مېھمانغا چاقىرتىش، ۋاقتىدا كەلمەي كۈتتۈرۈش، بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ بېرىش، «زەللە» ئېلىش، پۇل، داستىخان. . . قويدۇرۇشلارمۇ نائىنساپلىقتۇر.

ھەر بىر كىشى ئۆزىنى، بالا - چاقىلىرىنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ۋە چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى سورىشى، ئىنساپ ۋە ئەدەبتىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقتىن ئايرىلماسلىقى لازىم. ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىدە ئىنساپ بولسا، ئىدارە قىلىنغۇچىدا ئەلۋەتتە ئەدەب بولىدۇ. بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىمىزگە سۆز بىلەن نەسىھەت قىلىپلا قالماستىن، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەنمۇ ئۇلارنى تەربىيىلىشىمىز ھەم قايىل قىلىشىمىز كېرەك. بالىلىرىمىزنىڭ بالىلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان ئازغىنە سەۋەنلىكلىرىنى ھەدېسىلا يۈزىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى تۆكمەسلىكىمىز، ئەپۇ قىلىپ ئۇيالدۇرۇش يولىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. ماشىنا، پويىز، كىنو - تىياتىرخانا. . . لاردا ئاۋۋال بالىلارنى، خانىم - قىزلارنى، قېرىلارنى، كېسەللەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىمىز، بۇ ئىشتا بالىلارغا ئۈرنەك بولۇشىمىز لازىم.

## شۈكرى - قانائەت قىلماق

شۈكرى - قانائەت دېگىنىمىز - نېمەت بەرگۈچىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر.

كىشى ئۆزىنىڭ بىساتىدا بار بولغان نېمەتلىرى - پۇل، مال، ئۆي جاھازىلىرىغا رازى بولۇپ، باشقا ئادەملەرنىڭ مال - دۇنياسىنى تەمە قىلماي، ئۆزىدە يوققا سەۋرى قىلىپ، ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك.

باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز ئالايتماي سەئيي قىلساڭ، تىرىشساڭ ئۇمۇ سەندە بولىدۇ. ھالال مېھنەت بىلەن ئەجرى قىلساڭ، بارىغا رازى بولساڭ ئۈمىدىڭ ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇنى قانائەت دەيمىز.

قانائەتلىك كىشى دۇنيا سەپىرىدە ئۆمرىنى قايغۇ - ھەسرەتسىز ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما قانائەتسىز كىشى خاپىلىق، ھەسەتخورلۇقتىن ئۆرە كەلمەيدۇ. قانائەتلىك كىشى ئىززەتلىك ۋە قەدىرلىك بولىدۇ. قانائەتسىز كىشى تەمەخورلۇق ۋە خارلىقتا ئۆتىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى مىرئەلىشىر نەۋائىي قانائەتسىزلەرگە نەشتەر ئۇرۇپ:

ئورامچىدەك ھەممىشە تار ئېتەرسەن،
قانائەتسىزلىكىڭ ئىزھار ئېتەرسەن.
سۇپۇرسە ساھىبى خانە بى يەكپار،
ئورامچى ھەم كېتەر، ھەم سەيرى، ھەم تار.

(ئۆمۈچۈككە ئوخشاش ھەممىشە تور تارتىسەن، قانائەتسىزلىكىڭنى بىلدۈرسەن. مۇبادا ئۆي ئىگىسى ئۆينى سۈپۈرسە، ئۆمۈچۈكمۇ، ئۇقلىغان ئوۋمۇ، تارتقان تورىمۇ كېتەر) دەپ ناھايىتى توغرا ۋە دانا ھۆكۈم بىلەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغاندۇر.

## كەم سۆز بولۇش

زۆرۈرىيىتى بولمىغان سۆزنى دېمەسلىك، ئىمكان بار ئاز گەپ قىلىش، كەم سۆزلۈك بولۇش ياخشى سۈپەتلەردىندۇر.

كەمسۆز كىشى چوڭقۇرراق ئويلايدۇ. ئوي - پىكرى توغرا يەردىن چىقىپ، ئۇنىڭ ھىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدا تەمكىنلىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش سۈپىتى بولىدۇ. سۆزلىگەن سۆزى خەلق ئارىسىدا ئېتىبارلىق بولىدۇ. دۇنيانىڭ پالاكەت ۋە پىتنە - پاساتلىرىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا تۈرلۈك جاۋابكارلىقمۇ ئاز بولىدۇ. خاتالىقنىڭ كۆپرەكى تىلدىن بولىدۇ. كۆپ سۆزلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ۋە ياكى يات كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئۆز سۆزىگە قوشۇپ سۆزلەپ، بېرىپ - بېرىپ بالاغا ئۇچرايدۇ ياكى بولمىسا باشقا كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ، ئورۇنسىز ئۇرۇش - تالاشقا يولۇقۇپ قالىدۇ. كۆپ سۆزلىگەن ئادەم تىل ئاپىتىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا بىزدە: «ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا» دېگەن گەپ بار.

## مۇقىم يولى بولۇش - ئامانەت ساقلىغۇچى بولۇش

ئامانەت دېگىنىمىز - باشقىلارنىڭ ساڭا ئىشىنىپ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلىرىدۇر.

دىيانەت دېگىنىمىز - پاك بولۇش دېمەكتۇر.

ئىنساپ بىلەن ئىش قىلغان، باشقىلارغا زىيان سالمىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قەستەن يەۋالمىغان ئادەمنىڭ ئەل - جامائەت ئالدىدا مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ.

پۇل - مال - شەخسنىڭ قويغان ئامانىتى بولسا، بالىلار ئاتا - ئانىلىرىغا ئامانەتتۇر. ئىلىممىزلار ياكى شاگىرتلار ئالىملارغا ئامانەتتۇر. ئەزالار جان ئىگىسى بولغان ئادەمگە ئامانەتتۇر.

مەقسەت: دوست - بۇرادەرلىرىڭنىڭ ساڭا ئىشىنىپ قويغان پۇل - مېلىنى يەۋالما. بالىلىرىڭنى توغرا يولدا تەربىيىلەپ، ئۇنىڭ ئۆمرى - ھاياتىغا، ئىستىقبالىغا خىيانەت قىلما. ئەلنى نادان ھالدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە خىيانەت قىلما. سالامەتلىكىڭگە ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆمۈرنىڭ قىسقىرىشىغا سەۋەب بولما. بۇ، ئامانەتلەرنى توغرا ئىشلەتكىن، دېمەكتۇر.

## ئەقىل - پاراسەت ۋە پۇرسەت

ئەقىل - پاراسەت دېگىنىمىز - ئىخچام تىل بىلەن «پەم» دېيىلىدۇ. پاراسەت - كىشىلەردىكى ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدۇر. شۇنداقمۇ ھوشيار كىشىلەر باركى، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپلا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ. بۇنداق پاراسەتلىك ئادەملەر ھەر تۈرلۈك كېلىشمەسلىك، بالا - قازالاردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىمۇ ساقلاپ قالالايدۇ.

پۇرسەت - ئىش - ھەرىكەت قىلىشقا چىققان سائەتتۇر. گۈللەر ئازغىنە پۇرسەت ئىچىدە ئېچىلىپ بۇيى - پۇرىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي توزۇيدۇ. ئۆمۈرمۇ شۇنداق قىسقىدۇر. ئەقىللىك ئادەملەر ئۆمۈر پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، جامائەتكە پايدىلىق، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

## پاكىز بولۇش

پاكىزلىق - سالامەتلىككە دەخلى يەتكۈزىدىغان پاسكىنا، ھارام نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، دائىم ساپ ۋە تازا بولۇش دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزدا پاكىزلىقنى ئىككىگە بۆلۈپ قارايدۇ: 1. ئەقلىي - ئىچكى پاكىزلىق. يەنى پىكىر - خىيالى، قەلبى پاكىز بولۇش؛ 2. تاشقى پاكىزلىق. يەنى ئولتۇراق جاي، مۇھىتى، سۇ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى پاكىز بولۇش. ئىچكى - تاشقى پاكىزلىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىكتۇر. شۇڭا، ئىنسان پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن روناق تاپىدۇ ۋە ساق تەندە ساغلام پىكىر بولىدۇ.

## ھاجەتمەنلەرگە ھەدىيە بېرىش

ھاجەتمەنلەرگە ھەدىيە بېرىش (ئېھسان) - بۇ ئۆز مەنپەئىتىدىن كېچىپ، يەنە بىر ئىنساننى خۇرسەن قىلىشتا مەردلىك كۆرسىتىشتۇر.

ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ماددىي نەرسىلىرىنى ئەۋۋەلى بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقان - خىش ئەقرىبالىرى، ساۋاقداشلىرى، يولداشلىرىغا غەرەزسىز مەرھەمەت قىلماق - ئېھسان جۈملىسىدىندۇر.

«ئېھسان» دېگەن بۇ گۈزەل ئەخلاق ياخشىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېھسان كۆڭۈلنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشارە.. ئۇ، جاھاننى چۈشەنگەن، بىلگەن، كۆپنى كۆرگەن، كەمتەرىن زاتلارنىڭ شۆھرەتلىك پەزىلىتىدۇر.

ئېھساننىڭ ئىپادىلىرى:

ئاتا - ئانىلىرىغا مۇلايىم سۆز، سىلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش بىلەن؛ يېتىملەرنىڭ كۆڭلىنى ئالماق، خوش قىلماق ۋە تەربىيە قىلماق بىلەن؛ بىچارىلەرگە ماددىي ياردەملەرنى بەرمەك بىلەن؛ قوشنا - ھەمسايىلەرگە شەپقەت، مەرھەمەت، ياخشىلىق قىلماق بىلەن؛ سەپەرداش، ساۋاقداش، خىزمەتداشلارغا ئۇلارنىڭ دىلىغا تېگىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق بىلەن؛ مۇساپىر ۋە مېھمانلارغا ئۇلارنى كۈتۈش، ئېھتىرامنى جايىغا يەتكۈزۈش يولى بىلەن؛ ئۆيىدىكى خىزمەتچىلەرگە قىلالمايدىغان ئېغىر ئىشلارنى بۇيرۇشتىن ساقلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، بىزنىڭ تەركىسىز ئەنئەنىۋى ئەخلاقلىرىمىزدۇر.

## ئىقتىسادچىل بولۇش

ئىقتىساد - قولۇڭدىكى پۇل - مېلىڭنى كۆرسىتىدۇ.

ئىقتىسادنى قەدىرلىگۈچىلەر ئورۇنسىز ئىشقا بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلمايدۇ. ئورنى كەلگەندە قانچىلىك بولسىمۇ پۇلنى ئايىمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ قولدا تۇرماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىسراپچىلىقتۇر. ئىسراپخور خارلىنىدۇ. ئىقتىسادچىل كىشى ھەممە ۋاقىت تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇپ، كىشىگە موھتاج بولۇپ قالمايدۇ.

نەسىھەتكى، ھەسەل ھەرىسى قىشتا يېيىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھەسەل جۇغلىغاندەك، كىشىلەرمۇ مەمۇرچىلىق كۈنلىرىدە ئېشىنغانلىرىنى توپلاپ، ياخشى - يامان كۈنلەر ئۈچۈن تېجىمىكى، كېيىنكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزمىقى زۆرۈردۇر.

## خوش خۇي بولۇش

خوش خۇيلۇق - ئېسىل ئادىمىي خىسلەت بولۇپ، ئۇ، كىشىدىكى ساپ مىجەز، مۇلايىم، ياخشى سۈپەتتۇر.

خوش خۇيلۇق سىمۋولى بولغان ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە «ئىنجىل»دا مۇنداق بىر ھېكايەت بايان قىلىنىدۇ: «... ئەيسا پەيغەمبەر يول ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا ئەبلىخكە يولۇقتى. ئۇ، ئەيسادىن ئۈچ قېتىم سوئال سورىدى. ھەر بىر سورىغان سوئالىغا ئەيسا ناھايىتى خوش خۇيلۇق بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. ئەمما ئەبلىخ ئۇنىڭ جاۋابىغا سوغ چىراي ۋە قوپال مۇئامىلە قىلدى. بۇنى كۆرگەن بىر يولۇچى: نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھسىز تىل ئىشتىپ ئاھانەتكە قالدىڭ؟ ئۇ ساڭا دەشنام قىلىۋاتسا، يەنە خوش خۇي مۇئامىلە قىلىسەنغۇ؟ دەپ سورىدى. ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ: - گەرچە ئۇنىڭدىن ماڭا ئازار - دەشنام يەتسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا غەزەپلەنمىدىم. ئەمما، ئۇ مەندىن ئەدەب

ئۆگەندى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مەن جاھىل بولۇپ قالمايمەن. لېكىن ئۇ، مېنىڭ خۇش خۇيلۇقۇم بىلەن ئەقلىنى تېپىشى مۇمكىن، دېدى».

ئۆلىما - دانىشمەنلىرىمىز خۇش خۇي كىشىلەردە بولىدىغان تۆۋەندىكى ئالامەتلەرنى كۆرسەتكەن:

1. دائىم كۆپچىلىك ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدىمەك.
2. باشقىلارغا نەپ يەتكۈزمەك.
3. كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي، ياخشىلىقىنى سۆزلەش.
4. يامان يولغا ماڭغان، يامان ئىش قىلغانلارغا سىلىقلىق بىلەن نەسىھەت قىلماق.
5. ئەيىبكار ئۆز گۇناھىنى ئىقرار قىلسا ئەپۇ قىلىش، باشقىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش.
6. موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقىرىش.
7. كىشى ئۈچۈن خالىس مۇشەققەت چەكمەك، ۋايىسماسلىق.
8. ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك.
9. كىشىلەر ئالدىدا ئاچچىقلانماسلىق.
10. بالا - چاقىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياىدىغان، خۇش قىلىدىغان بولۇش.
11. سېخىي، مەرد بولۇش.

## پەس ئەخلاق - قىلىقسىزلىقلار

### نادانلىق

نادانلىق - ئەڭ قاباھەت ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئەقىل ۋە پىكىرنى قەستەن يامانلىققا ئىشلىتىش ياكى پىكرى يېتىدىغان ئىشلارغىمۇ پىكىر يۈرگۈزمەسلىكتۇر.

نادان ئادەمنىڭ سۆزى ئۆتمەيدۇ، ئەل - جامائەت ئىچىدە ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. دۇنيادا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبچىسىمۇ كۆپ ھاللاردا جاھىل - نادانلاردۇر. ئاقىللار ئېيتقانىدەك: «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، ئۆگەنمەسلىك ئەيىبتۇر». شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى بالىنىڭ ئاتا - ئانىدىكى تۆت ھەققىدىن بىرى، دەپ قارىغان.

### بىخۇدلۇق

بىخۇدلۇق (غەپلەت بېسىش، ئويلىماسلىق، پىكىر قىلماسلىق) - نەسىھەت ۋە پايدىلىق گەپنى ئاڭلىماسلىق، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماسلىق بولۇپ، ئادەمنى خارلىق، بەختسىزلىككە سۆرەيدىغان يامان ئىللەتتۇر. كىشىلەر ھايات يولىدا بىخۇدلۇق بىلەن ئۆتۈۋەرسە، پۇرسەتلەر كېتىپ، ئۆمۈر، ياشلىق، ھەۋەس، پىكىرلەر. . زايا بولۇپ «غاپىل» (غەپلەت باسقان) لىق تۈپەيلى دۇنيانى كۆزىتىش - بىلىشتىن مەھرۇم بولىدۇ. - دە، ئاقىۋەتتە ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز: پىكىر قىلماسلىق - تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنگە باراۋەردۇر، دېگەندى تولىمۇ دانالىق بىلەن.

### بۆلگۈنچىلىك

بۆلگۈنچىلىك - تەپرىقىۋازلىق، كاللا سوقۇشتۇرۇپ ئارا بۇزۇش ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش بولۇپ، بۇ قاباھەت ئىللەت كۆپ ھاللاردا ئۇرۇش - جېدەللەرگە ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرگە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن بۆلگۈنچى ئادەم ھامانەم پاش بولۇپ، خەلقى ئالەم ئىچىدە رەسۋايى - شەرمىساز بولماي قالمايدۇ.

تەپرىقىچىلىك بىر ئائىلە ۋە ياكى تۇغقانلار ئارىسىدا پەيدا بولسا، ئۇ ئىش ھەرگىز شۇ تەپرىقىچى بىلەنلا كەتمەستىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ۋە جەددى - جەمەتىگىچە يامراپ تۈگىمەس ئاداۋەت، ھەتتا قىساسخورلۇققا سەۋەب بولىدۇ.

مۇبادا بۇ ئىللەت بىر قەۋم ياكى بىر مىللەتتە باش كۆتۈرسە، خۇددى مەرھۇم ئۇستاز مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقانىدەك: شۇ قەۋم ياكى مىللەت تەپرىقە ۋە خىلاپلىق سەۋەبىدىن خار - زەبۇن بولۇپ كۈن كەچۈرىدۇ.

### سۆزنىڭ مېزىنى تېپىش

كىشىنىڭ سۆزىدىن نۇقسان ۋە كەمچىللىك تېپىپ، پېيىدە يۈرمەك ۋە سۆز - چۆچەك قىلماق گەپدانلىقتۇر. بۇ، تىل ئاپەتلىرىدىن بولۇپ، يامان سۈپەت، يامان ئەخلاقلار جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭ تەرىپاتى شۇلدۇركى، «چىۋىن دائىم ئېشەكنىڭ يېغىرىنى ئىزدىگەندەك، كۆڭلى بۇزۇقمۇ ھەمىشە خەقنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ».

### ئۇرۇشقاقلىق

كىشى بىلەن بولغان پاراڭ ۋە تالاشتا، مۇتالىيە ياكى ئۆز مەزھىپىنى ئۇقتۇرۇشتا ئەدەب - مۇنازىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزۈمنىڭ «راست» دەپ تالاشماق، تىللاشماق ئۇرۇشقاقلىق بولۇپ، ناھايىتى يامان سۈپەتتۇر. كىم نادان بولسا، شۇ جېدەلگە ئامراق بولىدۇ. ئەمما ئادەتتىكى مۇنازىرە جەريانىدا خاس ئورۇن (كىشىلەر ئالدىدا ئەمەس) دا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كامىل پىكىر قىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەك ۋە مۇۋاپىق جاۋاب بەرمەك ئۇرۇشقاقلىققا كىرمەيدۇ.

مېدىتسىنا (تىبابەت) ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا، يۈرەك كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈنجى سەۋەبچى مۇشۇ جېدەلدۇر.

ئۇنداق ئۇرۇشقاق - جېدەلخورلار بىلەن قۇدا - باجا بولۇش، ھەمسەپەر بولۇش، خىزمەتداش بولۇش، ساۋاقداش بولۇش، قوشنا - قولۇم بولۇشتىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ.

### سەت گەپ قىلىش

ئوشۇقچە سەت گەپ، ئۇياتلىق سۆزلەرنى، «جىما» سۆزىگە ئوخشاش قەبىھ ئىبارەتلەرنى شۇنىڭدەك ئادەم يىرگەنگۈدەك گەپلەرنى قىلماق سۆزدىكى پاھىشىدۇر. سەت گەپ قىلىدىغان ۋە زەھەر تىلى بىلەن ئىنساننى چاقىدىغان ئادەم قارىماققا ئىككى ئاياغلىق ئىنسان، ئەمەلدە ئادىمىي ھايۋاندۇر. بىز بالىلىرىمىزنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبلىك ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى

قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىز (ئاتا - ئانا، ئۇستازلار) ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر - بىرلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىپ، سىلىق، يۇمشاق، مەرھەمەتلىك بولۇشىمىز لازىم. ھەتتا بالىلار تۇرغان جايدا ئاتا - ئانىلار قاتتىق سۆزلەرنى قىلىش تۇگۇل قاپاق تۈرۈپ، بىر - بىرلىرىنى سىلكىشىمۇ خاتادۇر. بەزىلەر بالىلارنىڭ تۇنجى تىلىغا: «ئاناڭنى. . .» دەپ ئۆزى «خېمىرتۇرۇچ» سېلىپ بەرگەچ بالىلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى تىلى «. . . كەي» دىن باشلىنىپ، كېيىن بۇ يېڭى تەلۋە نۇسخا تەرەققىي قىلىپ، ئائىلە ۋە ئۆزى ئۈچۈن «بالا» بولىدۇ. بىزدىكى بۇ ناچار ئەخلاق، يامان سۆزلەشنى زادى كىم ئۆگەتتى؟ بىر مەررە بولىسىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: ئىنسانلارغا ئۆگىتىلگەن ياخشى ئىشلارنىڭ كۆپى تەربىيە، مەجبۇرلۇق - زورلۇق بىلەن بولسا، يامان ئىشلارنىڭ كۆپى ئۆزلۈكىدىن، دوراش بىلەن يۇقىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، بالىلىرى ئالدىدا ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تىللىماق، ئۇرۇشماق، ئۇلارغا كۆرسىتىپ تاماكا چەكمەك، ھاراق ئىچمەك، كەيپى خۇمارى ئۈچۈن لازىملىقلار (تاماكا، سەرەڭگە، ھاراق - شاراب) نى بالىلىرىنى بۇيرۇپ ئەپكەلدۈرمەكلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ «بالىلىرىم مېنىڭ قىلغانلىرىمنى دورىسۇن» دەپ ئۇلارغا كۆرسەتكەن «ئۈلگىمىز» ۋە ئۇلارغا سېلىپ بەرگەن «مەبلىغىمىز» دۇر، خالاس.

## سىر ساقلىيالماسلىق

بىر كىشىنىڭ مەخپىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياكى مەخپىي ئىشلىرىنى كۆرۈپ باشقا كىشىلەرگە سۆزلىمەك سىرنى ئاشكارا قىلىش دېمەكتۇر.

بۇ، ناچار سۈپەتلەردىن بولۇپ، پەس تەبىئەتلىك، ئىپلاس ئادەملەردە بولىدىغان يامان خۇلقلاردىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇنداق يامان خۇلقىنى بىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىشى ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ پۈتۈن جامائەت ئالدىدا ئېتىبارسىز بولىدۇ.

خۇسۇسەن ياش ۋاقتىدىن باشلاپ بۇنداق سىر ئاشكارىلىغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىققا تىرىشىش زۆرۈردۇر.

شۇڭا «سىر ئاچقۇچى ئەۋرەت ئاچقۇچىدىن يامانراقتۇر» دېيىلگەن سۆز ناھايىتى جايىدا كەلتۈرۈلگەن ھېكمەتلەردىندۇر.

كىشىنىڭ: «مۇشۇ سۆزنى باشقىلارغا دېمىسىڭىز» دەپ ئۆتۈنگەن سۆزىنى ئەلۋەتتە دېمەسلىك، سىرنى ساقلاش لازىمدۇر.

قېرىنداش ۋە دوستىنىڭ ئېيتقان سىرىنى ئىككىنچى بىر كىشىگە ئېيتىش ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ، بۇ، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

سىر - غەرەز - مۇددىئاسىنى، ئارزۇ - مەقسىتىنى ئاشكارىلىماي كۆڭلىدە پىنھان ساقلىماق دېمەكتۇر.

ئۈچ نەرسىنى سىر قىلىپ ساقلاش زۆرۈردۇر: بىرى، سەپەرنى. ماڭار كۈن ۋە يول - مۇساپە سىرىدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلماسلىق لازىم. چۈنكى دۈشمەننىڭ خەۋەر تاپسا پېيىڭگە چۈشۈشى مۇمكىن. يەنە بىرى، نىيەت - غەرىزىنى، ئارزۇ - مەقسىتىنى سىر تۇتۇش لازىم. ئەگەر بۇ دۈشمىنىڭگە بىلىنسە، ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئىشىڭنى بۇزىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، بايلىقىنى ئاشكارىلىماسلىق لازىم «مەن باي» دەپ خالىغانچە پۇل، مال - مۈلكىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ يايسا، باشقىلاردا تەبىئىي تەمە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بەلكى دۈشمەنلەر ئۇنى بايلىقتىن مەھرۇم قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تاسادىپىي ئەلەم يەتسىمۇ سىر تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئىككى ئىش بار: بىرى، ئاشكارا بولغان رەنجىڭ دوستلىرىڭنى مالال، نائۇمىد قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، دۈشمەننىڭ پىتنە تىلىنى ئاچىدۇ. بىر كىشى ئاقىلغا: «مېنىڭ بىر سىرىم بار، كىمگە دەي» دېسە، ئاقىل: «سىر ئۆزۈڭنىڭ، ئۆزۈڭگە لازىمدۇر. بۇنى ئۆزۈڭ ساقلىمىساڭ باشقا كىشىگە لازىمى بولمىغان نەرسىنى نېمىدەپ ساقلايدۇ» دېگەندىن كېيىن، سىرنى دېمەي مۇرادىغا يەتكەنىكەن.

بىر ھېكايىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سىرنى يېقىنىغا دېدى. ئۇ ئاشكارىلىدى. ئىسكەندەر ئۇنى جازالىماقچى بولغاندا ئارستو: ئەي شاھەنشاھ، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك سىرنى ئىچىڭگە سىغدۇرالماي ئۇنىڭغا دەپسەن. ھالبۇكى، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرنى ئۇ قانداق ساقلىسۇن؟ ئۇنىڭدىن ئاغرىنما، قايت، دەپتۇ. ئىسكەندەر گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

سىر ساقلىيالمىغان كىشى ھەممىگە دەردى - بالانى چىللاپ كەلتۈرگۈچىدۇر. شۇڭا ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىي: «سىرىمنى دۈشمىنىم بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغىمۇ دېمە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

## كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماق ۋە غەيۋەت قىلىش

باشقىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ئالدىدا دېمەي، ئۆزگىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن سۆزلەش، ئارقىسىدا دېيىش غەيۋەت قىلىشتۇر. بۇمۇ بىر ناچار سۈپەت بولۇپ، ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۆزلىسەڭ، ئۇ گەپ ئۇنىڭغا ئاڭلىنىپ قالسا، ئەلۋەتتە سېنى دۈشمەن كۆرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كىشى ساڭا ئىناۋەت قىلمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى ۋە ئەيىبىنى سۆزلىگەن چاغدا ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاقىل ئادەم بولغان بولسا پەملەيدۇكى، «بۇ ئادەم ھازىرغۇ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى، كېيىن بىر يەردە يەنە بىر كىشىگە جەزمەن مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىدىغىنى ئېنىق» دەپ بۇ كىشىدىن قاچىدۇ، ھەزەر قىلىدۇ. خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە خىتابەن دانا زاتلاردىن بىرى: «.

.. بىر - بىرىڭىزنىڭ، بۇرادىرىڭىزنىڭ گۆشىنى يېمەڭىز!» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندۇر. بۇ بولسا غەيۋەتنىڭ دۇرۇس بولمىغان بىر تەرىپىدۇر. ئەمدى يەنە بىر تەرىپى بولسا، جەمئىيەتتە بەزىبىر بەتقىلىق - رەزىل كىشىلەر باركى، قول ۋە تىلىنى يامانلىقتىن يىغماي ئەل - جامائەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە مۇنداق كىشىلەرنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى خالايىققا تونۇشتۇرۇپ، ئادەملەرنى ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشقا، زىياندىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل تۈزەلمەس، ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتتە جامائەتنى ئاگاھلاندۇرۇش نىيىتىدە پاش قىلىش غەيۋەت بولمايدۇ ۋە ئۇ غەيۋەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. غەيۋەت قىلىشقا ئادەتلەنگۈچى ئەسلىدىن ئېيتقاندا، يالغانچى، بەرھەق مۇناپىقتۇر.

غەيۋەتخور ئادەم ھەرقانداق يامانلىقتىن يانمايدۇ. ئەگەر ياخشى بىر كىشىنىڭ غەيۋەتخورلۇقى بىلىنسە، ئۇنىڭ بىلەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھەمسۆھبەت بولماسلىق لازىم.

## چېقىمچىلىق ۋە گەپ توشۇماق

بىر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشى ھەققىدە قىلغان سۆزىنى شۇ كىشىگە يەتكۈزگەنلىك گەپ توشۇماقتۇر. بۇ بەكمۇ پەس سۈپەتتۇر. ھەر قانداق ئادەم مۇنداق شۇم ئىشتىن ئۆزىنى تارتىش لازىم. خۇسۇسەن باللىرىمىزنى بۇ ئىللەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرمىقىمىز زۆرۈردۇر.

گەپ توشۇيدىغان مۇنداق ئادەمدىن ھەممە كىشى نېرى قاچىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «... قەدىمكى زاماندا بىر زەرگەر ئۆيىدە بىر بالا باققۇچى توختاتماقچى بولۇپ قوشنىسىغا ئۆزىنى توختاتقان ئايالدىن بىرنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قوشنىسى ئۇ كىشىگە زەخەئانا دەيدىغان بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى پاكىز، نىزافەتلىك ئايال بولسىمۇ، ئەمما بىر ئەيىبى ‹گەپ توشۇيدۇ›، غانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش لازىملىقىنى جېكىلەپتۇ. زەرگەر زەخەئانىنى قويۇپ تۇرۇپ باشقىسىنى تېپىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خوتۇنى: ‹ھېچ گەپ يوق، ئۆزىمىز دىققەت قىلارمىز›، دەپ ئاخىر زەخەئانىنى ئەپكېلىپ، يەتتە يىللاپ ئۆيىدە توختىتىپتۇ. زەخەئانا تازا يەرلەشكەندىن كېيىن سۈت بىلەن كىرگەن يامان خۇيىنى كۆرسەتمەك بولۇپتۇ - دە، خېنىمنىڭ بېشىنى بېقىۋېتىپ: ‹خېنىكەم، قايسى كۈنى مەن ئۇستامنىڭ قېشىغا ئاش ئېلىپ بارغىنىمدا ئۇستامنىڭ بىر نازىنىننىڭ قولىغا بىلەيزۈك سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. قىياسىمچە، ئۇستامنىڭ نىيىتى ئالا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشىدىن ھوشيارراق بولسىلا، يەنە سىلىنىڭ يۈزلىرىگە پۇت قويمىسۇن!›، دەپ ئۇستامنىڭ ئاقكۆڭۈل خوتۇنىنىڭ دىلىغا غۇم، غەشلىك چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن زەخەئانا ئۇستامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان غىزاسى شويلىنى ئوخشىتىپ ئېتىپ، زىرە - قارامۇچلارنى سېلىپ، ۋاقتىدىن ئۆتكۈزۈپرەك دۇكانغا ئاپىرىپ يەتكۈزۈپتۇ. ئۇستام كېچىكىش سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلغاندا: ‹ئېيتاي دېسەم بېشىمدىن قورقىمەن. سىلىگە بولغان ساداقىتىم ۋە ئىخلاسىمنى ئۆزلىرى چۈشىنىلا، دېمىسەم ئېغى بولمايدۇ، تۇزكورلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن›، دەپتۇ. ئۇستام: ‹ئېيتىۋەرگىن، ھەر قانچە گۇناھ بولسىمۇ ئەپۇ قىلىمەن›، دېگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق بىر گەپنى توقۇپتۇ: ‹مەن شويلىنى خومرىغا ئۇسۇي دەپ تۇرسام ئۆيدە خېنىكەمنىڭ بىر كىشى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئىشىك تۆۋىگە بېرىپ يوچۇقتىن قارىسام، بىر يىگىت بىلەن بولۇۋاتقان سۆھبەت ئىكەن، مەن چۆچۈپ كەتتىم. خېنىكەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. ھەر ھالدا پەخەسرەك بولغايلا!›، دەپ ئۇستامغا ‹ۋاپادارلىق›، قىلغان بولۇپتۇ. ئۇستام ھەيران بولغىنىدىن دىلىغا شەك چۈشۈپ، ئۆزىمۇ نىھايەت بىئارام بولۇپ: ‹يەنە ئەھۋاللار بولسا مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇڭ›، دەپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

بۇ قېتىم تۆلكە ئۆيگە كېچىكىپرەك كەلگەچ ئۇستامنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن كېچىكىش سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ: ‹مەن كېچىكمەيتتىم، ئەمما سىلىنى دەپلا كېچىكتىم. دۇكانغا بارسام ئۆزلىرىگە گېپىنى قىلغان، قولىغا ئۇستام بىلەيزۈك سېلىپ قويغان ھېلىقى ساھىبى رەنا بىلەن ئۇستام يەنە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىۋاتقانىكەن. شۇنى ئاڭلاپ سىلىگە يەتكۈزىمەن دەپ كېچىكتىم. قارىغاندا، ئۇستام ئاشۇ چوكانغا ئىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سىلىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ›، دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ. ئۇستامنىڭ ئاقكۆڭۈل خوتۇنى: ‹قانداق قىلىمىز، بىر چارە قىلسالا›، دەپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۇ دەللە ئويلانغان بولۇپ: ‹بۇنىڭ چارىسى ئاسان، سىلى كېچىكتۇرمەي چارشەنبە ئاخشىمى ئۇستام ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ بوغدىيىكىدىكى ساقىلىدىن ئۈچ تالنى ماڭا ئېلىپ بەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن›، دەپتۇ. ساددا خېنىكەم شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۇستامنىڭ ئۈچ تال ساقىلىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان بولۇپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن زەرگەرنىڭ قېشىغا گۆشكە بارغان زەخەئانا: ‹ۋاي ئۇستام، سىلى بەك ھوشيار بولۇپ، ياتقان - قوپقاندا دىققەت قىلمىسىلا بولمايدىغان بولدى. تۈنۈگۈن ئۆيگە خېنىكەمنىڭ ھېلىقى سىلىگە دېگەن ئاشىقى كېلىپ خېنىكەمگە بىر ئۇستىرىنى بېرىپ، چارشەنبە دېگەندەك قىلىپ پىچىرلىشىپ كەتتى. قىياسىمچە، چارشەنبە كۈنى ئۇ ئىككىسى سىلىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاشقان ئوخشايدۇ›، دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇستامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

«ياق، ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئەمەستۇ» دەپ ئىشەنمەپتۇ. جادۇگەر زەخە: «ئەزبەرايى خۇدا، شۇنداق. ئەگەر ئىشەنمىسىلىرى چارشەنبە ئاخشامدا ئورۇنلىرىدا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىپ باقسىلا، ئاندىن كارامەتنى كۆرۈلا!»، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر ئىككى سەممىي ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ تەييارلاپ بولۇپتۇ. دېگەن چارشەنبە كەپتۇ. دۇكاندا ئىش بىلەن ھارغان ئۇستام ئۆيگە كىرىشى بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماپتۇ. ئۇ، تەييارلانغان كەچلىك سىنچايىنىمۇ ئىچمەي ئۇخلىماقچى بولۇپ يېشىنىپ يېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. خوتۇنى ئۇستامنى بىخىرامان ئۇخلاپ كەتتى، دەپ ئويلاپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا بېرىپ، كۆرپە ئاستىغا تىقىپ قويغان ئۇستىرىنى ئاپتۇ - دە، ئېرىنىڭ يېنىدا بىر ئاز ياتقاندىن كېيىن ئۈچ تال ساقىلىنى ئالىمەن دەپ ئېڭىكىگە شۇنداقلا ئۇستىرىنى ئەكېلىشىگە، زەرگەر ئۇستام خوتۇنۇمنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشى راستكەن، دەپ يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۇستىرىنى تارتىۋاپتۇ ۋە ئايالىنى چېچىدىن تارتىپ ئۇگدىسىغا يىقىتىپ بوغۇزىغا ئۇستىرىنى سۈركەپتۇ. خوتۇنىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، يوتقان - كۆرپە ۋە ئۇستىنىڭ ئۇستىبېشى قانغا بويۇلۇپتۇ. شۇ ئەسنادا زەخە يېقىنلا يەردىكى زەرگەر ئۇستامنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاكىسى باقىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. باقى يۈگۈرگەن پېتى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ھەدەپ قانغا بويالغان كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇۋاتقان زەرگەر ئۇستامغا ئېتىلىپتۇ. ئاڭغىچە زەخە دەرھال زەرگەر ئۇستامنىڭ ئىنىسىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە خەۋەر قىلىپتۇ. ئۇلار كېلىپ باقىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇ ئارىدا باقىنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇستىنىڭ ئىنىسى، ۋە ئۇنىڭ باللىرىدىن ئىككىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپتىن بىر مۇنچە ئادەم ئۆلۈپتۇ. كېيىن بۇ ۋەقە شەھەر ھاكىمىغا يەتكەندىن كېيىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرسە، ھەممە ئىش زەخە دەللالنىڭ چېقىمچىلىقى، يوق ئىشنى توقۇپ چىقىپ ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرگەنلىكىدىن بولغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ جامائەت گەپ توشۇيدىغانلارنى ھەجۋى قىلىپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

ئاقنى كۆككە ئۆزگەن زەخە دەللال،
كۆكنى ئاققا ئۆرىگەن زەخە دەللال.
ئىناق - ئامراق تۇغقان بىلەن ئەر - خوتۇننى
نىسىت - نابۇت ئەيلىگەن زەخە دەللال.»

## تەرى سۆرۈنلۈك

ئاتا - بوۋىلىرىمىز «چىراي كۆرۈپ ھال سورا» دېگەن سۆزنى ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ئىشىكىگە بىرەر كىشى كەلسە ۋە ھاجىتىنى پۈتتۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈنسە ياكى سەن بىر ئادەمگە ھاجىتىڭ چۈشۈپ ئالدىغا بارغان چاغلاردا ئوچۇق چىراي بولماق لازىم. تەرى سۆرۈن ئادەمدىن ھەممە كىشى قاچىدۇ. شۇڭا ھەر قاچان ئادەم باشقىلارغا بولۇۋاتقاندا ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىشى ۋە باللىرىغىمۇ بۇ ئادەتنى ئۆگىتىشى زۆرۈر.

خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: قەدىمكى زاماندا قەشقەر سوزاقتا بىر كىشىگە تومۇزدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇ چوڭ ئوغلىنى بەشكېرەمدىكى تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە دورىلىق ئۈچۈن سىركە سوراپ ئەۋەتىپتۇ. چوڭ ئوغلى تۇغقىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئېشەكتىن چۈشمەي تۇرۇپ قولىدىكى تايىقى بىلەن تۇغقىنىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ: «دادام سىركە بەرسۇن دەيدۇ» دەپ توۋلاپتۇ. تۇغقىنى بوينىنى سوزۇپ قاراپ بېقىپ: «سىركە يوق!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئوغۇل نائۈمىد قايتىپ كەلگىنىدە باللىنىڭ خۇيىنى بىلگەن دادا: «سەن تاغاڭدىن سىركىنى قانداق سورىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. بالا: «مەن ئېشەكتە تۇرۇپ ئالدىراپلا سىركە سورىغاندىم، يوق دەپ بەرمىدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دادا ئىككىنچى ئوغلىنى يەنە شۇ ئېشەك بىلەن بەشكېرەمگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ بالا تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئاۋۋال تاغىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن ئۇلار قاچىلاۋاتقان مايىسەن ئۈزۈمنى يۈگۈرۈپ بېرىپ سۆكەنگە توشۇپ بەرگەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ: «ئوغلۇم، بۇيان كەپسەنغۇ!؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن: «دادامغا بىر - ئىككى كۈن بولدى ئۇفا (ئاپتاپ) ئۆتۈپ كەتكەندى، ئۆيىمىزدە سىركە تۈگەپ قالغانىكەن، دورىلىق ئۈچۈن سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئەۋەتكەندى، ماۋۇ پىلچەككە (قويندىن پىلچەكنى چىقىرىپ، ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن) بىر تېمىم سىركە قويۇپ بېرەمدىكىن، دەپ كەلگەندىم» دەپ ئىنتايىن خۇشپېئىل تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. پىخسىق، پۇلغا ئامراق تاغىسى باللىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ: «بىر كۈپتىكى سىركىنى ئېلىپ كەتكىن» دەپتۇ. بالا رەھمەت ئېيتىپ: «مەن ئېشەك بىلەن كەلدىم، كۈپنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن. ئازغىنە - بىر تېمىم بولسىلا بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ پىلچەككە لايىق قۇيۇپ بەرسىلە كۇپايە» دەپ ئىنساپ بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاپتۇ. تاغىسى: «ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى» دەپ كۈپتىكى سىركىدىن چوڭ بىر قاپاقتا لىپمۇلىق توشقۇزۇپ، ئوغۇلنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ھەم جۈپ توقاچ تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئوغۇل سىركىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن دادىسى مۇنچىۋالا يوغان قاپاقتىكى سىركىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. بالا: ئۆيگە ئوچۇق چىراي بىلەن كىرگەندىن باشلاپ، تاغىسىغا سالام - سەھەت قىلىپ، تىنچلىق - ئامانلىقىنى سوراپ تاكى تاغىسى چوڭ قاپاقتىكى سىركىنى

بەرگەنگە قەدەر ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خۇلاسە شۇكى، .قوپال سۆزلەيدىغان كىشى ھېچقانداق ئادەمنى رازى قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەمگە ھېچقانداق ئادەم ھەتتا كىچىك بالىمۇ ئېتىبار قىلمايدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا سەت كۆرۈنىدۇ.

## نىكاھ، ۋەدە - قەسەمدۇر

نىكاھ - ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ئۆمۈرلۈك جۈپتى ھالاللىقى، ۋاپادار - ھەمراھلىقى، ھەمدەملىك - ھامىيلىقى ئۈچۈن ئېلىنغان ۋەدە ۋە قاتتىق ھۆججەتلىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن بىرى نىكاھ بولۇپ، ئۇ، توي - مۇراسىم كۈنى خالايىق ئالدىدا بولىدىغان كۈچلۈك ۋەدە - پەيمان (توختام) دىن باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان، تويلىرى بولغاندىن باشلاپ قىز - يىگىتنىڭ مىللىتى، ئائىلىسى ۋە ئۆزىنىڭ نەسلى - نەسەبى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىلى، ئىپپەت - نومۇسنى ساقلاش، بالىلىرىنى ياخشى بېقىش ۋە تەربىيىلەش، بالىلارنى ۋە ئائىلىرىنى تولۇق نەپىقىلەندۈرۈشنى تەركىبىز مىللىي ئەخلاق، ئائىلە مىزانى، ئادىمىيلىك بۇرچ، مەيلى قايسى تەرەپ بولمىسۇن ئىپپەت - نومۇسنى ساقلىماسلىق، تالاغا قاراشنى جۈپتى روزىگارى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن، بالىلىرى ئۈچۈن كەچۈرگۈسىز خىيانەت ۋە جىنايەت دەپ قاراپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى ئۆز جۈپتى روزىگارى بولغۇچى ئايالىنى «قاتىن» دەپ ئاتىغان. «قاتىن» سۆزى دىلى (يۈرىكى) دىلىغا، ئېتى ئېتىگە، جېنى جېنىغا قېتىشقان، ئارىلاشقان، ئۇيۇشقان دېگەن سۆز بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا «ق» ھەرپى ئورنىغا «خ» يورۇتۇلۇپ، «خاتىن» بولۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم.

ئەجدادلىرىمىز بۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ساقلاشتا ئۇلار قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئەدەب - ئەخلاقى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغلىرىدىمۇ يايلاق ۋە چېدىرلار ئالدىدىكى بۇلاق ۋە كۆللىرىدە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاققۇ ئۈچۈن ئاۋۋال ئورۇن ھازىرلىغان ۋە ئورۇن بەرگەنىدى. بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مانى دىنىدىكى ئۇرۇقداشلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەرگەنلەر ئەگەر ئاققۇنىڭ ئەركىكىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇق تەگكەن جەستى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە چىشى ئاققۇ تېخىمۇ ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىغا قاڭقىپ، كۆتۈرۈلۈپ، سوڭرە قانىتىنى جۈپلەپ يەر تەرەپكە شۇڭغۇپ، ئاندىن كۆكسىنى قاتتىق زېمىنگە ئۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن. ئەگەر چىشىسى ئۆلگەن بولسا، ئەركىكى خۇددى شۇل تەرىزدە ئۆزىنى ئۆلتۈرەر ئىكەن، دېگەن تەمسىل بار. ھەتتا ۋاپادارلىق سىمۋولى بولغان ئاققۇنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ئائىلىسىگە قۇتلۇق بولمايدۇ ۋە بەخت يولى ئېتىلىدۇ، دېيىلگەن ئېتىقاد (ئىشەنچ) مۇ بار.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز جۈپتى روزىگارلىرىغا ۋاپادار بولۇشتا خۇددى پاك يۈرەك ئاققۇدەك بىر - بىرلىرىگە سادىق ۋە سەمىمىي ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەنئەنىۋى پەزىلەتنى ساقلىشىپ كەلگەن.

## سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇزۇرىدا

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان (مىلادى 1514 - يىلى 7 - ئايدا سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، مىلادى 1533 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سالاھىيەتلىك ئوغلى ئابدۇرەشىدخان (مىلادى 1533 - يىلى بۇ خانلىقنىڭ II خانى بولۇپ، 26 يىل خانلىق قىلغاندىن كېيىن مىلادى 1559 - يىلى ۋاپات ئەتتى) ئاتىسى ئورنىغا خان بولدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆز ھاياتىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ راۋاجى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن زور سەئىي - ئىجتىھاد قىلغان بۈيۈك سىياسىئوندۇر. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خانلىقىنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغانلىقتىن، شىمالدا يەتتىسۇ، توقماقلارغىچە، جەنۇبتا تىبەت، كەشمىرغىچە، غەربتە تاشكەنت، شەرقتە كەڭسۇ (گەنسۇ) ، چىڭخەي (كۆكنۇر) غىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى ئەھلى پۇقرالارنى ھەقىقىي ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەلنى ئەمىن قىلغان. خانلىق ئاۋاتلىشىپ، ھەممە يەر مەمۇرچىلىققا تولغانىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ياش ۋاقىتلىرىدا ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ئۇرۇش - جەڭلەردە چىنىققان؛ بۈيۈك ئالىم - ئەللامىلاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ، كامالەتكە يەتكەن. شۇڭا ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم ئەھلىگە ھامىي، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قابىل، ھەر دائىم ئەل ئىچىگە بېرىپ، خەلقنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىدىغان، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە تەپتىش قىلىدىغان، قوشنا مەملىكەت ۋە يات ئەللەر بىلەن رابىتەلەرنى مۇۋاپىق قىلالايدىغان ۋە ئىناق ئۆتۈشنىمۇ بىلىدىغان ئۇلۇغ زات ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب - ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ «قاتىن» لەر ئىمتىيازى «ھوقۇقى» نى ھۆرمەتلەشنى ھەمىشە تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ يېرىم ئالەملىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەمىر - يارلىقلىرىدا، سۆھبەت سورۇنلىرىدا خوتۇن - قىزلارنىڭ پەزىلەت، خىزمەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ تونۇتۇپ، كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەتتا نىكاھلىنىشتىكى تۆت شەرتنىڭ بىرىنچىسى بولغان «خاتۇنلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ رىزالىقىنى بىلدۈرۈش» شەرتىنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن.

كۆپلىگەن راست سۆزلۈك تارىخچىلار، ئەدىبلەر، تەتقىقاتچىلار سەئىدىيىلەر دەۋرىدىكى ئەخلاقىي گۈللىنىش، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئادىللىقى، ئۆزى مەشھۇر خان بولسىمۇ، ئوردا ئەنئەنىسىدىن قورقماي دېھقان قىزى ئامانىسىغا ئۆيلىنىشى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە سادىق - ۋاپادارلىقى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاپ، رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ تارىختا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغانلىقى ۋە ئامانىساخاننىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلغانلىقى، خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب يازغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي، تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن ماقالىنىڭ سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەرىپاتلارنى قايتا تەكرارلىماي ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۆزچى ھۈسەيىننىڭ ھېكايىتى بىلەن مۇقامشۇناس، شائىرە، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئەخلاقشۇناسى ئامانىسا خېنىمنىڭ

ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى تەقدىم قىلماقچىمەن.

* * *

ھەپتىدىن بۇيان، سېتىپ ئالغان يىپلىرىنى ئاقاق ئۆرۈش قىلىپ پاتلاپ تەييارلىغان بوزچى ھۇسەيىن قىبلىغا ئۇدۇل تۈزۈلگەن دۇكانغا رەتلىك تارتىپ، سەھەردە تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، «بىسمىللا» بىلەن بىرىنچى موكىنى ئاتقاندىن باشلاپ چارشەنبە كەچقۇرۇنغىچە 27 دانە خامنى توقۇپ تەييارلاپ، قاتلاپ، پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يول چاۋىرىدا ئىسرىق سېلىپ، «شىش بازىرى»غا ئاپىرىپ، تىلىگەنگە قاراپ سېتىپتۇ.

ئۇ، ماتالىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن يىپ بازىرىغا بېرىپ يەنە ھەپتىلىك تىرىكچىلىكى ئۈچۈن يىپ، ئاشقان پۇلىغا ئاشلىق، سەۋزە، گۆش، تۇز، ياغ قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپتۇ. بازاردىن قايتىپ ئۆيىگە كىرسە، ئەھلى بەيتى (ئۆي ئىگىسى) بولغان زۆلەيخان بۇنىڭدىن بۇرۇنقى چاغلاردىكى خۇش چىرايى بىلەن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ قولىدىن بازارلىقلىرىنى خۇشال - خۇرام ۋە ئىتتىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئېرىدىن بۈگۈنكى پۇلنىڭ ھېسابىنى ئېلىپتۇ. دېمىسىمۇ زۆلەيخان ئاخىرقى تۇغۇتىدىن كېيىن چىرايى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇنى ئاز دېگەندەك، بازاردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ھۇسەيىن بوزچىدىن ھەدېسىلا پۇلنىڭ ھېسابىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، پۇلدا سەل - پەل ئېگىز - پەسلىك كۆرۈلسىلا: «بۇ پۇل نەگە كەتتى» دەپ ئۇرۇشىدىكەن. ئۇلار جېدەل ئۈلگىيىپ بولالمىغاندا مەھەللە ئىمامىغا، ھەتتا مەھكىمە شەرئىيىگە بارىدىغان بوپتۇ. بۈگۈنمۇ ھۇسەيىن بوزچى ھويلا ئىشىكىدىن كىرىشىگە ئەسەبلىرى قوزغالغان زۆلەيخان ئېرىنىڭ ساتقان خام پۇلىدىن ھېساب ئېلىپ كۆرسە، 16 پۇل كەم چىقىپتۇ. زۆلەيخان: «بۇ پۇل نەگە كەتتى؟» دەپ ئېرى بىلەن جېدەللىشىپتۇ. جېدەل ئەدەپتۇ. ھۇسەيىن بوزچى ئەكەلگەن يىپ - تاق ۋە گۆش - ياغلارنى تاشلاپلا ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي خوتۇنىغا بىر كاچات سېپتۇ - دە، ئەرز قىلىش ئۈچۈن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىغا مېڭىپتۇ. ئەزەلدىن خەلقنىڭ چوڭ - كىچىك ئەرز - دادلىرىنى ئۆزى ئاڭلاپ، ئۆزى سوراپ ئادەتلەنگەن خان بوزچى ھۇسەيىننىمۇ قوبۇل قىلىپ ئەرز - دادىنى سورىغاندا، بوزچى ھۇسەيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا:

— . . . خوتۇنۇم بىلەن ئارىمىزدا مۇھەببەت قالمىدى. خانىمىزدا جېدەلدىن باشقا ئارامخۇدا جىم ئولتۇرىدىغان دەقىقە يوق. ماڭا ھەدېسىلا تاپا - تەنە، دەككە قىلىدۇ. ھېساب ئالىدۇ. ئاجرىشىپ كېتىشكە نىيەت قىلىپ ھۇزۇرلىرىغا دادىمنى ئېيتىپ كەلدىم، - دەپتۇ.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇسەيىن بوزچىغا ئۆزى يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ: «يېقىن ئولتۇرغىن» دەپ يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئارىدىكى تارتىنىشلار تۈگەپ، خان بىلەن بوزچى تىزىنى تىزىغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بوزچى ھۇسەيىننىڭ ئەرز - دادىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:

— خوتۇنلىرىمىز ھەمىشە بىزنىڭ دەككىمىز ۋە ئاچچىقىمىزنى كۆتۈرسە، تاپا - تەنىلىرىمىزگە چىدىسا، خام كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرگەن يېمەكلىرىمىزنى پىشۇرۇپ، ئۇۋدىنىنى بىزلەرگە يېگۈزسە، خانىمىزنى ئىسسىتىپ، يورۇتسا، ئۇنى ساقلىسا، تەشنا كىرسەك بىزگە سۈت، شەربەت، چاي بەرسە، كىر - قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، ياقىلىرىمىزنى ئاقارتسا، يىرتىلغان كىيىم - كېچەك، يوتقان - تۆشەكلىرىمىزنى پاكىزلەپ ياماپ، ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنى توققۇز ئايلاپ بويىدا كۆتۈرسە، سۈتلىرىنى ئەمگۈزۈپ، ھۆللىرىنى قۇرۇقداپ، ئوت - سۇدىن ساقلاپ، ئاغرىقىدىن خەۋەر ئېلىپ چوڭايتسا، تاپقان - تەرگەنلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئەكىرسەك جۇغلاپ ئائىلە خەزىنىسىدىن ئىبارەت چوڭ بايلىق جۇغلىسا، ئاتا - ئانا، بىر تۇغقان، خىش - ئەقرىبا، يار - ئاشنا مېھمانلىرىمىزنى ئىستىقبال قىلىپ، ئۇلار ئالدىغا پايمال بولۇپ چىقىپ نىمەت داستىخانلىرىنى ياسا، دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ، كۈن ۋە تۈن بىزنىڭ مۇنىس (سىرداشقۇچى) مىز بولسا . . . شۇنچە ھەسنات (ياخشىلىق) لىرىنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمەي، تېخى ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش دېگەن سۆزنى ئاغزىڭدىن چىقارماقچى بولامسىنا؟! سېنىڭ قايسى بەستىڭنى ئەر كىشى دېيىشكە بولىدۇ؟! خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى ئەر كىشى دېيىلگەن زاتلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاشۇنچىلىك يۈكىنى ئۈششىسىدە كۆتۈرۈپ كېتەلمەسكەنۇ، كەمىنەنىڭ سەلتەنەتىمىزدىن ئىبارەت بۇ زور ئائىلىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىمىقى بەسى مۇشكۈللەردىن بولسا كېرەك. كۆلبەڭ (ئۆيۈڭ) دە ئەھلى بەيتىڭنىڭ بىر كۈن يوق بولغان كۈنىنى سەن ئېسىڭگە ئېلىپ باق. روزىگارىڭدىن بوران، كەيپى ھالىڭدىن ۋەيرانلىق ئەكس ئېتىدۇ. «تالاق» (ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش) سۆزىنى دېمەك ئەھلى مەردىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ مەبغۇز (غەزەپلەنگەندە ئېيتىلغان) نەرسىدۇر. بۇ بىلازىم سۆزنى ئىشلەتمەك ئار - نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان دىشۋارچىلىقنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس. سەن گەرچە جاھىللىقىڭغا ئېلىپ ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايمەن، دەپ قەسەمگە ئولتۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن سەبىي باللىرىڭنىڭ: «دادا، ئانا» دېگەن پاك ۋە سەمىمىي، غەرەزسىز ساداسى، سالاسى ئالدىدا لەت بولۇپ، بوشىشىپ كېتىشىڭ ۋە قەھرى - غەزىپىڭدىن قايتىشىڭ مۇمكىن.

پەردە بىلەن ئايرىلغان ھەرەمخانىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزىدىن ۋاقىپ بولغان خانىش ئامانىسا خېنىم:

— باشقا خالايىقلارنىڭ ئۆيىگە مۇھەببەت تولدۇرۇپ قويۇلغىنى يوق. ئەلۋەتتە ئەر - خوتۇن بولغۇچى زاتلا بىر - بىرلىرىگە رىئايە ۋە ھۆرمەت قىلىپ، مۇھەببەتنى ئىزدىنىپ تېپىشلىرى لازىم. شۇ چاغدا ئۆي ئىچى ھەممىسى بولۇپ، تۇرمۇشتا راھەت، خانىدا بەرىكەت بولىدۇ. سىز بىلىسىزكى، كېپەن دېيىلگەن ئۆلۈك كىيىمنى ئادەتتە ئۆلگەن ئادەملەر ئۈچۈن پىچىدۇ، ھاياتلارغا كېپەن پىچىلمايدۇ. بىز ئەھلى زايىپلار (خاتۇنلار) ھايات كىشىگە كېپەن پىچىلسا يىرگىنىپ قورققىنىمىزدەك «تالاق» دېيىلگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن شۇنداقلا يىرگىنىپ قورقىمىز. ئەركىشىنىڭ يوق ئىشلارغا ۋەسۋەسە سېلىپ يۈرمىگىنى ياخشى، - دەپ سۆز قوشۇپ خاننىڭ نەسىھىتىنى ئىزاھلاپتۇ.

خان ۋە خانىشنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بوزچى ھۇسەيىن ئويلىغان يامان پىكرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، چېپىلداپ تەرلەپ، خان ھۇزۇرىدىن ئەپۇ سوراپ، خىجالەتتە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھويلا ئىشىكىدىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان بوزچى ھۇسەيىننى كۆرۈپلا خوتۇنى يەنە يېڭىدىن جېدەل باشلىماقچى بولۇپ: «. . . سەن مېنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، ھاقارەتلىگىنىڭنى ئاز دەپ تېخى مەھەللە - كوي ئالدىدا مەھكىمە شەرئىيگە سۆرەپ ئاپىرىپ

خالىغىنىڭنى قىلماقچىمىدىڭ؟ ئەمدى سېنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان ھەر قانداق كارامىتىڭ بولسا كۆرىمەن» دەپ بىر قولى بىلەن ئېرىنىڭ ياقىسىغا، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بەلبېغىغا ئېسىلىپ: «ئۇره!» دەپ قورسىقىغا ئۇسكىلى تۇرۇپتۇ. تولا موكا ئېتىپ قولى بەكمۇ ئىتتىپ كەتكەن ھۆسەيىن بۆزچى بۇ قېتىمدا: «ئەستەغپۇرۇللا» دېگىنىچە ساقىلىنى تۇتاملاپ، تامدىكى شامدەك قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىزى زۇبەيدە دادىسىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ: «جېنىم دادا، بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىل، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن. بۇ يېقىندىن بېرى كېسەلنىڭ دەستىدىن ئانامنىڭ ئېسىرى ئەدەپ كەتتى» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتسا، ئاكىسى ھەسەن ئانىسىنىڭ قول بېغىشىنى تۇتۇۋېلىپ: «مېھرىبان ئانا! دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر. سەن ھەمىشە بىزگە يېتىمچىلىكنىڭ، كېلىنلىكنىڭ دەردىنى قانچىلىك كۆپ تارتقانلىقىڭنى سۆزلەپ بېرىپ: ئىككى يېتىم كاككۇك - زەينەپنىڭ ئاران قۇرغان ئۇۋىمىز بۇ ئۆي دەيتتىڭ! ئەمدى شۇ ئاۋات بولغان ئۇۋىلارنى بۇزۇشقا قانداق چىدايسىلەر؟» دەپتۇ ۋە ئوغۇل - قىز ئىككىسى تەڭلا يىغلاپ كېتىپتۇ. مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇ ئىككى جۈپ پاك كۆزلەردىن ئاققان ئابى نىسان (باھاردا تۇنجى ياغقان يامغۇر سۈيى) ئاتا - ئانىنىڭ دىلىدىكى غەشنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئاداۋەتنى يۇمشىتىشقا مەلھەم، شۇنداقلا ئىككى دىلنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى قايتا چېتىشتا يىپەك رىشتە بوپتۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھۆسەيىن بۆزچى:

- باللىرىم، سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلار بەرھەق. ئاناڭلار بىلەن مەن بىر - بىرىمىزنى، سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى، دەردۇ - ئەلەملىرىمىزنى... ياتلارغا نىسبەتەن ئوبدان چۈشىنىپ، روزىگار قۇرۇپ سىلەرگە ئاتا - ئانا بولغانىدۇق. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خانىمىز بەرىكەت تاپقانىدى. ئەمما مەن بىۋاپا ئاتاڭلار ئۆزۈمنى، ئاناڭلارنىڭ قىلغان خىزمەت ۋە ئەقىدىسىنى، سىلەرنى ئۇنتۇپ، ئاچچىقىمنى باسالماي خان ھوزۇرىغا شىكايەتكە بارغىنىمدا ئۇلۇغ خانىمىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرى ۋە خانىش ئامانىساخان خېنىم: «تالاق سۆزىنى ئېغىزدىن چىقارماق ئار - نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان دىشۋارچىلىقى تولىمۇ تەس، ئەر - خوتۇن بولغۇچى زاتلار بىر - بىرىگە رىئايە ۋە ھۆرمەت قىلىشلىرى لازىم» دەپ پەند - نەسىھەت قىلدى. خان ئالىيلىرىنىڭ قىلغان سۆزى جېنىمدىن ئۆتۈپ يۈرىكىمگە تەگدى. ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارنى مەھكىمىگە شىكايەت قىلىپ بېرىش قاچاندا بولمىسۇن يۈز سۈيىنى تۆكۈشتىن، ئۆزىنى خارلىققا سېلىشتىن، ئائىلە چاۋىسىنى چىتقا يېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن، - دەپتۇ. ئاندىن زۇلەيخان:

- مەن ئۈچۈن ھەمىشە سوپەر بولىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، يوقنى ئەھيا قىلىدىغان، ھەممە ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىدىغان ھەتتا خانىمىزنىڭ قازىنى ئۈچۈن ئۆزى ئوتۇن بولۇپ كۆيىدىغان، ئەلنى، يۇرتنى ۋە بىزلەرنى قوغدايمەن دەپ ياۋغىمۇ بارىدىغان ئاتاڭلارنى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا زورلاپ زەنجىتكىنىمنىڭ خان ھوزۇرىغا بېرىپ يەتكىنىنى، يەنە ئۇ شاھلىرىمىزنىڭ پاراسەت بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، زىيادە خىجالەتتە قالدىم. مەن بىلمەيتىمەن، توۋا قىلدىم. ئاۋۋال ئۇلۇغ خانلىرىمىزدىن، ئاندىن ئۆزلىرىدىن ئۆزرە سورايمەن، - دەپ يىغلاپ كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپ، ئۇنى سارىغۇچ بىلەن سۈرتۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكىلەر ئىناق، ئامراق بولۇپ، ئائىلە بەرىكەت، روناق تېپىپ نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرىلەرنى قاتارغا قوشۇپتۇ.

## ئامانىسا خېنىمنىڭ ۋەسىيىتى

خاتىرىلەردە، مىللىي ئەدەب - ئەخلاق مىسلىسىز گۈللەنگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا پۈتۈن يۇرتتا ئەر - ئاياللاردىن «ئۈزۈلۈشىمىز» دەپ مەھكىمىلەرگە يۈگۈرگۈچىلەر ناھايىتى ئاز بولغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى خانىنىڭ «يېرىم ئالەم» بولغان خوتۇنلار مەسىلىسىدە ئىنساپ ۋە ئادالەتنى قايتا - قايتا تەكىتلىشى ۋە ئەمەلىي تەدبىرلىك ئىش يۈرگۈزۈشى بىر سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەففە (پاك، ئۆز نەپسىنى ساقلىغۇچى) ئەھلى بەيتى خانىش ئامانىسا خېنىمنىڭ ۋاپاتىدۇر. ئۇ، ئۆتكەن خانلارنىڭ خاتۇنلىرىدەك ئەۋلادلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش، زېبۇ - زىننەت قاتارلىق نەرسىلەرنى مىراس قالدۇرماي مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان:

«مەن يېقىن سائەتتە ئالەمدىن ئۆتىدىغاندەك تۇرىمەن. ھەزرەتلىرىدىن ئۈمىدىم: كەمىنە روزىگارلىرى پۈتۈن ھاياتىمدا ئەل مەرىپىتى ئۈچۈن تىرىشتىم، يازدىم. مېنىڭ زەخىرە ئاخىرەت (ئاخىرەتكە سەرمايە) بولغۇدەك ياخشى خىسلەت، پەزىلىتىممۇ يوق. مالىك بولغان دۇنيالىقىم ھاجىتى ئەسلىدىن زىيادىمۇ ئەمەس. ئاشۇ كات ئۈستىدىكى يېڭى تاغاردىكى ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قومۇش قەلەم قىرىندىسى مېنىڭ ھاياتىمدا يىغقان غەززانەمدۇر. مەن ھەر بىر خەت ئۈچۈن ئۇشلانغان قومۇش قەلەم قىرىندىسىنى جۇغلاپ قويغانىدىم. ئۇ مېنىڭ سىزغان قەلىمىم ئەجرى ۋە سەمەرىسى بولسۇن، باقىي ئالەمگە ئالغاچ كېتەي. شۇل قەلەم قىرىندىسى بىلەن مېنى يۇيىدىغان تاھارەتىم سۈيى ئىسسىتىلىپ، بەدىنىم يۇيۇلسۇن.

مۆھتىرەمە ئالىم مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇتى خېتى بىلەن يېزىلغان «مەسھەت شېرىف» نى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغانىدىم، ئۇنى باكىرە قىزلاردىن بىرى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، ھەممە يۇرتتىكىلەرگە تەقدىم ۋە تەلىم قىلغان بولغايلا. ئالىمە پاتىمە بىنتى ئەھمەد بىنتى مۇھەممەد سەمەرقەندىي قىزىنىڭ خەتتى فارسى نۇسخىسىدە مەقبىرەم (قەبرە) گە خاتىرە يېزىلغاي...»

ئۇ، شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا كۆز يۇمىدۇ. بۇ ھال سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ زات ئالىم، پازىلە - ئەففە ئامانىسا خېنىمنىڭ پاك مۇھەببىتى، ھۆرمىتى خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاھارىتى بىلەن ئەركەك ئاققۇدەك دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ راستلىق، ئىنساپلىق، ۋاپادارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەل تېخىمۇ بىر - بىرلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولۇپ، ئۆز يولى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى قوغداش ئارقىلىق، تارىختا ئەۋلادلارغا يېقىلماس ئەخلاق ئابىدىسىنى تىكلىگەنىدى.

1982 - يىل 30 - ئىيۇل، شەھرى كاشغەر

---

مۇھەممەت ئوسمان ھاجى: 72 ياش، قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىنىڭ خادىمى، كاندىدات تەتقىقاتچى؛ ھازىر پېنسىيىدە

(M1)



## ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۆجۆرى

# قانداق قىلغاندا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

## لوپ ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىسى: مەدەنىيەت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇپ قېلىپلاشتۇرۇش، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، كۆپ خىل مۇلازىملىقنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن

لوپ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 6 - ئومۇمىي يىغىن روھىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەدەنىيەتنى يېزىلارغىچە يەتكۈزۈپ، ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېز يۈكسەلدۈردى.

لوپ ناھىيىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ناھىيە بولۇپ، 10 يېزا - بازار، بىر بىۋاسىتە قاراشلىق باشقۇرۇش رايونى، 236 كەنت، 1046 مەھەللە، 214 مىڭ نوپۇس بار. دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەيدا بولغان ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ئالدى بىلەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇپ خادىملارنى تولۇقلىدى. يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلدى. كەنتلەردىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. ھازىر ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، سەنئەت ئۆمىكى، كىنو - تىياتىرخانا، كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنو قويۇش ئەترىتى، 12 يېزا - بازاردا كىنو قويۇش ئەترىتى، 10 يېزا - بازاردا مەدەنىيەت پونكىتى، 210 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بار. ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈردى، كۆپ خىل مۇلازىملىقنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاپ راسخوت يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. كىنونى كەنتلەرگىچە ئاپىرىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇلار مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشتا تۆۋەندىكى

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى:

- مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك قاتلامۇ قاتلام كۈچەيتىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. يېزا - بازارلاردىمۇ بىر مۇئاۋىن شۇجى، بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بۇ خىزمەتكە مەخسۇس ئاجرىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت خىزمىتى تورى شەكىللىنىپ، مەدەنىيەت خىزمىتى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1995 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىدە يەنە يەتتە كىشىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، سەككىز كىشىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، بەش كىشىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر زىچ ماسلاشتۇرۇلدى. ناھىيە مالىيىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت راسخوتى ئۈچۈن 22 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايوندىن بۇ ناھىيىگە ۋەزىپە بىلەن كەلگەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى غەيرەت ئىمىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ سەنئەت ئۆمىكىگە بىر ئاپتوبۇس، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىگە بىر كومپيۇتېر، بەشتوغراق يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشىغا20 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردى. ناھىيە ھەر يىلى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەپ ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى. لوپ ناھىيىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر «ئۈچ توپلام»نى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى.

- مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتى جانلاندۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. مەدەنىيەت يۇرتى ئۆتكەن يىلى تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ 2000 پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، 80 قارار رەسىم، ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى ئېچىپ، 800 پارچە ئەسەرنى كۆرگەزمە قىلدى. 80 قېتىم ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنى كۆرگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار 48 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 30 قېتىم مەشرەپ ئۇيۇشتۇردى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە بىر قىسىم يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى 40 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئۆستۈردى. ئۇلار ئويۇن قويۇپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

- كۇتۇپخانا خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئاممىنىڭ كىتاب - ژۇرنال كۆرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۇتۇپخانا خادىملىرى كىتاب، گېزىت - ژۇرنال كۆرىدىغانلار ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا مۇلازىمەتلىق سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ھەر يىلى 4000 يۈەن قىممىتىدىكى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدى. ھەر يىلى 5 - ئاينى كۇتۇپخانا ئېيى پائالىيىتى قىلىپ، ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان مەزگىللەردە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كوچىلارغا چىقىپ كىتاب يايمىسى ئېچىپ ئاممىنى جەلپ قىلدى. بۇ يىل ئۇلار 10 يېزا - بازاردا كىتاب يايمىسى ئېچىپ، 3000 ئادەم (قېتىم) كىتاب كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئىدارە - ئورگان، زاۋۇت، مەكتەپلەردە ئالتە قېتىم كىتاب يايمىسى ئاچتى. كىتاب كۆرگۈچىلەر 1500 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاما كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار بىلەن تونۇشقانلىقتىن، كۇتۇپخانىنىڭ ئەزالىرى كۆپىيىپ 1000 كىشىدىن ئاشتى. دائىملىق كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلار 150 كىشىدىن ئاشتى. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 27 مىڭ پارچىدىن كۆپرەككە يېتىپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ كىتاب زاپىسى 101 مىڭ 388 پارچىغا يېتىپ، كىتاب كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن دېھقان - چارۋىچىلار 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. دائىملىق كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلار 2500 كىشىدىن ئاشتى، 230 دىن كۆپرەك مەدەنىيەت ئۆيىدىكى كىتاب - ژۇرناللار دېھقانلارنىڭ دائىملىق دوستى بولۇپ قالدى. يېزىلارنىڭ «ئۈچ ئۆي قۇرۇلۇشى» جانلاندى.

- سەنئەت ئۆمىكى ئارتىسلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىغا ساغلام مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسىي كۈچنى ئويۇن قويۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش، سەھنە ئىستىلىنى توغرىلاش، نومۇرلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىپ، شەكلى ھەرخىل، مەزمۇنى ساغلام، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلالايدىغان 25 نومۇر ئىجاد قىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدە ئويۇن قويۇشتىن تاشقىرى قېرىنداش ناھىيە، ۋىلايەتلەردە ئويۇن قويۇپ يىلىغا 120 قېتىم ئويۇن قويۇش، 64 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. قوشۇمچە كىرىم يوللىرىنى كېڭەيتىپ 9000 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۆتكەن يىلى «مەشۇت يۇرتىدا نورۇز» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمى ئىشلەپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

- مەدەنىيەت بازارلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى. ناھىيىدە سەككىز كىشىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ساغلاملاشتۇردى. مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئېنىقلاپ، قانۇنلۇق مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. ناھىيە بويىچە 151 قېتىم چوڭ ۋە ئادەتتىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان 180 پارچە كىتاب، 320 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى، بەش قاپ سىنئالغۇ لېنتىسىنى يىغىۋېلىپ بىر تەرەپ قىلدى.

- ھەقلىق مۇلازىمەتلىق ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاپ، مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. لوپ ناھىيىسى دۆلەت ئۇقتىلىق يار - يۆلەك بولىدىغان نامرات ناھىيە بولۇپ، مەدەنىيەت، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ناھىيە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرەلمەيتتى. مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى 1986 - يىلىدىن باشلاپ 12 مو يەردە مېۋىلىك باغ بىنا قىلىپ كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتتى. ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، مەدەنىيەت بازىرى، توي - تۆكۈن ئۈچۈن ھەقلىق مۇلازىمەتلىق قىلىپ، ئۆتكەن يىلى 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ يىل 7 - ئايغىچە 25 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۆتكەن يىلى مەدەنىيەت سىستېمىسى كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە ھەقلىق مۇلازىمەتلىق كىرىمىنى 136 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، مەبلەغ جىددىيلىكىنى پەسەيتتى.

-كىنو قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كىنونى كەنتلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇپ، چەت - ياقا كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشى بىلەن كىنو كۆرگۈچىلەر ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئۇلار مەركەزدىكى بىر بۆلۈم، تۆت مىنىستىرلىكنىڭ «يېزىلاردا كىنو قويۇشتىكى ھەق ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ھۆججەت تارقىتىپ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ئۆتكەن يىلى 15 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى. كىنو ئەترەتلىرىنىڭ كىنو تولۇقلىما راسخوتىنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن 30 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى. كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى ماتاشقا چېتىش بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىنوچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە كەنتلەر بىلەن توختام تۈزۈپ 1115 قېتىم كىنو قويۇپ ئاممىنى رازى قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ناھىيە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، ھاڭگىيا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، ناھىيىلىك كۇتۇپخانا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «كۇتۇپخانا خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇختار سىراجى مەملىكەت بويىچە مىللىي تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ باشلىقى، مۇدىر مۇخبىر (M2)



# چوپانلىقلارنىڭ ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى

كېرەم نىياز

چوپان - قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قاراقورۇم تاغ ئېتەكلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىر خىلۋەتيېزىسى بولۇپ، بۇ يېزىلىقلار مەشرەپخۇمار ۋە نەغمە - ناۋاچى كېلىدۇ. چوپانلىقلارنىڭ مەشرىپى باشقا يەرلىكلەرنىڭ مەشرىپىگە قارىغاندا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاچقا، بۇ يېزا مەشرىپىنىڭ «چوپان مەشرىپى» دېگەن نامى بار. «چوپان مەشرىپى» ئۆتكۈزۈلۈش مەقسىتى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ سەككىز تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ ئۆزگىچە بولغىنى «ئاداۋەت يۇيۇش» مەشرىپىدۇر.

كىشىلىك تۇرمۇشتا مەھەللە - كويلار، قولۇم - قوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - يارەنلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس. ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىك ۋە نىزاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىپ، ئەپۇ سورىشىپ ئارىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئايلاپ - يىللاپ ئاداۋەت ساقلىشىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مېھىر - شەپقەتنى، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. چوپانلىقلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئاشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە ئاداۋەتلەرنى مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق يۇيۇۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. «ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى» نىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ:

«ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى نىيەت قىلغان كىشى مەشرەپ بېرىشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەقسەت - مۇددىئاسىنى مەھەللە - كويلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، دوست - يارەنلىرىگە ۋە ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارغا ئېيتىدۇ. مەشرەپ بېرىدىغان كۈنى كەچتە ئالدىن خەۋەرلەندۈرگەنلەرنى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ چاقىرىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ھەممىدىن بۇرۇن چاقىرىپ كېلىپ تۆردە يانداش ئولتۇرغۇزۇپ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارغا ئوخشاش پىيالىلەردە چاي تۇتىدۇ. مەشرەپنىڭ نەغمە - ناۋاسى باشلىنىش بىلەن تەڭ ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارنى بىرگە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساھىبخانا ئۇلارغا چاي، ئاندىن تاماكا تۇتىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلار مەشرەپنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە چاينى بىر - بىرىگە سۇنۇپ تۇرۇپ «چاي ئىچىشلى» دېگەن تەكەللۇپنى ئېيتىپ چاي ئىچىشىدۇ. ئاندىن ئەرلەر ئۆزئارا تاماكا تۇتۇشىدۇ ۋە ئۆزئارا «ھەشقاللا» ئېيتىپ، تاماكا چېكىدىغانلار تاماكىنى بىر - ئىككى شوراپ قارشى تەرەپكە تۇتىدۇ. تاماكا چەكمەيدىغانلار تاماكىنىڭ ئۇچىنى يۈزىگە بىر تەگكۈزۈپ قويۇپ ھۆرمەت بىلەن تاماكا تۇتقۇچىغا قايتۇرۇپ تۇتىدۇ. تاماكىنى ئالغان كىشى «ھەشقاللا» ئېيتىپ تاماكىنى بىر - ئىككى شوراپ ياكى يۈزىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ ساھىبخانىغا تۇتىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارنىڭ بىللە ئۇسۇل ئويناش، چاي ئىچىشىش، تاماكا تۇتۇشۇش ئويۇنلىرى مەشرەپ داۋامىدا كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. تەكرارلىنىش ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى پەسىيىدۇ. مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا، مەشرەپ بەرگۈچى داستىخان سېلىپ تەييارلىغانلىرىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. داستىخاندىكى تائاملار، مېۋە - چېۋىلەر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مەشرەپ بەرگۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ: «يېقىندىن بۇيان xx بىلەن xx ئاداۋەتلىشىپ قالدى. ئاداۋەت ساقلاپ يۈرۈش ياخشى ئىش ئەمەس. ئاداۋەت ئىناقسىزلىق - ئىتتىپاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق بولمىسا، يۇرتتا ئاۋاتچىلىق، تۇرمۇشىمىزدا شاد - خۇراملىق بولمايدۇ. مەن ئاداۋەتنى يۇيۇپ، يامانلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە ھەر بىرلىرىنى بۇ سورۇنغا جەم قىلغاندىم» دەيدۇ. سورۇندىكىلەرمۇ بىر ئېغىزدىن: «ئوبدان قىپلا، بىزمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلاشقاندۇق» دېيىشىپ، ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارغا ياخشى تىلەكلىرىنى ئېيتىدۇ، نەسىھەتلەر قىلىشىدۇ. مەشرەپ بەرگۈچى ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلارغا يەنە بىر قېتىم چاي، تاماكا تۇتىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلار ئاداۋەتنى چاي بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى، ئاچچىقىنى تاماكىنىڭ تۈتۈنى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئىزھارلىشىدۇ. بىر - بىرىگە چاي تۇتۇشۇپ: «ھېچ ۋەقەسى يوق»، «بىر بولغان ئىش يەنە بولماس»، «خاپا بولمىسىلا»، دېيىشىپ، بىر - بىرىدىن ئەپۇ سورىشىدۇ، بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرى ئەل - يۇرتقا ئامانلىق، ئۆزئارا ئىناقلىق تىلەپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن تارقىشىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچىلار شۇ كۈنكى مەشرەپتىن كېيىن بىر - بىرىگە ئاداۋەت ساقلىماي، ئىناق ئۆتۈپ، باردى - كەلدى قىلىشىپ ئۆتىدۇ. كىمكى ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپىدىن كېيىن يەنە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرسە، جامائەتنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى، ھازىر پېنسىيەدە. (M2)



# توپاندىن تامچە

(ئەدەبىي خاتىرە)

باتۇر روزى

«ئوغۇزغا لىپمۇلىپ كاسەم، كىرەكمەس شەربىتى ئالەم،
ئۆتەربەتىلىكتە مىڭ دەۋران، بۇ ھۇرلۇك تاپمىغاي بەرھەم.
بېشىڭ ئەگدۇرسە ئاچ - زارلىق، مالايىمنكى ئەمەس ئادەم،
سېنىڭ بىر لەھزە ئەركىڭگە جىمى ئىنسانلىقىڭدۇر جەم...»

بۇ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ۋادىلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان تاغلىقلار تالاي ئەسىرلەردىن بېرى جاڭگالدىن جاڭگالغا تۇتاشقان ئوت يالقۇنىدەك ئۆيمۇ ئۆي كۆچۈپ يۈرىدىغان مەشرەپلەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ قانماي ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىدۇر؛ بۇ، ماددىي موھتاجلىققا قۇل بولۇپ ئېتىقادىدىن، ئىشقىي - ھەۋەسلىرىدىن ۋە ۋۇجۇدىنى ئەركىنلىك چاقمىقى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ تۇرغۇچى ئىنسانىي غۇرۇرىدىن بارغانسېرى يىراقلاۋاتقان، تارىختا دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالمىشىش بازىسى سۈپىتىدە ئەڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن تەپەككۇر بىلەن جانلىنىپ چەكسىز ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تويۇنغان «يىپەك يولى» مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەخمىقانە تۇس ئالغان «زامانىۋى» كورەڭلىك ئىچىدە يوقىتىپ، ئەجدادلىرىغا ئوخشىمايلا قالغان ئۇيغۇرلىرىمىزغا بېرىلگەن سىگنالدۇر؛ شۇنداقلا بۇ، بىر مەزگىللىك ھاقارەتلىك تارىخنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە نومۇسىمىزنى يوقاتقان ھالدا بەخىرامان ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمىزدىن رەنجىپ، ئەپسۇس - نادامەت ئىچىدە ۋۇجۇدى قاقشاتقۇچ تەشۋىشلەردىن شىددەت بىلەن لەرزە ئۇرغان ھالدا دۇنياغا كېلىدىغان ئەۋلادلىرىمىزنى تىرىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئېھسان بىلەن غەرەزسىز ھالدا تارتۇقلاپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك سەنئەت بەخش يېڭىلىقتۇر. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ناخشىلارنى يىل بويى ھاشارغا ئىشلەپ بەللىرى مۈكچەيگەن، قوللىرىنى تەڭگە - تەڭگە قاداقلار، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايلىرىنى رىيازەت قورۇقلىرى ئۇمۇچۇك توردەك قاپلاپ ۋاقىتسىز قېرىلىق يەتكەن دېھقانلىرىمىز ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ناخشىلارنى ئېيتقاندا، كەتمەننىڭ بىسىغا قوندۇرۇپ، لاي سۇغا چىلاپ يېگەن زاغرىنىڭ تامىقىدا سوزۇلۇپ قالغان كېپەكلىرى دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ چەككەن نەشىنىڭ پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ، خاماندىكى قىسماقتىن ھۈركىگەن قۇشقاچلاردەك ئېغىزلىرىدىن پۇررىدە توزۇپ چىقىدۇ. مەن ئەنە شۇ دېھقانلار ئارىسىدا، تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغان مەشرەپلەردە بويۇن تومۇرلىرى كۆپتەك ئىششىپ كەتكۈچە ناخشا توۋلاپ، قوللىرى

قاپارغۇچە توختىمايدىغان داپەندىلەر بىلەن بەستلىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ چوڭ بولغان. مەشرەپلەردىن خۇددى پۈتكۈل ئالەمنىڭ روھىنى قەلبىمگە يىغىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتقاندەك، سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي گۈزەللىككە تويۇنغان غايىۋانە نۇر بىلەن يۇيۇنۇپ پاكلانغاندەك، تەڭرىگە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ قىلغان ئىبادەتلەردە بەدىنىم ئېرىپ، كۆكسىدە جاھاننىڭ جىنى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ مۇقەددەس زاتى ئالىيلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك بىر خىل ئازادىلىك ئىچىدە ئۆزۈمنى قۇشتەك يەڭگىل سېزىپ قايتىپ چىقاتتىم. ساغلام ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىلاھىي مۇقەددەسلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەركىنلىك ئالىمىنى نامايىش قىلغۇچى مەشرەپلەر پاكار - پاكار سوقما تاملار بىلەن ئورالغان چەللە - باراڭ ئاستىدىكى توپا توزۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ كىچىككىنە ماكاندا تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ لەڭ ئۇرۇپ قاينام ھاسىل قىلىۋاتقان گۈلدۈرمىگىلا ئوخشايتتى. مەن ئەنە شۇ گۈلدۈرمىدە بەخىرامان ئويناپ يۈرگەن بىلىجان ئىدىم.

چىمدۇ كەنتى كاچۇڭ يېزىسىدىن ئاران كۆز يەتكۈدەك كەڭلىكتە يېيىلىپ ئاقىدىغان زەرەپشان دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. دەريا ئېقىنى قاپ بەللىرىدە ناگاندا بىر ئۆڭكۈر ئېغىزلىرى چەكچىيىپ تۇرىدىغان، قىلىچ بىسىدەك تىك ئۆرلىگەن قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىغا چاپلىشىپ قالغان قولاق شەكىللىك چىمدۇ كەنتىگە كەلگەندە چېكىتمىدە تۇرۇۋالغان يىگىتلەرنى ئەگىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلاردەك ئەپچىللىك بىلەن قايىدۇ. دولقۇنلار يىلاندەك سويلىغان پېتى كەنتنىڭ كەلكۈن مەزگىللىرىدە توختاۋسىز چېقىلىپ تاغ تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان تىك يارلىقلىرىنى غىردىغان ھالدا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپ تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ۋە كۆڭزىنىڭ قالايمىقان سىزما رەسىملىرى چاپلىنىپ كەتكەنىدى. كۆنلىرىمىز «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نى يادلاش ۋە تېزەك تېرىش بىلەن ئۆتەتتى. ماڭا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى، بۇ كۈنلەردە ھەتتا توي - تۆكۈنلەردىمۇ مەشرەپ ئويناش چەكلەنگەنىدى. كەنتىمىزدىكى بىر نەچچە نەغمىچىنى دادۇي (كەنتنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاتىلىشى - ئا) ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قورۇسىدا - جامائەت ئارىسىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ يېرىم كۈن كۈرەش - پىپەن (تەنقىد) قىلىشۋىدى، ئۇلارمۇ يۈرەكئالدى بولۇپ ئىككىنچى نەغمە قىلمايدىغان بولۇۋالدى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئىككى تۆت تەڭگە ھەق تەلەپ قىلماي يۇرتداشلىرىنىڭ توي - تۆكۈنلىرىنى قىزىتىپ بەرسە، ئەشۇ قەۋم - جامائەتنىڭ بىرلا ئۆرۈلۈپ نەغمىچىلەرگە قارشى شوئار توۋلاپ يۈرگىنى ئۇلارغا بەكمۇ ئەلەم قىلغانىدى. بىر قېتىم مەنمۇ مەكتەپتە ئىككى ساۋاقدىشىم بىللە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۈرەشكە تارتىلدىم. ئالدىنقى كۈنى كۆمۈركانغا ماڭغان بىر ھەربىي ماشىنا كەنتىمىزدىكى بىرەيلەننىڭ پاخلاندەك يوغىنىغان خورىزىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپمۇ، شوپۇر ماشىنىسىنى توختاتماي، ئۈستىبېشىمىزغا چاڭ توزۇتقانچە كېتىپ قالغانىدى. ئەتىسى بىز يول بويىدا ئويىنغاچ بۇ ماشىنىنىڭ قايتىشىنى كۈتتۇق. قولىمىزدىكى سېۋەتلەردە يول بويى تەرگەن تېزەكلەردىن ھور چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا كەلدى. بىز ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، ماشىنا ئۇدۇلىمىزدىن ئۆتكەندە سېۋەتتىكى تېزەكلەرنى كابىنكىغا ئاتتۇق - دە، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتۇق. شوپۇرلار دادۇي سېكرېتارىنى بىر مۇنچە تىللاپ، تەھدىت سېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ. قورقۇپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان سېكرېتار مەكتەپكە كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سۈر - توقاي قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇرۇپ يۈرۈپ بىزنى تېپىۋالدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سېكرېتار مەكتەپتە دادۇي كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ كۈرەش - پىپەن يىغىنى ئاچتى. بىز ئۈچ نەپەر ساۋاقداش ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش - پىپەن قىلىندۇق. توپ ئىچىدە خورىزنى ماشىنا بېسىۋەتكەن ئائىلىنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تېخى ھەممىدىن بەك شوئار توۋلاپ، بىزنى ھەدەپ تىللاۋاتاتتى. «ماشىنا خورىزىڭنى باسقۇچە ئۆزۈڭنىلا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىچۇ، ئىلاھىم!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتكەندە خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك داپ داراڭلىغان ئاۋازلار يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر توپ بالىلار خۇشاللىقتىن تېرىمىزگە سىغماي مەشرەپ سورۇنىغا قاراپ ئۇچتۇق. نەغمىلەرنىڭ تېكىستلىرى خەنزۇچە ئۈزۈندىلەرگە ئالماشقانىدى. «تاجىخان يارلار، باغدا ئوينايلى» دېگەننىڭ ئورنىغا «چىڭ ئەيدى ماۋجۇشى، ۋومېن شىنجۇڭدى خۇڭتەيياڭ» (قەدىردان ماۋجۇشى، قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش) دېگەن سۆزلەر تېكىست قىلىپ سېلىنغانىدى. نەغمىچىلەر ئەسلىدىكى تېكىستنى ئوقۇسا، «سېرىق ناخشا ئوقۇدۇڭ» دەپ كۈرەش - پىپەن قىلىناتتى. شۇڭا ئۇلار ئاخىر زامانغا باب مۇشۇ ئامالنى ئويلاپ تاپقانىدى. مەردانە - جۇشقۇن ئاھاڭلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شوخ - شادىيانە ئۇسسۇللار مەيداننى بىر ئالدى. خورىزنى ماشىنا بېسىۋالغان بالىلار بىلەن بۇرۇنقى ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر - بىرىمىزگە كۈلۈمسىرەپ بېقىشىپ شوخلۇق بىلەن ئۇسسۇل ئويىنىشىپ كەتتۇق. جامائەتنى نەغمىچىلەرنى كۈرەش قىلىشقا ئۈيۈشتۇرغان دادۇي كادىرلىرىمۇ ئەمدىلىكتە دەل ئەنە شۇ نەغمىچىلەر چالغان داپقا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇلارمۇ مەشرەپنى كۆرگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن ئىمان ئېيتقان مۇسۇلماندەك ئۆزىنىڭ ئەسلى ئادىمىلىك ماھىيىتىگە قايتىپ كەلگەنىدى. كۈرەش قىلىنغان نەغمىچىلەرمۇ، ئۇلارنى كۈرەش قىلغان جامائەتمۇ بالىلارچە سەبىيلىك بىلەن ئۆچ - ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇشقان ھالدا بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرىشەتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ روھى بەجايىكى ھەج قىلىپ قايتقاندەك پاكلانغان بولۇپ، ۋۇجۇدى سۆيگۈ تەپتىدە ئېرىپ، بىر - بىرىگە سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك قوشۇلۇپ، مەيداندا لەڭ ئۇرۇپ ئاققان غول ئېقىنغا ئوخشاش كۆۋەجەپ ئاقماقتىدى. نەغمىچىلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شىددەت بىلەن مۇزىكىغا ئايلانماقتا. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھەۋەس - ئىشتىياق يالقۇنىدا قۇيرۇق يېغىدەك

ئېرىپ، دولقۇندەك سويلىماقتا. . . سورۇندا ئادەملەرگە قورقاق سېلىشنى بەلگە قىلغان ھايۋانىيلىق غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا مۇھەببەت ۋە ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىشنى بەلگە قىلغان ئىنسانىيلىق تەنتەنە قىلماقتىدى. بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە قارار تاپقان ھەقىقىي ھاكىمىيەت قۇرۇلماقتا. ئىنسانىي مۇھەببەت سورۇن ئەھلىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارىغا ئايلانماقتا، ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئادەملىك تەبىئىتىگە قايتىپ كەلمەكتىدى. بىرلىكى چەكسىز رەڭدارلىقتا كۆرۈنگۈچى ئالەمگە ھەقىقىي ئوخشىغان بۇ مەشرەپتە رەڭدارلىق بىرلىكتە، بىرلىك رەڭدارلىقتا - سەنئەتلىك يوسۇندا ئەكس ئەتمەكتە؛ دىل ئازارلىق - پەسكەشلىكتىن خالاس بولۇپ، غاپىللىقتىن سەزگۈرلۈككە، روھسىزلىقتىن شاد - خۇراملىققا مۆجىزانە سەكرەش ھاسىل قىلغان مەشرەپ ئەھلى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇقنىڭ ئېستېتىك پەللىسىدە ئۆز - ئۆزىنى نامايىش قىلماقتىدى.

دەرس ۋە ئەمگەكتىن بىكار بولغان چاغلىرىمدا كەنتىمىزدىكى دىنىي زاتلاردىن ساۋاق ئېلىپ، دىنىي ئىلمىمنى باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغانىدىم. ئاتا - ئانام ۋە يۇرتداشلىرىم ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋىلىرىمنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىن بىرەر مىڭغا يېقىن تالىپلارنى يىغىپ ئوقۇتۇپ، يۇرت - يۇرتقا ئىلىم - مەرىپەتتىن چىراغ يېقىپ ئۆتكەن، ھەممىلا ئادەم ئىخلاس قىلىدىغان كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىكەنلىكى، ھالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئادەملەرنىڭ چىقمايۋاتقانلىقى، مېنىڭ شەخسەن شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزۈندىن ئۆزۈن ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلىشاتتى. گەرچە خەت تونۇمىسىمۇ قۇرئاننىڭ تەڭدىن تولىسىنى يادا بىلگىنى ئۈچۈن «قارىم» دەپ ئاتىلىپ قالغان دادام ۋە ئىشقىي غەزەللىرى ئۈچۈن «تېتىقسىز شېئىرلارنى يازىدىكەن» دەپ نەۋائىينى تىللاپ يۈرىدىغان دىنىي ئۇستازلىرىم مەشرەپكە بارماسلىقىمنى تەلەپ قىلاتتى. مەن بەش ۋاق نامازنى ساددا ئەمما چىن ئىخلاسىم بىلەن ئوقۇپ بولۇپلا كېچە - كېچىلەپ دۇئا - تىلاۋەت ۋە قىرائەت قىلىش بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدىغان ئىبادەت سورۇنلىرىدىن ئۆزۈمنى غىپپىدە چەتكە ئېلىپ، نەدە مەشرەپ بولسا شۇ يەرگە ئۇچاتتىم. مەشرەپتىنمۇ ئوخشاشلا ۋۇجۇدۇم پاكلىنىپ قايتقانلىقىم ئۈچۈن ئاڭسىز رەۋىشتە ئۇنىمۇ ئىبادەت بىلەن تەڭ كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىمنى كېيىن ھېس قىلدىم. ئەمما مەھەللىمىزدىكى ئىمام - مەزىن، موللام دېگەنلەرنىڭ مەشرەپنى نېمىشقا ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەيتتىم.

كۆۋرۈكى يوق دەريادىن گاھ تولۇم، گاھ سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر سۇ ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا دارغا ئوخشاش تارتىپ قويۇلغان پولات چىۋىقلىق ئارقانغا ئېسىلغان سېرىلاڭغۇ ساندۇق بىلەن ئۆتۈپ، كەنتىمىز بىلەن يېزا بازىرى ئارىلىقىدىكى 10 - كىلومېتىرلىق چۆلدە سانسىز قېتىملاپ پىيادە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ، كۆمۈر توشۇيدىغان تراكتورلارنىڭ كاتاڭ يولدا يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ تۈرىدىغان كوزۇپلىرىدا توپىغا ئوخشاش سەكرەپ ئولتۇرۇپ، كۆمۈر توزۇندىلىرى بىلەن قازاننىڭ كۆيىسىدەك قارىداپ كۈنلەپ يول يۈرۈپ ناھىيە بازىرىغا قاتىراپ مىڭ مۇشەققەتتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر «كاچۇڭ مەشرىپى» ئوينايدىغان يېزا - قىشلاقلار تارىخىدا تۇنجى بولۇپ دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. تەقۋادار ئاتا - بوۋامنىڭ ۋە خۇداگوي يۇرتداشلىرىمنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك دىنىي ئۆلىما بولۇشنىڭ ئورنىغا ئىزدىنىش روھىدىكى يېڭىچە شېئىرلارنى يازىدىغان ياش شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئەمدىلىكتە يۇرتداشلىرىم مەندىن چەكسىز پەخىرلىنىپ مەسچىتلەردە ماڭا ئاتاپ دۇئا قىلىشىدىغان، سورۇنلاردا بولسا شېئىرلىرىم بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللارغا ماڭا ئاتاپ بىر رومكا ھاراقنى تۆكۈۋېتىپ تۇرۇپ ئاندىن مەشرەپنى باشلايدىغان بولۇشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتۇمغا بارسام نەغمە - ناۋاسىز، خۇددى ھازىدەك ئۆتكەن بىر تويغا قاتنىشىپ، داڭ قېتىپ قالدىم. يېقىندا يۇرتىمىزغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان xx خوجامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن توي - تۆكۈنلەردىمۇ مەشرەپ ئويناش چەكلەنگەنىدى. ھەتتا كىچىككىنىدە بوۋامنىڭ چەكلەشلىرىگىمۇ ئۇنىماي يېڭى مەكتەپكە قېچىپ بېرىۋېلىپ يۈرۈپ ئوقۇپ، ئاخىرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ 30 نەچچە يىل يېزا مائارىپى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، سان - ساناقسىز تاغلىقلارنىڭ ساۋادىنى چىقارغان، تېخى يېقىندىلا پېنسىيىگە چىققان ئانامۇ ئاتا - بوۋىلىرى تارىختا جەمەتىمىز بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ ئۆتكەن قاغىلىقلىق xx خوجامغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى.

ئەرۋاھىم ئۇچتى. نەغمىچىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ توي ئىگىلىرىنىڭ ئارسالدى بولۇپ قالغىنىغا ئۇنىمايلا مەشرەپنى باشلىۋەتتۇق. تويغا كەلگەن ھېلىقى غوجامنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىپ مەسخىرە قىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردۇم. كەچتە بەزمىدە يېزا باشلىقلىرىنىڭ تۆردىن كۆرسەتكەن ئورۇنلىرىنىمۇ رەت قىلىپ، پەگادا ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقان نەغمىچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىۋالدىم. شۇ ئارىدا ياشانغان نەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا چىنىگە تولدۇرۇپ ھاراق ئەكېلىشتى ۋە ئۇنى ئىچىشكە قوپاللىق بىلەن زورلاشتى. يېزىنىڭ بۇيرۇقۋاز «كاتتا» لىرىنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالغان نەغمىچىلەرنىڭ چىرايىغا يىغا ئولاشقانىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى سەنئەتكە بېغىشلاپ، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ كۆڭۈل تەشنالىقىنى مەشرەپ بىلەن قاندۇرغان بولسىمۇ، قېرىغانلىقلىرىغا قارىماي ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان نەغمىچىلەر ئۈچۈن، مۇشۇككە تاشلاپ بەرگەن بەزچىلىك مەنسەپلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ، ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن دەپ ئادەملىكىنى ئۇنتۇشقانلار تەرىپىدىن جالاپ خوتۇنغا ئوخشاش ھاقارەتلىنىۋاتقان مۇقەددەس سەنئەت ئۈچۈن ئىمكانىقەدەر ئۆزۈمنى بېسىۋالغان ھالدا دەۋاگەر بولۇپ ئوتتۇرىغا

چىقتىم. سۆزلىرىم ھەقلىق بولغىنى ئۈچۈن نەغمىچىلەرنىڭ ئىززەت - غۇرۇرى قوزغىلىپ، ئاخىر مەشرەپ كۆز يولى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى.

ئوقۇش، خىزمەت ۋە باشقا زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئۇزۇن يىل يۇرتتىن ئايرىلدىم. يىراق، يۇرتۇم كاچۇڭنىڭ مەشرەپلىرىنى پەقەت ئۇنتالمىدىم. مەشرەپلەر مېنى سېھىرلىۋالغانىدى. مەشرەپسىز مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئۆزۈمنى خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتا ئوخشاش روھىي جەھەتتىن تولىمۇ يېتىم سەزدىم. ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ قاينامىلىرىدا مەشرەپلەرنىڭ ئادەملەرنى ھەقىقىي يوسۇندا بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىگە بارغانسېرى قايىل قالماقتىدىم. مەشرەپلەر مىللىتىمىزنىڭ باللىق دەۋرىدىكى سەبىي، ساپلىقىنى مەنبە قىلغان، ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئىقلىملىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە تۇتاشقان، قەھرىمانلىق دەۋرىمىزدىكى مەردانە روھىي ھالەتلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا راۋاجلانغان، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ نازاكەتلىرى بىلەن تويۇنغانىدى. تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن دۇنياۋى مەدەنىيەت ئاچقۇچىنىڭ تىرىك شاھىدى، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن تەكلىماكان مەدەنىيىتىنىڭ ۋە كېيىنكى كارۋان كولدۇرمىلىرىنىڭ تەڭكەشلىكىدە راۋاجلانغان يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى تاسادىپىيلىقسىمان بىر ئاجايىبات ھېسابلانغان بۈيۈك سەنئەت قامۇسى 12 مۇقامنىڭ ئانا بۆشۈكى بولغان مەشرەپلەر بارغانسېرى ئاتا - بوۋىسىنىڭ يولىدىن تېيىپ مىللىي ئادەت ۋە ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان بۇ بەختسىز ئەۋلادلارنىڭ قولىدا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلىناتتىم. كۆز ئالدىمدا نۇرغۇن ئەرلىرىمىزنى ئاختا قىلىپ، ئەرلىك خاراكتېرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيا مەئىشتى ۋە ھاياتلىق زەۋقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھەر كىمنىڭ بېشىنى ئۆزىگە زىندان قىلىپ قۇرۇپ چىققان خوجائافاقنىڭ تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى بولغان خوجاملار، سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ھاۋا ئاننى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ ئوينايدىغان دېدەككە ئايلاندۇرۇۋېلىشقان مەنسەپدار - بۇيرۇقۋازلار ھەقىقىي ئۇيغۇر روھىنىڭ تىندۇرما شەكىللىك جۇغلانمىسى بولۇپ قالغان مەشرەپلەرنى يالماپ يۇتۇۋاتقان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك مېنى تەشۋىشكە سالاتتى. ئۆزۈمنى بىر خىل سىقىلغان بوشلۇق ئىچىدە تېپىرلاپ قالغاندەك، مەشرەپلەر خۇددى ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى بورىغا ساداسىغا ئوخشاش يىراق - يىراقلاردىن خىرە - شىرە ئاڭلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەشرەپلەر مېنىڭ نەزىرىمدە يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان ۋە ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدا توختاۋسىز تىرىلىپ تۇرغان بىر خىل ئەنئەنىدارلىققا ئىگە بولغان روھىي ماھىيەتنىڭ سەنئەتكارانە رەۋىشتە جانلانغان، جۇلالىق ئەۋجى ئىدى. نەغمىچىلەرنىڭ خىيالىي سىماسى كۆز ئالدىمدا رىۋايەتتىكى ئوغۇزخاقانغا ئايلىناتتى ۋە ماڭا «دەدەقورقۇت» چۆچەكلىرىدىكىدەك: «ئەي ئوغۇللىرىم، بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق! . . . پانىي دۇنيا كىملەردىن قالمىغان؟ . . . يۇرت - يايلىقىم سىلەرگە ئامانەت. . . نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن، دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن! . . . » دەپ تەكرار - تەكرار پىچىرلايتتى. تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدىن چەتتە قېلىۋاتقان كاچۇڭ مەشرەپلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مانا بۇ - پاكىت! پۇت - قولى چۇشەلگەن پاخلانغا ئوخشاش تېپىرلاپ كەتتىم. ئاخىر باغلاقنى زەرب بىلەن يۇلقۇنۇپ يېشىۋەتتىم - دە، قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ كاچۇڭ مەشرەپلىرىنى رەتلەشكە، ئاۋازغا ئېلىشقا كىرىشتىم. 105 نەغمە ۋە 2100 مىسرادىن تەركىب تاپقان توققۇز يۈرۈش مەشرەپ مۇقاملىرى ئەتراپىمغا ئۇيۇشقان نەغمىچىلەرنىڭ غەيرىتىمگە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق جىددىي مەشق ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. توساتتىن مەن يوق ۋاقتىمدا مۇھىم نەغمىچىدىن ئىككىنى كەنت باشلىقى ھاشاغا ھەيدەپ كېتىپتۇ. مەشق توختاپ قالغانىدى. ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى. دەرھال كەنت قورۇسىغا باردىم. ئىشىكى ھاڭقىرقاي ئوچۇق تۇرغان كەنت ئىشخانىسىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. تامدا ئۆز زامانىسىدىكى بىر قاتار كونا لەۋھە - تەقدىرنامىلار قاتارىدا «چوشقا بېقىشتىكى ئىلغار دادۇي» دەپ خەت يېزىلغان، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن لەۋھەمۇ ئېسىقلىق تۇراتتى. باللىق چاغلىرىمدا ئائىلىلەرگە چوشقا بېقىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەنلىكى، دېھقانلار ئۆزلىرى يېمەي - ئىچمەي بېقىپ كۆپكە ئوخشاش سەمرىتىۋەتكەن، 10 - 20 ئادەم بىرلىشىپ بالداق بىلەن كۆتۈرۈپ ئاران كوزۇپقا چىقىرىۋاتقان چوشقىلار، ئۈچ - تۆت چوشقا بىلەنلا لىق توشۇپلا قالغان كوزۇپلار، ئۇنى سۆرەپ توقايدىن ئايلىنىپلا غايىب بولغان ماشىنىلار. . . ئارقىدىنلا چوشقىغا ئوخشاش سەمرىپ كەتكەن يەرلىك ھۆكۈمدارلار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بىر موتسىكلىتنى يېرىم يولدا پاتقاقتا پاتۇرۇپ قويۇپ، پىيادە يول يۈرۈپ خېلى ئۇزۇندا ھاشار مەيدانىغا چۈشتۇم. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۇقتۇرۇشلار ئاقمىغان يەردە چىرايلىق گەپمۇ ئەلۋەتتە ئاقمىدى. چەكلىك ساندىكى ناھىيە دەرىجىلىك ھاشار، يەنە قانداقتۇ مۇئەييەن ساندىكى يېزا دەرىجىلىك ھاشا، سانى يوق كەنت دەرىجىلىك ھاشالار ھەققىدىكى بىر مۇنچە تەپسىلاتلارنى چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن ۋە تۆت سەر قېقىۋېلىپ چالا مەست بولۇپ قالغان كەنت باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن چىداپ تۇرۇپ ئاڭلىدىم: يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى كەنت دەرىجىلىك ھاشاغا ئاقماسمىش. نەغمىلەرنى رەتلەش مېنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلغان خۇسۇسىي ئىشىممىش. بىرەر مىڭ دېھقان ئىشلەۋاتقان يەر تۈزلەش ۋەزىپىسى بىر - ئىككى نەغمىچى قاتناشمىسىلا ئورۇنلانماي قالارمىش. . . ئۇ، كېيىنى كەنت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ تۈگەتتى. دېھقانلار ئىشنى تاشلاپ ئاللىبۇرۇن ئەتراپىمىزغا ئولىشىۋالغانىدى. مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى: دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك كەنت باشلىقىغا خۇشامەت قىلىپ ياكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، نەغمىچىلەرنى ئەيىبلەۋاتاتتى. ئېڭىمدا بولسا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ

رومانىدىكى ماگفۇرت ئوغلى ئېيتىۋەتكەن ئانىنىڭ ياغلىقى قوشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ: «ئويلاپ كۆرگىن، سەن كىمسەن؟ ئىسمىڭ نىمە؟ سىنىڭ ئاتاڭ دۆنەنباي!» دەپ سايراۋاتاتتى. ئىككى نەغمىچىنى ئېلىپ ماڭدىم. كەنت باشلىقى بىر توپ دېھقاننى ئەگەشتۈرۈپ كەينىمدىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، غەزەپتىن ئەسەبىيلەرىمگە تىترەك ئۇلاشتى. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سىيلىشقا باشلىدى. خۇدۇمنى بىلىپ - بىلمەي نەغمىچىلەرنىڭ قولىدىكى كەتمەننى يۇلۇپلا ئالدىم - دە، كەنت باشلىقىغا ئېتىلدىم. ئاللا قۇرئاندا: «مەندىنلا قورقۇڭلار!» دىسە، ئاللاغا قارىغۇلارچە شىرىك كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدىنمۇ ھۈركىگۈدەك دەرىجىدە يۈرەكسىز بولۇپ قالغان بۇ تەقۋادار دېھقانلار ئۆزلىرىنى خالىغانچە دومبالاپ ئويناپ قورقىتىۋالغان باشلىقىنىڭ مەندەك «بىر كىتاب خالتىسى» دىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. مىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، كاچۇڭ مەشرەپلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بولدى. ئەسلىدە كاچۇڭ مەشرەپلىرىنى رەتلەپ ئېلىپ بارسام، زىيالىيلىرىمىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشەنگەنىدىم. لېنتىغا ئېلىنغان نەغمىلەر، توپلانغان تېكىستلەر ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەر ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدا بىر يىلدىن بۇيان سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ «سارغىيىپ» يېتىپتۇ. ئۇلار جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان ساختا دورىلارنىڭ ئېلانلىرىنى ئاي - ئايلاپ بېسىشىدۇكى، ئۇنى توپ يىلتىزىدىن داۋالىيالايدىغان مەنىۋى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان مەشرەپلىرىمىز ھەققىدە لىللا تۈت ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشقا يارىمايدۇ. توغرا، جىنسىي كېسەللىك بىزدە مەۋجۇت. كونسېرى زەئىپلىشىپ، يوقىلىۋاتقان

ئەرلىك غورۇرىمىزنىڭ ئۆزىلا بىزدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە ھەقىقىي جىنسىي كېسەللىك. بىراق ئۇنى داۋالايدىغان ھەقىقىي ئېلانلار قېنى؟ ئاخشىمى ئاچچىق هاراقنى مەنتاڭ ئىچكەندەك بولۇشقا ئىچىپ، ئەتىسى چۈشكىچە ئايالى بىلەن ئەيىنەك تالىشىپ پەرداز قىلىشىپ، قورۇق سۆلەت بەگزادىدەك گىدىيىۋېلىشقان، ئەمەلىيەتتە مىللىي روھتىن ئايرىلغان قورۇق كىتابىي بىلىملەر بىلەنلا ئۆرە تۇرۇۋاتقان «بىر مورىسى يوق كاپىتان» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سۆزى) غا ئوخشاپ قالغان زىيالىيلىرىمىز بۇ ھەقتە ۋىجدانەن ئويلىنىپ باقتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بايىقى كەنت باشلىقىدىن زادى نىمە پەرقى بار؟ گەپ بۇ يەردە نوقۇل كاچۇڭ مەشرەپلىرى ئۇستىدىلا كېتىۋاتقان بولسا بۇنداق قايىنمىغان بولاتتىم. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە ۋە قاتمال، ئالا - جوقا پەتىۋالىرىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ئەنئەنىگە دەۋاگەر بولۇشقان زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا مانا ئەمدىلىكتە ھەقىقىي ئەنئەنە - مىللىي روھ يېتىم بالىدەك سارغايماقتا. كاچۇڭ مەشرەپلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بۇنى ئارتۇقى بىلەن دەلىللەپ تۇرماقتا. «ئات ئۇستى مەدەنىيىتى» نى ياراتقان دەۋرىمىزدىكى ئويۇشقاقلىق ۋە مەردانىلىك، يىپەك يولى مەدەنىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن مەنىۋى كامالەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇ ئۇلۇغۋار مىللىي روھ يارىماس ئېرىدىن رەنجىگەن ساھىبجامالدەك بىزدىن ئۇن - تىنسىز يىراقلاشماقتا. قاراڭ، بۇ ساھىبجامالنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇغان ۋە ئۆزىنى يوقاتقان ئېرى نىمىدېگەن بىچارە! بىز ھەقىقەتەن بىر تال قوۋۇرغىمىزدىن ئايرىلغان دومچەكلەرگە ئوخشاپ قالدۇق. (M1)



رەسسام: غازى ئەمەت



## بىزدىكى ئەبگارلىق

تەكلىماكانى

# ئانا ماكانىنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك ۋە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىك

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى روھىڭ سامان بولماس.
ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بۈگۈنكى بۇ يەر شارىدا پەقەت بىرلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بار، ئۇ بولسىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدۇر. يەر مەيدانى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئەلمىساقتىن تارتىپ «ئالتۇن تاۋاق» دەپ پەخىرلىنىپ نامى بار بۇ مىسلىسىز باي زېمىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاتا مىراس دىيارى، ئومۇمىي ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق مەنبەسى، شۇنداقلا جاھان ئۇيغۇرلىرىنىڭ زاكا يۇرتى، يىلتىز گاھى ۋە سېغىنىش قىبلىگاھىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «شيۇ» (غەربىي دىيار) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ زېمىندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۇنداق ئۆزلۈكىدىن، ئاسانلىقچە روياپقا چىقىپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ پىداكار ئەجدادلار ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ شانلىق نەتىجىسى. شۇنداقلا يارامىلىق ئەۋلادلار چېلىشلىرىنىڭ ئۆلمەس سەمەرىسى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە، كومپارتىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھەممە ئەقىل ـ پاراسەتنى قاناتلاندۇرۇپ، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەتنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، مەزكۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. بىراق، ئەبگارلىق ئىللىتى بىلەن زەئىپلەشكەن ئادەملىرىمىزدە بۇ خىل تونۇش، بۇ خىل ئاڭ ۋە بۇ خىل زوررۇر تۇيغۇ تولىمۇ كەمچىل. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ۋەتەن دېگەن نېمە، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن نېمە؟ بىلمەيدۇ. ئاپتونومىيە دېگەن نېمە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونى زادى نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغان، دېگەننى چۈشەنمەيدۇ. مېنىڭچە، قانۇن ئومۇمەن ئادىل. بىراق بىزدىكى ئەبگارلار نادان ۋە جاھىل؛ قانۇنشۇناسلار ھەقىقەتەنمۇ ئالىم. بىراق بىزدىكى ئەبگارلار ئۆزىگە ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىغا بەكمۇ زالىم!

بىلىش كېرەككى، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانا ماكان دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئاداققىي مەۋجۇدلۇق دېمەكتۇر. ھېكايەت، يەھۇدىيلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئۇزاق قەدىم زاماندىلا يەھۇدىي دىنىنى ئىجاد قىلىپ، دۇنياغا مۇئەييەن ئەقىدە ئاساسىدا ئۆملىشىپ، ئومۇملىشىپ ياشاشنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىپ بەرگەن ئۇيۇشقاق مىللەت بولۇپمۇ سانىلىدۇ. بىراق كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبگارلىق ئىللىتى يامراپ كېتىپ، بۇ ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆتە شەخسىيەتچىلىكى، ئۆتە بېكىنمىچىلىكى ۋە بىرەھىملىكى كاساپىتىدىن، شۇنداقلا يەنە باشقا بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن

## ئەينەك

مىڭ يىللار بۇرۇن ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، يۇرت - ماكانسىز قارا سەرگەردانلارغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان، قارا سەرگەردانغا ئايلانغان يەھۇدىيلار يەر شارىدا بېشى قايغان، پۇتى تايغان بويىچە ئېقىپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ تۆرلۈك بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن ئۆزلىرىنى تىرىكچىلىك، جاھاندارچىلىق ۋە كۆپ كەچۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئەمىن جاي ئىزدىدى. دۇرۇس، دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن بەزى دۆلەتلەردە خېلى ياخشى كۈن كۆردى. ئۆزلىرىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە ئىلىم - پەندىكى ئىجادچانلىقى بىلەن ھەرقايسى ئەل زىيالىيلىرىنىڭ سېپىدە بىر مەھەل تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانمۇ بولدى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار بەلكىم ئۆز ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ سەرگەردانلارغا ئايلىنىپ قالغان دەسلەپكى چاغلاردا: «بىزنىڭ مۇشۇ ئىشچان قولىمىز بىلەن پىكىرچان بېشىمىزلا بولىدىكەن، جاھاننىڭ ھەرقانداق يېرىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن نان تېپىپ يېيەلەيمىز ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق ھالاۋەتتىن بىخىرامان بەھرىمەن بولالايمىز» دەپ ئويلىغان بولغىيدى. بىراق رەھىمسىز رېئاللىق، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئىشچان - ئەمگەكچانلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ كېلىشىملىك - چىرايلىقلىقىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ زېھنىي - زۇكاۋەتلىك، ئەقىللىكلىكىمۇ ھېچقانداق بىر يات ئەلدە ئۇلارغا ئاداققىي ئارامچىلىق، ئەبەدىيلىك پاراۋانلىق ۋە خاتىرجەملىك يارىتىپ بېرەلمىدى. ۋەتەنسىز يەھۇدىيلار «دۇنيادا ئەڭ مەدەنىي مىللەت بىز» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان ياۋروپالىقلار ئالدىدىمۇ، ئەڭ ئاقكۆڭۈل، ياۋاش سانىلىدىغان ئاسىيالىقلار ئالدىدىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا، ئوخشاشلا ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، خار - زارلىقتىن باشقا ھېچبىر خوۋلۇق كۆرمىدى. ئاخىرىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان 6 مىليون يەھۇدىي «جاھاندا ھەممىدىن ئۈستۈن بىز» دەپ مارش ئوقۇيدىغان گېرمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، خۇددى ياۋايى ئېشەكنى سويغاندەك سويۇلدى ۋە تېرىسىدىن تولۇم قىلىنىپ، يېغىدا سوپۇن قويۇلدى. تەخمىنەن مىڭ يىللىق كەچۈرمىش - سەرگۈزەشتە ۋە ئەمەلىي پاكىت ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردىكى، ۋەتىنى - زېمىنى بار مىللەت دېگەن شۇ دەرىجىدىكى كەڭ ئىختىيارلىققا ۋە شۇ دەرىجىدە چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولىدۇكى، ئۇلار مۇھاجىر مىللەتنى خالىسا زېمىنىدا تۇرغۇزىدۇ؛ خالىسا قوغلاپ بىر بولمىغۇر بەدنام بىلەن ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولايدۇ؛ خالىسا بىر يوقىلاڭ بۆھتان بىلەن ئۇنى دامغا چۈشۈرۈپ، قوش قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداق، رەھىمسىز پاكىتلار بىلەن تولغان ئۇزاق ئەسىرلىك ۋەتەنسىزلىك، يۇرت - ماكانسىزلىق ئاخىرىدا يەھۇدىيلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزغان، شۇنداقلا ئۇلارنى ئويغىتىپ دىلىغا ۋەتەن ئۇقۇمىنى چوڭقۇر قىلىپ ئويغۇزغان!

مىڭ شۈكرىكى، سېخى تەبىئەت ئۇيغۇرغا دۇنيادىكى ھەرقانداق قەۋمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك مىسلىسىز گۈزەل بىر زېمىننى ئاتا قىلغان. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ زېمىندا، مەيلى ئىلى بوستانلىقى، مەيلى تۇرپان ئويمانلىقى، مەيلى قاراماي نېفىتلىكى، مەيلى كورلا نەشپۈتزارلىقى، مەيلى كۇچا ئۆرۈكزارلىقى، مەيلى قەشقەر ئانار - ئەنجۈرزارلىقى، مەيلى يەكەن ياڭاقزارلىقى ۋەمەيلى خوتەن ئۈجمىزارلىقى بولسۇن ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۇ كەڭ دىياردا زۇمرەتتەك جۇلالاپ تۇرىدۇ، بۇ زېمىننىڭ تۆت پەسلى ئېنىق: خۇش يىللىق باھارىدا، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەر زېمىننى ئوراپ تۇرىدۇ؛ پاراۋان ياز ناھارىدا، پارلاق قۇياش يېتىك نۇرى بىلەن زېمىننى تاۋلاپ تۇرىدۇ؛ بەرىكەتلىك كۈز پەسلىدە، سەلكىن شاماللار زېمىنغا ھەمىشە باياشاتلىق تۆكۈپ تۇرىدۇ؛ ئاراملىق قىش پەسلىدە، كۈمۈش قار زېمىننى رەھمەت يوپۇقى بىلەن پۈركەپ تۇرىدۇ. بۇ دىياردا تەكلىماكان، تارىم، جۇڭغار دەپ ئاتىلىدىغان غايەت زور خەزىنە ئامبارلىرى بار. بۇ زېمىننىڭ بايلىقتا تەڭداشسىزلىقىغا پۈتۈن دۇنياھەيرەتتە، بەلكى جىمى ئالەم ئاڭا زوقمەندە!

جاھان ئۇيغۇرلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەڭ مەئىشەتلىك، ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ مەزمۇنلۇق ۋە ئەڭ مەنىلىك تۇرمۇش ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ مۇبارەك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا. چۈنكى بۇ زېمىننىڭ چۆلىمۇ، كۆلىمۇ ئۇيغۇرغا ئۆز. بۇ دىيارنىڭ شەھەر، بازىرىمۇ، سەھرا، مازىرىمۇ ئۇيغۇرغا ئۆز. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى - پۇت قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دەپ، ئۇيغۇر پەقەت مۇشۇ زېمىندىلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئۇيغۇرچە ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە قوپۇپ يۈرەلەيدۇ. پەقەت مۇشۇ دىياردىلا قىلچىمۇ قىسىلماي، ئازراقمۇ يېتىرقىماي ئۇيغۇرچە ئويناپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ‌كۈلەلەيدۇ. بۇ زېمىننىڭ تاغۇ - تاشلىرىمۇ ئۇيغۇرغا: «مەن سېنىڭ» دەپ يىللىق باقىدۇ. بۇ دىيارنىڭ دەريا - ئېقىنلىرىمۇ ئۇيغۇرغا : «مەن ساڭىلا خاس» دەپ جىلۋىلىك ئاقىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر بۇ زېمىننى تولىمۇ ئەتىۋارلىشى، بۇ دىيارنى بەكمۇ ئەزىزلىشى، «ئانا ماكاننىڭ ئۆز بالىسى» لىق تۇيغۇسى بىلەن ئانا ماكاننىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يوسۇندا يېتىشى لازىم. ئەگەر كىمكى بۇ زېمىننىڭ قەدرىگە يەتمىسە، تۇزكورلۇق تۆقى - لەنىتى بىلەن شەرمەندە بولغاي ئاقىۋەتتە!

ئانا ماكاننىڭ قەدرىگە يېتىش ئالدى بىلەن ئانا ماكاننىڭ بارلىقىغا، تاغ -دالالىرىغا، ئېقىن - دەريالىرىغا، يۇرت - قىرلىرىغاۋە مەھەللە - كويلىرىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىشنى باش بەلگە قىلىدۇ. زېمىن سېنىڭ ئىكەن، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئۈندۈرۈلگەن ھەر تال گۈل - گىياھمۇ سېنىڭ خوجايىنلىقىڭ گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. «دۆڭكۆۋرۈك» ئەسلىدە سېنىڭ ئەجدادىڭ بىنا قىلغان كوچا ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنى سېنى تۇغقان ئاناڭنىڭ تىلى بىلەن ھەمىشە «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتىغىنىڭكى، ئەكسىچە ھەرگىزمۇ ئەبجەشلەشتۈرۈپ «ئەردوچو» دېمە! «نۇرباغ» سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاتالغان شۇنداق گۈزەل نام. ھالبۇكى ئۇنى «مىڭيۇەن» دەۋالدىڭ، بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەم تىلىڭنى، ھەم دىلىڭنى يوقاتتىڭ. بىخەستەلىكىڭ ۋە ھاماقەتلىكىڭ ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى «بېيمېن»، «نەنمېن» لەشتۈرۈپ بولدى. ئەمدى، بۇ ئىللەتنى بۈيۈك بوۋاڭ مەھمۇد ياشىغان، ئۇيغۇرنىڭ بۆشۈك شەھەرلىرىدىن بولغان

كاشغەرگە سۈرەپ بېرىپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ «يارباغ» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن كوۋرۈكنى «بېيداچاۋ»، «تۆشۈك دەرۋازا» ئاتىلىپ كەلگەن قەدىمىي قەلئە دەرۋازىسىنى «دۇڭمېن» ئاتاشقا رايىڭ بېرىۋاتىدۇ. بىر ئوبدان «تۇمەنكۆل» دېگەن نامنى تاشلاپ «دۇڭخۇ» ئاتاشقا تىلىڭ كېلىۋاتىدۇ. «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دىن «ئۇيغۇر»نى چىقىرىپ تاشلاپ «ئاپتونوم رايون» ئاتاشقا دىلىڭ يول بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئەبگارلىقىڭ بولماي زادى نېمە؟

بىلگىنكى، بىر يۇرت - ماكاننىڭ ئىسمى - نامى شۇ جاينىڭ خوجىدارلىق تارىخىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكىلا ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالىدىغان ئامانەت ناماياندە!

ئانا ماكاننىڭ قەدرىگە يېتىش ئانا ماكاننى قورۇش، ئانا ماكاننىڭ ئەتىسى ۋە ئۇزاق كەلگۈسى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان تەرەققىيات بىناسىغا ئۆز قولى بىلەن خىش قويۇشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلىدۇ. «بىز مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. بۇ، بىزنىڭ ئاتا مىراس دىيارىمىز» دەپ ھۆركىرەپ قويۇپ، ئىچىپ - چېچىپلا يۈرسەڭ ئانا ماكانىڭنى سۆيگەن، ئانا ماكانىڭنىڭ قەدرىگە يەتكەن بولمايسەن. ئانا ماكانىڭنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ گېلىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئانا ماكانىڭ ئۈچۈن، ئومۇمىي خەلقىڭ ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئىشلەيسەن، يۇرتۇڭ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىسەن. ئۆز ئەمگىكىڭ بىلەن ياراتقان نەتىجەڭنى بۇ زېمىن ئۈستىگە ئۆزۈڭ بىرمۇ بىر تىزىسەن ۋە ئۇنى جاھان ئەھلىگە نامايىش قىلىپ كۆرسىتىسەن. كۆرسىتىپ باقە، قېنى، يۇرتۇڭدىكى قايسى زامانىۋى قۇرۇلۇش، قايسى ئېگىز بىنانى سەن لايىھىلىدىڭ؟ قايسى ماشىنا، قايسى ئايروپىلاننى سەن ياسىدىڭ؟ سەندە قانچە ئۇچقۇچى، نەچچە نېفىت چارلىغۇچى، قانچە ئالتۇن كانلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرگۈچى بار؟ ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى، ئۆز مىللىتىڭنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىڭنى سەزسەڭ، مۇھىمى كەمچىلىكىڭنى ئېتىراپ قىلساڭ، بۇ ھالدا ماتارىپقا - ئادەم تەربىيىلەشكە بولغان تونۇشۇڭ ئۆسىدۇ. پەرزەنتلەرنى تۈرلۈك ئىلىم - پەن ساھەسى بويىچە، يالغۇز ئىجتىمائىي پەندىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچىمۇ زور تۈركۈملەپ تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان كۆز قارىشىڭ گرانت كاللاڭنى بۆسىدۇ.

مىللەت - ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەپ خەلقى ئالەم قايىل بولغۇدەك نەتىجە يارىتىش ئىلىم - پەن ئىقتىداردىن كېلىدۇ. ئىلىم - پەن ئىقتىدارىنى بولسا، پەقەت مەكتەپ، خۇسۇسەن ئالىي پەن - تېخنىكا مەكتەپلىرىلا يېتىشتۈرەلەيدۇ. سەن بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىسەن، ئەگەر ئۆيۈڭدە بىرەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بولمىسا، بۇ چوڭ نومۇسلۇق ئىش. ھالبۇكى، ئۆزۈڭ ئاز يېسەڭمۇ، كەم كىيسەڭمۇ، جاپا تارتساڭمۇ، رىيازەت چەكسەڭمۇ پەرزەنتىڭنى مەكتەپكە بەر، ئوقۇت. «ماڭاباشقىلار ئادەم تەربىيىلەپ بەرمىدى» دەپ ھېچكىمدىن ئاغرىنما. «بالامنى ئوقۇتۇپ قويمىدى» دەپ ھېچكىمدىن زارلانما. بادام دوپپاڭغا تايانغۇچە، شۇ بادام دوپپاڭنىڭ ئاستىدىكى ساغلام كاللاڭغا تايان. ئۆزۈڭ ئامال قىلساڭ، ئىلمىنىڭ داغدام يولى ئالدىڭدا جەزمەن بولۇر ئايان. ئىلىم بولمىسا، پەلەككە تاقاشقان ئېگىز بىنالارنى خوجايىنلىق ۋە مىمار - مۇھەندىسلىك بىلەن سالالمايسەن. بىلىم بولمىسا، مەدەنىي ئىنسان بولۇپ، مەدەنىي ھاياتتىن بەھرە ئالالمايسەن. ئەڭ مۇھىمى ئىلىم بولمىسا، گەرچە ئۆزۈڭنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتساڭمۇ، زېمىن لەززىتىنى ھەقىقىي تېتىيالمايسەن.

ئانا ماكاننىڭ قەدرىگە يېتىش ئەمگەك ئارقىلىق، كۈرەش ئارقىلىق ۋەتەنداشلىق سورۇنىدا ھەقلىق ئورنىنى تېپىشنى ئاداقىي مەقسەت قىلىدۇ. ئانا ماكان بىر ئىنسان ئۈچۈن تەڭدىشى يوق، تۈگىمەس بايلىق. بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسە بولمىسا بولىدۇكى، ئۆز ماكانى بولمىسا زادى بولمايدۇ. ماكانسىز ئادەم بەجايىكى ئىگىسى يوق ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئىگىسى يوق ئېشەكنى كىم كۆرسە، شۇ مىنىدۇ، خالىغىنىچە ئىشلىتىپ، كۆتىگە تېپىدۇ. ماكانسىز ئادەمنى باشقىلار ئېشەكتىنمۇ بەتتەر خارلايدۇ. بىراق ئانا ماكان دېگەن ئۇنداق غايىبتىن مىراس قالغان، ھېلىقىدەك بانكىغا سېلىپ قويۇپ، پايدا - ئۆسۈمىنى ئېلىپ خەجلەپ، ئاپتاپتا سونايلىنىپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزسىمۇ بولىدىغان ئۆلۈك بايلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت ئۈزلۈكسىز ھالدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىزچىل ھالدىكى مەنىۋى كۈرەشلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرۇشقا موھتاج جانلىق بايلىقتۇر. سەن بىر خاس زېمىنى بار ئادەم ئىكەنسەن، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى ئانا ماكانىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن قىلىپ، گەرچە سېنىڭ ھازىرلىق تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن ئانچە لازىملىق بولمىسىمۇ، بىراق ئانا ماكانىڭغا كېرەكلىك، ئانا ماكانىڭنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشىڭ، ئانا ماكاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى كۈرەشلەرگە تولۇق ئىشتىراك قىلىشىڭ لازىم. ئانا ماكاننىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتناشمايدىغان ياكى ئاز قاتنىشىدىغان، يۇرت - دىيارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مەنىۋى كۈرەشلەردىن ئۆزىنى ھەمىشە قاچۇرىدىغان ئادەمنىڭ ۋەتەنداشلىق سورۇنىدىكى ئورنى ئاقىۋەت يەگاھقا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئانا ماكان دېگەن ئەمەلىيەتتە ئانا ماكان ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغانلارنىڭ ماكانى بولىدۇ. ئانا ماكاننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم ئاڭلىق ھالدا ئانا ماكانى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ. پەقەت ئانا ماكانى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، جان پىدا قىلىپ ئىشلىگەن ئادەملا ۋەتەنداشلىق سورۇنىدا ھەقلىق ھالدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

بىلگەن ئادەمگە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت سورۇنىدا مۇنداق بىر ئالاھىدىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇ بولسىمۇ، تۈرلۈك مىللەتكە تەۋە ئىنسانلار ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆز قەلبىگە مەھكەم پۈككەن ھالدا ئىلمىي رىقابەت قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى مەۋجۇدلۇق ئورنىنى چەنلەشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، سەن، مەن ۋە ئۇ - بىز ئۇيغۇرلارمۇ پەقەت ئەمەلىي ئەمگىكىمىز ئارقىلىق، كۈرەش ئارقىلىق مۇبارەك دىيارىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلا بولساق،

جاھاندىكى تۆرلۈك مىللەتلەر قاتارىدا بىزنىڭمۇ بېشىمىز ئېگىز، سۆزىمىز ئېگىز بولىدۇ. كېيىنكى ئەسىرنىڭ مەدەنىي ھالاۋەت ۋە ماددىي دارامەت داستىخانىدا بولسا، ئىگىلىگەن ئورنىمىز ئۆزىمىزگە يەتكۈدەك كەڭ، ئېرىشكەن نېسىۋىمىزمۇ ھېچ بولمىغاندا باشقىلار بىلەن تەڭ بولىدۇ!

ئانا ماكانىنىڭ قەدرىگە يېتىش دېگەنلىك قەدىناس بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، قەدىم جايىنى بېسىپ بىر ئۆمۈر يېتىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئۇيغۇردا: «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئۇدۇم ماقال بار. بۇ «ئادەم ئۆز ماكانىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ھەقىقىي بىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان بولۇش ئۈچۈن، يۇرت كېزىپ، جاھان كۆرۈپ سەپەر قىلىشى، مۇساپىر (سەپەر قىلغان ئادەم) بولۇشى شەرت» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆز ماكانىنى سۆيۈش تۇيغۇسى ۋە مىللەتكە كۆيۈش مۇددىئاسىنى چىقىش قىلىپ، ئىلغار ئەل ۋە ئالغا كەتكەن خەلقلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، باشقا يۇرت، چەت ئەللەرگە سەپەر قىلىش، ھەتتا شۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ ئىككىنچى يۇرت ئېچىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى باشقايۇرت، چەت ئەللەردە تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىتى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان خىزمەتلەرنى قىلغىلى، بەلكى ئالاھىدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان خەنزۇلار ئىچىدىكى بايلارنىڭ، ئالىملارنىڭ ۋە سىياسىئونلارنىڭ تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۇشمۇ تۇشتىن تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقانلىقى پاكىت بولالايدۇ. بىراق، ئۆز دىيارىدىكى قىسمەن ناچار مۇھىت ۋە ئۆز يۇرتىدىكى مەلۇم قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن ۋەتەننى تەرك قىلىپ ياقا يۇرت، چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىش، كەتكەندىمۇ شۇ كەتكەنچە خۇددى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىش، ئۆزىنى تۇغقان، ئەجدادىنى باققان ۋەتىنىنى ھېچقانداق بىر ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن ياد ئەتمەي، چەت ئەلدە بىر ئۆمۈر كاندىدات گراژدان بولۇپ ئۆتۈش - بۇ كەم دېگەندىمۇ ئۆز يۇرت، ئۆز ۋەتىنىگە يۈز كېلەلمىگەنلىك بولۇپ سانىلىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە دېسەك، چەت ئەللەردىكى ھەرقانداق مۇھاجىرنىڭ تۇرمۇشى، كۈنى شۇ ئادەمنىڭ مۇئەييەن - كونكرېت ئىشتىكى شەخسىي ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈن ياكى تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولغاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىنىڭ كۈچى، ئانا يۇرتىنىڭ يۈزى ۋە ئۆز دىيار خەلقىنىڭ خەلقئارادا تۇتىدىغان ئورنىغا ئېقىپ بولىدۇ. ئەگەر ۋەتىنىڭ كۈچلۈك، خەلقىڭ يۈزلۈك، دىيارىڭ خەلقئارادىمۇ ھۆرمەت - ئېتىبارلىق بولسا، ئۇ ھالدا مۇھاجىر بولساڭمۇ چەت ئەل، ياقا يۇرتلاردا قەددىڭنى رۇس قىلىپ «گۇس - گۇس» دەسسەپ يۈرەلەيسەن. ئەكسىچە بولسا، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئارلىنىسەن، بىھۇدە بوزەك ئېتىلىپ خارلىنىسەن. بۇنىڭغا، شۇ كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىز بىلەن ھەم دىنداش، ھەم تىلداش ئاتىلىدىغان بەزىلەرنىڭ زېرىكىپ قالسا، «ئاخۇن ئاكىلارنى ئۇرۇپ كېلەيلى» دەپ سودىگەر ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ - مۇشتلاپ يۈرگەنلىرى شاھىد بولالايدۇ! يەكۈن شۇكى، ئۆز

زېمىنىڭنى ئەزىزلە. ئۆز ۋەتىنىڭنى قەدىرلە. چۈنكى سېنىڭ ئىززىتىڭ ئۆز ۋەتىنىڭ بىلەن تومۇرداش؛ سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭ ئۆز دىيارىڭ بىلەن ئۆمۈرداشتۇر!

بىزدىكى ئەبگارلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئانا ماكانىنى قەدىرلىمەسلىك ئىللىتى بىلەن قوشكېزەك مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسە، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى بىلەلمەسلىك نۇقسانىدۇر.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇ ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىندا ئالاھىدە ئىمتىيازى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ نامى بىلەن مەزكۇر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. بۇ قانۇنىي ئاساسى بار پاكىت. ئۇيغۇر بۇ زېمىنغا مېھمان ئاھالە ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئاھالە؛ ئۇيغۇر بۇ زېمىندا ئاز سانلىق مىللەت، ئەمەس، بەلكى كۆپ سانلىق مىللەت، تۈۋرۈك مىللەت، خوجايىن مىللەتتۇر. پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇ زېمىندا رەئىس ئۇيغۇردىن چىقىدۇ، ۋالىي ئۇيغۇردىن بولىدۇ، ھاكىم ئۇيغۇردىن سايلىنىدۇ. بۇمۇ ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان رېئاللىق.

دۇنيادا ھېچبىر ئىنسان «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دېيەلمەيدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، ئۇيغۇر قىممەتلىك، ئۇيغۇرنىڭ زېمىنى قىممەتلىك. شۇڭا، جاھاندا نى - نى ئالىملار ئەجدادىنى ئەۋلادقا ئۇلاپ ئۇيغۇرنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇيغۇر ئەقىللىك. مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، موللا مۇسا سايرامىلاردىن كېيىن، ئۇيغۇردا ئالىم تۈگەپ قالغىنى يوق، خالمۇرات غوپۇردەك نەۋقىران ئالىملار ئۇنلاپ چىقىپ، يۈزلەپ يېتىشىپ، ئىلىم - پەن مەيدانىدا بۈيۈك نەتىجىلەر قازىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىك. ئۇيغۇرنىڭ 12 مۇقامى دۇنيادا تەڭدىشى يوق مەدەنىي مىراس بولۇپ، قىتئەلەر ئارا ياڭراۋاتىدۇ. دېمەككى، ئۇيغۇرنىڭ ھېچبىر مىللەتتىن قالغۇچىلىكى يوق!


ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنى چاغلىماي لاپ ئۇرۇش قانچىلىك ئەيىب ۋە قانچىلىك نۇقسان ئىش بولسا، ئۆزىنى خالىس تونۇپ، ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىش، لىللا باھا بىلەن ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشمۇ شۇنچىلىك ياخشى ۋە شۇنچىلىك ئوبدان ئىش. چۈنكى ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق نەتىجە ۋە غەلىبە يېتىك ئىشەنچنى ئۆزىگە مۇستەھكەم ئۇل قىلىدۇ؛ ھەر قانداق زەپەر ۋە نۇسرەت كامىل ئىماننى ئۆزىگە مەزمۇت يول قىلىدۇ!

شۇ تاپتا، ئىدراك بىلەن زەڭ سالساڭ، رېئاللىقتىن نىدا شۇنداق: سەن ئۇيغۇر ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى ئۆزۈڭ تولۇق بىلىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭنىڭ يۈكسەك باھالىق قىممىتىڭگە ئۆزۈڭ جەزمەن ئىشىنىشىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈڭنى ھامان باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقىلا لايىق چاغلايدىغان، ئۆزۈڭنى ھەمىشە باشقىلار بۇرنۇڭدىن يېتىلەپ يۈرۈشكە مۇناسىپ ھېسابلايدىغان مەھكۇم مىجەزلىكنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشىڭ لازىم. بىلمەك كېرەككى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلەلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدا جاسارەت بولىدۇ؛ ئادەم جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ياشىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھەقىقىي مەززە ۋە چىن ھالاۋەت بولىدۇ!

ئېگىز بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەي، يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ ئويلان، ئەبگار!

1996 - يىلى 20 - سېنتەبىر، بېيجىڭ

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت (M1)




# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

ئەختەم ئۆمەر

## ئىشچانلاردىن ھورۇنلارنىڭ كۆپلۈكى

بىز خەقتە ئىشچانلار ئاز، ھورۇنلار كۆپ. بۇ خىل بەختسىز ئېكولوگىيە زاۋاللىقنىڭ ئىپتىداسى بولغاچقا، شۇڭا بىزدە ئادەمنى يۈرەكتىن سۆيۈندۈرگۈدەك خەيرلىك ئىش، خاسىيەتلىك نەتىجىلەر يوق ھېسابىدا. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەمنى ئازابلايدىغان، زەردىسىنى قاينىتىپ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان ئېتىقسىزلىقلار تولۇپ يېتىپتۇ. باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ سەھنە - ئېكرانلىرىمىزغا شۇنداقلا بىر قاراپ باقايلى: مۇقەددەس سەنئەتكە ھاقارەت ھېسابلانغان غىلجىڭلىق - لالمىلىقلار، غىتمەكلىك - نايناقلىقلارنىڭ سەنئەت تۇپرىقىمىزدا قامغاقتەك يامراپ، چۈشكۈنلۈك، ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپانى مەزمۇن قىلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ سەھنە - ئېكرانلىرىمىزنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەقلى بار ئادەمگە بۇ لاۋزىلىقلار خۇددى پايپاقتا ناھال قاققاندەك، بىز خەقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوقتەك، ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غىجەك تارتقاندەك كۆرۈنىدۇ. خەلق تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، نامۇۋاپىق سېلىق - ھاشار، نامراتلىق - ئاچلىقتىن ئىڭراۋاتسا نايناقلاپ پۈرۈچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناشلار ھېچكىمگە تېتىمايدۇ. بۇ پەقەت قورسىقى توق، بىكار تەلەپ ھاراماماقلارغىلا ياقىدۇ، خالاس.

بىزدە بىكار تەلەپ - نانقېپىلار ھەممە يەردە، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە مىللەتنىڭ سەركىسى ھېسابلانغان ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەلىرىدە تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ ساھەلەردە ئەمەلىي ئىشتىن كۆرە قۇرۇق گەپ، ئىناقلىقتىن كۆرە پىتنە - پاسات، ئۆز ئارا ئەجرى ھەمدەملىكتىن كۆرە خۇسۇمەت - تەپرىقىچىلىك، ئىشلەيدىغانلاردىن كۆرە ئىشلىمەيدىغانلار كۆپ بولغاچقا، خېلى كۆپلەر ئۆمرىنى قۇرۇق لاپ، ئۇششاق سۆز بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەل پايدىسىغا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق قېرىپ تۈگەيدۇ ياكى بىرەر ئىشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆزىنى ماختاپ - پەخىرلىنىپ، ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنى چۆكۈرۈپ - ئىنكار قىلىپ ياشايدۇ. ئىش قىلمىغاننى نېمىشقا ئىش قىلمايدۇ دەپ ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق (شۇنداق دېگۈچى تەبىئىيكى دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ تېخى - مۇھەررىردىن). مۇبادا بىرەرسى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ ئۆز ئىشىدىن نەتىجە قازانسا، مىڭ ئادەم ئۇنى تىللايدۇ ياكى ئۇ ئىشتىن ھەر خىل غەرەز بىلەن قۇسۇر چىقىرىپ ئىش قىلغانغا تويغۇزۇۋېتىدۇ (بۇ، مىللىتىمىز ئۈچۈنمۇ بىر ئورتاق پىسخىكا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە مۇھەررىردىن). ئۇنى ئىشتىن چىقارمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ.

ھورۇنلارنىڭ ئىشچانلارنى تىللىشىدىن ئىبارەت بۇ قەبىھ ئىللەت خۇددى زەھەرلىك ئۆسمىدەك جەمئىيەت كۆكسىگە تاراپ، بارغانسېرى بۇزۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىياتتا ئاسان بازار تېپىۋاتقاچقا، ئىشلەيدىغانلار ئىش قىلغانغا جاق تويۇپ، ئىشتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزدە بارغانسېرى ئىشلەيدىغانلار ئاز، بىكار يەيدىغانلار كۆپ، ئىشچانلار يالغۇز دەرەخ، ھورۇنلار چاتقال ئورمانلىق بولۇشتەك ئەبگارلىشىش، يوقىتىش - يوقىلىش ئېكولوگىيىسى شەكىللەنمەكتە.

بۇنداق ھالاكەت ئېكولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ۋەيران قىلىشىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. قۇملۇق چوڭ ھەم شىددەتلىك، بوستانلىق ئاز ھەم شالاڭ. قۇملۇق تەتۈر بوراننىڭ ئۇچۇرتۇپ بېرىشى بىلەن مۇنبەت تۇپراقنى بېسىپ، ئېكىنزارلارنى يالماپ، بوستانلىقلارنى يۇتۇپ، ھاياتلىق ماكانىمىزنى كۈنسايىن تارايتىۋەتمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جامائەت ئېقىمىمۇ مانا شۇ قۇملۇقتەك ئۆزىنى ئۆزى بېسىپ يوقىتىش، يوقىلىش روھى بىلەن ياشىماقتا. چۈنكى بۇ زور قۇملۇق بوران قاياققا ئۇچۇرسا شۇ ياققا چېچىلىپ، سورۇلۇپ ئۆز ماكانىنى ۋەيران قىلسا، بورانمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ كۈچىدىن تازا پايدىلانماقتا.

ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنداق ياشاش ئەخلاقى، ياشاش ئۇسۇلى ۋە تەتۇرلۇكنى ئۆزگەرتىشىمىز، ئالدى بىلەن كالللىمىزدىكى ئاشۇ تەتۇر چىرماقنى يوقىتىشىمىز، پۈتكۈل ئىش - ئەمەلىمىزدە ھاياتلىق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشتەك قۇرغۇچىغا خاس ئىنسان روھىنى تىكلىشىمىز، قېرىنداشلىرىمىزدىن مەيلى كىم بولسۇن ئەل پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلغان ئادەمگە ھەمدەم بولۇشىمىز، قىلغان ئىشى مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ بولسۇن ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك. ھە دېسە ئۇنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەش ئەمەلدە ئۇنى ئىشتىن چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقىمىز ۋە ئاخىرىدا ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتىمىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمىزدۇر، خالاس.

## رېئاللىقتىن قېچىش

كۆزىمىز كۆرىدىغىنى دائىم كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇۋەرگەندىكىن، بۈگۈنچە بۇ كەلگۈلۈكلەرگە سەۋر قىلىپ تۇرساق ئەتىگىچە بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، كېيىنچە بىزگىمۇ ياخشى كۈنلەر باردۇ، دەيدىغان دەسلىپى سەۋر - تاقەت، ئۇتتۇرىسى تەسەللىي، ئاخىرىسى ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالداپ ياشاشتىن ئىبارەت ساختا ئادەت كۆچى بىزدە رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان خاتا - ناھەق، ھەتتا ئەخمىقانە - بىمەنە ئىشلارغىمۇ كۆز يۇمۇپ: «ئوبدان بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئاغزىمىزغا كەلگەنچە يالغان سۆزلەيدىغان، زاغرا تىل بويىچە ئېيتقاندا، سۆيۈق ئوماچنى تازا ئىچىپ، بۇرۇتنى پىلىكتە مايلاپ، ئاچ يەل كېكىرىپ: «ئەتىگەنكى پولو ئەجەب ئوخشاپتىكەن، تازا يەپتىمەن، مەيدەمگە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئۆزىمىزنىمۇ، خەقنىمۇ ئالداپ ياشايدىغان ساختا خاراكتېر يېتىلدۇرمەكتە. يېقىنقى 30 يىلدا، بولۇپمۇ سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا ئەل - يۇرتنى ئاچارچىلىق باسقان، خەلق ھەتتا ئوماچ، زاغرا، كېپەك، تېرىق، ماشقىمۇ تويمىغان، بازاردا نان - قېتىق تۈگۈل جىگدە، ئاچچىق قاق، گازىر چاغلىق يېمىشلەرنىمۇ ساتقۇزمىغان، تالاي دېھقانلار ئاچ - يالىڭاچلىقتىن شامال كېسەل بېسىپ ئۆلۈۋاتقان تۇرۇقلۇق، «بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم»، «قازاندا گۆش - ماي قاينايدۇ، دېھقان ئاكام يايرايدۇ» دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپ بار ئاۋازىمىز بىلەن نومۇسسىزلارچە ناخشا - قوشاق ئېيتتۇق. قەدىمىي دەل - دەرەخلەر ۋە جاڭگاللىقلارنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە ئوتتۇن قالاپ پولات تاۋلىدۇق دەپ پۈتۈن يۇرتنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ، داشقالدىن ئۆزگە يىڭنە چاغلىق تۆمۈرگە ئېرىشەلمىگەن تۇرۇقلۇق «تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان ئەيلىدۇق» دەپ ناخشا توۋلىدۇق. ساراڭدىن تارتىپ ئوڭغىچە بۇ ئىشلارنىڭ قېپقىزىل يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالدىدۇق. بۈگۈن جاھان راست گەپكە يۈزلەنگەن چاغدىمۇ ساختا شۇئار بىلەن بۇزۇلغان خاراكتېرىمىز تۈزۈلۈش تۈگۈل تېخىمۇ بۇزۇلۇپ ۋۇجۇدىمىزدا يالغانچىلىق چوڭقۇرلاپ يىلتىز تارتماقتا. شۇڭا بىز، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىمىز ۋە يولداشلىرىمىزنى، قىسقىسى بىر - بىرىمىزنى ئالداپ ياشاۋاتىمىز. بۇ ساختا خاراكتېر بۇ قەدىمىي مىللىتىمىزنى ئەسلىدىكى مەرد، ئوچۇق - يورۇق، تەبىئىي، ئەركەك مىللەتلىك مىجەزىدىن مەھرۇم قىلىپ، بارغانسېرى قەدىر - قىممەتسىزلەشتۈرمەكتە. ئەدناسى، بىرەرسى دوستىغا سەممىي كۆيۈنۈپ: «ئاداش، باش - كۆزۈڭ سەل كىر بولۇپ قاپتۇ، بولسا بىر يۇيۇنۇۋالغىن» ياكى «كۆڭلىكىڭنىڭ ياقىسى كىر بولۇپ كېتىپتۇ، يەڭگۈشلىۋالساڭ بوپتىكەن» ۋە ياكى «چاچ - ساقىلىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ياسىتىۋالغىن» دەپ ئۇنى پاكىز - رەتلىك ئادەم بولسىكەن دېگەن نىيەتتە ياخشى كۆڭلى بىلەن گەپ قىلسا، ئۇ دوستى دەرھال رەنجىيدۇ، تېخى غورۇرى غالىبلىقى تۇتۇپ: «چاتىقىڭ نېمە، ئىشىڭنى قىل» دەپ قاتتىق سىلكىيدۇ. دېمەك، ساختا خاراكتېر راست گەپنى خالىمايدۇ. بەزىلىرى باش - كۆزىدىن ئېقىپ تۇرغان مەينەتچىلىك بىلەن ئۆيىدىكى نامراتچىلىقنى ئاقلاپ: «كۈنىمىز مۇشۇنداق تۇرسا، ھالىمىز شۇنىڭغا لايىق بولماي قانداق بولماقچىدى؟» دەيدۇ. ئاۋۋال سەن ئۆز ھالىڭنى ئەينەن ئېتىراپ قىلساڭ، ئاندىن كاللاڭغا بۇ رېئاللىقنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەن ئەقىل كەلمەمدۇ؟ ھە دېسە سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن ئىزدىمەي زامانغا دۆڭگەپ، خۇدادىن خام تەمە كۈتۈپ، ئەبگار، بىچارە ھالىڭنى ئاقلاپ سەۋەب كۆرسەتسەڭ شۇ پېتى ئۆلۈپ تۈگىمەمسەن؟ بۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمنى خۇدامۇ تاشلىۋېتىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نەس باسىدىغانلىقى ئېنىققۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەنغۇ بىز.

ھازىر ئۇيغۇرلىرىمىز قولىدا تۈزۈك پۇل يوق تۇرۇقلۇق جاھان بايلىرىمۇ قىلمايدىغان ھەشەمەتلىك تويلارنى قىلىۋاتىدۇ. بېقىپ كۆرسە، ئۆيى تايىنلىق، كۈنى ئۇدۇللۇق، تۇرقى - سىياقى رەزگى، يېمەك - ئىچمىكى غورىگۈل، يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچبىر مەركىزىي شەھەرلىرىدە كىشىنى بەش مىنۇت راھەتلەندۈرىدىغان زامانىۋى مۇنچىدىن بىرەرسى يوق. شۇ ئەھۋالدا تۇرۇقلۇق، «ھال - كۈنىمىز ئۇنداق ياخشى يەي»، «مۇنداق تەرەققىي قىلدۇقەي»، «جەننەت بىر ئالتۇن ئۆزۈك بولسا، يۇرتۇم ئۇنىڭ زۇمرەت كۆزى يەي» دەپ ماختىنىپ، رەھىمسىز رېئاللىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇۋاتىمىز. قېنى، رېئاللىقىمىزغا ساختا كۆز بويىقى بىلەن ئەمەس، كۆزىمىزنى ئۇۋۇلىۋېتىپ تۈزۈك قاراپ بىر باقايلى، بىز بارغانچە سېسىپ كېتىۋاتىمىز. ئەمدى بۇ خەتەرلىك - ساختا خاراكتېرلىرىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، يۇرتىمىز ئەۋرەز، بىز ئەۋرەز پاقىسى بولۇپ دۇنيانىڭ يۇندا ئازگىلى، ئەخلەتخانىسى بولۇپ قېلىشىمىزمۇ يىراق ئەمەس. شۇڭا بىز راست گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئادەملىك روھىمىزنى تاپالىساق، ئاندىن جاھان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورنىمىزنى تاپالايمىز.

## ھازىرقى ياشاش ئىقتىدارىمىز

- مامۇتوپ قۇربان بىلەن قىلغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن پارچە

I

بۇ زات بالا چاغلىرىدا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ قېنى قىزىپ تۇرىدىغان ئەسكەر، كېيىن ئوفىتسېر بولۇپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن جەنۇبىغىچە بولغان بوستانلىقلار، جاڭگاللىق - قومۇلۇقلار، شەھەر - سەھرالاردا بىر توپ ئەزىمەتلەر بىلەن ھەقىقەت يولىدا ئوق ئېتىپ

يۈرگەن. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەربىي كىيىمنى سېلىۋېتىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ، ئۆزىگە تەگكەن ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقنى ھەربىي چاغلىرىدا ئىشلەتكەن قورالنى ئىشلەتكەندەك كەسكىن ئىشلەتكەن.

مەن بۇ زاتنى ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەندە تازىمۇ كەپسىز بالا چاغلىرىم بولۇپ، يۇرتۇم يانتاق يېزىسىدىكى بىر توپ باللار چالما سوقۇشى قىلىپ ئويناۋاتاتتۇق. شۇ كۈنى يېزىمىزدا دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بىز تازا قىزىپ - ۋارقىرىشىپ، چالما ئېتىپ، بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ ئويناۋاتساق، «قەشقەرنىڭ ۋالىيسى كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدۇق. ھەسىنەم دەيدىغان نېكىر تەلەت ئاغىنىمىز: «ۋالىي دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ، بىر كۆرۈپ باقمامدۇق» دېۋىدى، شۇئان ئويۇنىمىزنى تاشلىدۇقتە، ۋالىينى ئىزدەپ چۇرقىرىشىپ، تەنھەرىكەت يىغىنىغا كەلگەن مىڭ - مىڭ دېھقانلار ئارىسىدىن قىستىلىپ - سوقۇلۇپ، ئات ھارۋىسىدىن ئېشەك ھارۋىسى ئۈستىگە مايمۇندەك سەكرەپ، بىر توپ چاپارمەنلەر ئوراپ ئەتراپىغا ئادەم يولاتمايۋاتقان توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردۇق. بىز ئۆرۈپ - سوقۇپ بىقىنلىرىنى ئاراشلىۋەتكەن دېھقانلار ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قېلىشتى. دېھقانلار تېخىمۇ بەك قىستىلىشىپ ۋالىينى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلىغاچقا، ھەسىنەم بىلەن ئىككىمىز خەقنىڭ بىقىنلىرىغا ئۈسسۈپ، باغقا ئوغرىلىققا كىرگەندە شورا ئاچقان پەدىمىزدە سەپنىڭ ئالدىغا تەستە بۆسۈپ چىقتۇق. ۋالىي شاپتۇل سېتىۋاتقان بىر دېھقان بىلەن گەپلىشىۋاتاتتىكەن. يېنىدا بىزنىڭ يېزىنىڭ ۋە يەنە قەيەرنىڭكىلىكىنى بىز بىلمەيدىغان بىر مۇنچە ئەمەلدار سىياق ئادەملەر: «خوش - خوش» دېيىشىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەقلىمىزگە كەلگەندىن تارتىپ يېزىمىزنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇزۇق ئەلپاز، سۇرلۇك تەلەتنى كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، خىيالىمىزدا ئۇلارنى پەقەت كۈلمەيدىغان ئادەملەر، كۈلمەيدىغان ئادەملەرلا باشلىق بولىدۇ، دەپ ئويلايتتۇق. يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋالىيغا ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ: «ئۇلارمۇ كۈلىدىكەنغۇ» دەپ ھەيران قالدۇق. بىز ۋالىينى ئارقىسىدىن كۆردۇق، ھەربىيچە پەلتونى يېپىنچاقلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بوم ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ يۈزىنى كۆرەلمىگەچكە، قوغۇن پىچىپ سېتىۋاتقان قوغۇنچىنىڭ شىرەسىنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ ئالدى تەرەپكە ئۆتىۋالدۇقتە ئاندىن ۋالىينىڭ يۈزىنى كۆردۇق. كۆزىمىزگە ئەڭ ئاۋۋال چېلىققىنى ۋالىينىڭ بۇرنى ئۈستىدە قارا ئوغلاقنىڭ ماڭلاي چېچىدەك ئۆزۈن - سۇرلۇك ئۆسكەن تۈك بولدى. بىز ھەيران قالغىنىمىزدىن بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. «بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ساقال چىققان ئادەم ۋالىي بولىدىكەن. قاراڭلار، ئۇ، يارىشىدىغان، ئادەمگە دۆلەت كۆرسىتىدىغان تۈككەن ـ ۋالىيلىق تۈككەن» دېدى ھەسىنەم پىچىرلاپ. «بۇرنۇڭنى تۇتە، كۆرۈپ باقاي، سېنىڭمۇ بارمۇ؟ ئەگەر بۇرنۇڭنىڭ ئۈستىگە ساقال چىقىپ ۋالىي بولساڭ، مېنى يانتاققا باشلىق قىلىپ قوي جۇمۇ» دېدىممەن ھەسىنەمنىڭ ئېسىلىپ پىشقان قارا شاتۇتتەك بۇرنىنى چىمداپ. «مەن ۋالىي بولسام سېنى تۈگمەنگە ئامبارچى قىلىمەن، شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆيۈڭمۇ، مېنىڭ ئۆيۈممۇ ئاشلىقتىن غەم قىلمايمىز» دېدى ھەسىنەم. بىز

پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ۋالىي قەيەرگە بارسا كەينىدىن ئەگىشىپ شۇ يەرگە باردۇق. ۋالىي يۇلغۇن سېۋەتتە نان سېتىپ ئولتۇرغان يېزىنىڭ توكچىسى غوپۇر سەمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ناننى قولىغا ئالدى - دە، دەڭسەپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ:

- بىر نان قانچە پۇل؟- دەپ سورىدى.

- لاڭموچەن، - دېدى غوپۇر سەمەت.

- ئويغۇرچە گەپ بىلمەيدىغان قانداق ناۋايسەن. يېزىنىڭ ناۋايلىرىمۇ ئويغۇرچە سۆزلىمەيدىغان بولۇپ كەتتىمۇ؟!

ۋالىي دەرغەزەپ بىلەن بىر ۋارقىرىۋىدى، قورققىنىدىن ھەممە ئادەم تۈگۈلۈپ كەتتى.

- تەكلىماكاندا تۇرۇپمۇ زۇۋانىڭ بۇزۇلۇپتۇ سەن خەقنىڭ.

ۋالىي ناننى دۈشكەلەپ تۇرۇپ غوپۇر سەمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن كەيپى بۇزۇلغان ھالدا بازاردىن چىقىپ كەتتى. يېزا باشلىقلىرى تاتىرىپ - تەمتىرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يادەك ئېگىلىپ مېڭىشتى. ئۇلاردىن بىرى ئۆرۈلۈپلا ئارقىسىغاياندى - دە، ئەلپازىنى بۇزۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى غوپۇر سەمەتنىڭ كۆزىگە بىگىز بارمىقىنى تىقىپ نوقۇشلاپ:

- غوپۇ دەڭگۈڭ (دىيەنگۈڭ ـ توكچى دېمەكچى) دېگەن سەنما! خەپ گۈي، سەن بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنى پوق قىلدىڭ. ۋالىي كەتكەندىن كېيىن زۇۋانىڭنى ئوبدان بىر دارغا تارتىپ، سەن گۈيغا ئۇرغۇيچە زۇۋان چىقارمايدىغان بولسام! - دېدى ئۇنىڭ يۈزىگە «شالاققىدە» بىرنى تۇكۈرۈپ.

غوپۇر سەمەت قورققىنىدىن دىر -دىر تىترەپ ئىزىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. يېزا باشلىقى كېتىشىگە ئىككى چاپارمەن كېلىپ غوپۇر سەمەتنى يەنە تىللاشقا باشلىدى:

- ھۇ، زۇۋانىڭغا ئېشەك تەپكەن گۈي، نېمىشقا ئىككى موچەن دېمەيسەن؟

- مەن . . . مەن. . . ۋالىي . . . ۋالىينى خەنزۇدىن بولامدىكىن دەپ. . .

- ئاغزىڭنى يىغ خۇمپەر، قالايمىقان جۆيلىمەي. بولمىسا، ھېلى باكا سەن ئوغرىنى! . . .

چاپارمەنلەر غوپۇر سەمەتنى بىر مۇنچە تىللاپ كەتتى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتۇق.

- ئەمدى ئىشىڭ تۈگىدى غوپۇرۋاي، قايلاپ تۇر، سېنى دەڭگۈڭلۇقتىن چىقىرىۋېتىپ «قەلەندەر زەي» دە ھاشارغا سالىدۇ.

ئۇنىڭ قېشىغا ئۇلىشىۋالغانلار شۇنداق دەپ قورقاق سالغانچە غوپۇر سەمەتنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىغاندەك دىر - دىر تىترەپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىز تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلدۇق.

ئەنە شۇ ۋالىي مامۇتوپ قۇربان ئاكا ئىدى.

*　　　*　　　*

بۇ ئىشقىمۇ خېلى ئۇزۇن يىل بولدى. مەن ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ بىر يىلدىن كېيىن (1995 - يىلى كۈزدە) ئۇ زاتنى ئىككىنچى قېتىم كۆردۈم.

ئەسلىدە بىر قانچىمىز «پۇتبول كۈلۈبى» قۇرىمىز دەپ

ئۇنىڭ قوللىشى ۋە مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسىدىكى ئىشخانىسىغا ئىزدەپ كىرسەك، ئۇ زات بىزنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. مامۇتوپ قۇربان ئاكا بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياشىنىپ قاپتۇ. مەن كىچىك چېغىمدا كۆرگەن ھەم ئېسىمدە قالغان ئۇنىڭ بۇرنى ئۈستىدىكى يارىشىملىق تۈك ئەينەن تۇرغاندەك كۆرۈندى. بىز ئۆز ئارا تونۇشقان ھەم مەقسىتىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇ ۋەزمىن ئاھاڭ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇكىلار، پۇتبول كۇلۇبى قۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك ئىش. مەن بۇ ئىشلارنى قوللايمەن، ھەتتا بۇ كۇلۇبنى قۇرۇشقا ئۆزۈممۇ شەخسەن قاتنىشىمەن. ئەمما شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، بۇ، سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان، ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. يولنى تاپالمىغانلار پىلانلارنى روياپقا چىقىرالمايسىلەر. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق روھىڭلارغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. سىلەردە (سىلەر دېگەن سۆزۈمنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار) بىر ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىپ قىلىدىغان دىت، بارلىق خام - خىياللارنى چۆرۈۋېتىپ ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەك؟ بۈگۈن زادى قانداق كۈن؟ قايسى يولدا ماڭسام، قانداق تەدبىرلەرنى قوللانسام مەقسەتىمگە يېتەلەيمەن؟ دەپ بۈگۈننىڭ مەنىسىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەقىل تاپالايدىغان سەزگۈر، ئەمەلىيەتچان كاللا، بىر ئىشقا ھەقىقىي بەل باغلاپ سەئىي - ئىجتىھات قىلىدىغان جۈرئەت - شىجائەت، چىدام - غەيرەت يوق، بولسىمۇ بىر دەملىك. قىسقىسى، بىزدە بۈگۈن ئۈچۈن دەل جايىغا چۈشىدىغان ئەقىل - تەدبىر يوق. قاچانلا قارىسا، بىز ئۆزىمىزچە بىر ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپ قالتىس شېرىن خىياللارنى قىلىپ كېتىمىز. لېكىن دەل ئۆزىمىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنى بىلمەي ياكى چۈشەنمەي تۈنۈگۈننىڭ ئەقلى بىلەن بۈگۈن ئۈچۈن ئىش قىلىپ قالىمىز ۋە ياكى ئەتىنىڭ تاتلىق خىيالى بىلەن بۈگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. تۈنۈگۈنكى زۇكام ئۈچۈن بۈگۈن دورا يېسەك بۇ دورا ئاغرىقىمىزنى ساقايتىش تۈگۈل بىزگە ئېغىر كېسەلدىن يەنە بىرنى قوشىدۇ. بۈگۈن قورسىقىمىز ئاغرىسا، شۇ زامات بۇ كېسەلنىڭ دورىسىنى قىلماي تۈنۈگۈنكى زۇكام ئۈستىدە قاقشاپ بۈگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش؛ ئەتىكى قورسىقىمىزنىڭ ئاغرىقى قان تولغاققا ئايلانغاندا ئۇنىڭ يەنە جىددىي داۋاسىنى قىلماي، تۈنۈگۈن قورسىقىمىز ئاغرىغاندىلا نېمىشقىمۇ دورا ئىچمىگەنلىكىمىز توغرىلىق ۋاقتى ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش ئادىتىمىز دەل بىزنىڭ نەقنى قويۇپ نېسىگە ئېسىلىۋالىدىغان نابابلىقىمىزنىڭ ئىنچام، ئوبرازلىق تەسۋىرى دېسەك ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.. ئۆزىمىزنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىغا سالقىن قانلىق بىلەن نەزەر سالساق، بۈگۈن ئۈچۈن ياشاش ئىقتىدارىمىزدىن ئىختىيارسىز گۇمانلانماي تۇرالمايمىز. تۈنۈگۈنكى قولدىن كەتكەن پۇرسەت ئۈچۈن تۈنۈگۈنكىلەردىن قاقشاپ، بۈگۈننى قولدىن بېرىپ قويۇش ھازىر بىزدىكى مەنىۋى كېسەل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مۇھىمى، بۈگۈن مەن نېمە ئىش قىلدىم ۋە قىلىۋاتىمەن؟ يەنە نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟ دېگەننى ئەقلى - ھوشى بار ھەر بىر ئادەم ئېنىق نىشان ۋە مەقسەت قىلماي بولمايدۇ.

مېنىڭچە، بۈگۈننىڭ ئۆزى پۇرسەت - ياشاش پۇرسىتى، تىنىش پۇرسىتى، سۆزلەش پۇرسىتى، ئىشلەش پۇرسىتى. بۈگۈن ساڭا قانداق پۇرسەت بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تولۇق، ھەر تەرەپلىمە، پۇخادىن چىققۇدەك پايدىلان. مانا بۇ، بۈگۈنكى رېئاللىققا خاس ياشاش ئىقتىدارى. بايا مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا مەنمۇ بار دېگەنىدىم. لېكىن گېپىم شاخلاپ كېتىپ ئەسلى مەقسەتتىن جىق يىراقلاپ سۆزلەپ كەتتىم. ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، سىلەر پۇتبول كۇلۇبى قۇرۇشتا ھازىرقى رېئاللىققا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىش قىلىڭلار. لېكىن بۇ ئىشتا ئۇتتۇشلۇق يول، مۇۋاپىق تەدبىر تاپالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، دەپ سىلەرنى يالغاندىن ئۈمىدلەندۈرۈشنى خالىمايمەن. ھەممىمىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىدا ئاساسەن چوڭ پەرق يوق دېيەرلىك. مانا مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئىشنى مىسال قىلىپ بەرسەم، ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش قىلاي دەپ ئويلاپ ئۇيغۇر مائارىپ فوند جەمئىيىتىنى قۇرغانىدىم. خىيالىمدا، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق يولنى تاپتىم دەپ ئويلاپتىمەنۇ، ئەمەلدە تاپالماپتىمەن. شۇڭا، بۇ خەيرلىك ئىشىمۇ بىر ئوبدان باشلىنىپلا توختاپ قالدى. دېمەكچىمەنكى، بىز قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر خەيرلىك ئىشنىڭ بېشى ياخشى باشلىنىدۇيۇ، ئايىغى چىقماي يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ ياكى ئۇزاققا بارمايلا چېچەك چىقىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشقا تۆلەنگەن نۇرغۇن بەدەللەر بىكارغا كېتىدۇ. يېقىنقى زاماندا ياخشى باشلانغان نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز ھەقادىغا يەتمەي ئەنە شۇنداق يېرىم يولدا بۇزۇلدى. ئۇكىلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا كەلسەك، مېنىڭچە، بۇ پۇتبول كۇلۇبىنى قۇرۇڭلار، قۇرغاندىمۇ ئوبدان قۇرۇڭلار، لېكىن رېئال ۋەزىيەتنى ۋە پايدىلىق - پايدىسىز ئامىللارنى سالقىن قانلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلىشىڭلار، ھەرگىزمۇ مەندەك بۈگۈنكى رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشماي ئىش باشلاپ ئالدىغىمۇ، كەينىگىمۇ ماڭالمايدىغان ئىشنى قىلماڭلار. شۇڭا، ئەقىل ئىشلىتىپ ماڭىدىغان يولنى ئوبدان تاللاڭلار. قىسقىسى، بۈگۈننىڭ تەدبىرىنى بۈگۈندىن ئىزدەڭلار.

شۇ چاغدا بىز مامۇتوپ قۇرباننىڭ ھۇزۇرىدىن كەيپىمىز ناخوش ھالدا قايتقانىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە راستىنلا ئۇ زاتنىڭ دېگەنلىرى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كەلدى. بىز بەل باغلاپ چىققان ئىشمۇ ئاقماي خۇددى مامۇتوپ قۇربانغا ئوخشاشلا يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق.

I

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى گورۇھ - گورۇھ ئاغىنىلەر توپىغا سىرتىدىن قارىسا جان دوست ئاغىنىلەردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىش يۈزىدە ئۇلارنى «جان دوستلار» دېگەندىن كۆرە «نان دوستلار» دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئادەملىرىمىز داستىخان ئۈستىدە دوست بولغىنى بىلەن، ئىشقا كەلگەندە دوستلۇققا يارىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ توپتىكىلەرنى ھېلىگەرلىرى ئاقكۆڭۈللىرىنى، كاززاپلىرى راستچىللىرىنى ئالداپ، كوملاپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ

ياشايدىغان پايدا - مەنپەئەت گىرۋەھى؛ بىز خەقنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىنى بولسا ئىتلارنىڭ كۆسۈكقا يەتكۈچە ئارىلىقتىكى توپلىشىش ياكى يىلىكى بار سۆڭەك ئوتتۇرىغا تاشلانغۇچە ئارىلىقتىكى ئىككى كۈچۈكنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنچىلىقى دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ. قانچىق سۈيىنى چىقارغان، چالا قاجىلانغان سۆڭەك ئوتتۇرىغا چۈشكەندە ئاندىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى كۆرۈڭ. يالغان - ساختا دەڭ دېسە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئىشتان - پايپاقلىرىنى دېيمىز، ئەمەلىيەتتە قىزىل كۆزلۈك، ساختىپەزلىك بىزدە ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە بولغان دوستلۇقىمىز يالغان، دۈشمەنلىكىمىز راست؛ يۇرتباز، مەزھەبچىلىكىمىز يالغان، قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتبازلىقىمىز راست؛ كۈلۈۋاتقىنىمىز يالغان، يىغلاۋاتقىنىمىز راست؛ ئۈمىدۋارلىقىمىز يالغان، بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىۋاتقىنىمىز راست؛ دوستىمىزنى دوست ئەتكىنىمىز يالغان، دۈشمەن بىلەن دوست تارتىشقىنىمىز راست؛ خۇشاللىقتىن قىن قىنىمىزغا سىغماي ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن سەكرەشكىنىمىز يالغان، تېشىمىزدا بايرام قىلىپ ئىچىمىزدە يىغلىغىنىمىز راست؛ ئۆز ئارا يار - يۆلەك بولغىنىمىز، كۆيۈنۈپ بىر - بىرىمىزگە مېھرىبان بولغىنىمىز يالغان، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم سالغىنىمىز راست. مەسىلەن، يېزا - كەنت، بازار - مەھەللىلەردە كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگكەن بەزى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز قەۋم - قېرىنداشلىرىغا سېلىۋاتقان زۇلمىنى يەر شارىدىكى بىزدىن باشقا ھەرقانداق ئادەممۇ بىر - بىرىگە سالمايدۇ. مانا بۇ ئىشلارغا شۇنداقلا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىز خەقنىڭ ياشاش ئىقتىدارىمىز كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ - ئەبگارلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟ ئادەم قېرىغانچە ھالىدىن كېتىپ نۇرغۇن ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىشلاردىن قالغاندەك، مىللىتىمىزمۇ بارغانسېرى قېرىشقا يۈزلەنمەكتە. تېخى 1980 - يىللاردا بىز ئۇيغۇرلاردا سۈرگەن ياغاچچى، تۆمۈرچى، تامچى، موزدۇز، بوياقچى، خالۋاپ، كۆنچى، باققال، باغۋەن ... دەيدىغان ھۈنەرۋەنلەر قېنى؟ ئۇلار ئەمدىلىكتە مەدىكار ياكى بىكارچىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداق بولدى؟ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلار ھورۇنلار، قىممەتچىلەر، يالغانچىلار، ھۈنەر - كەسىپنى يېگىلىمىغۇچىلار بولغاچقا، ئىسلاھاتنىڭ كەلكۈندەك شىددەتلىك بېسىپ كەلگەن قايناملىرى ئۇلارنى لاي - لاتقا قىلىۋەتتى. دېمەك، ئىشتىن قېلىشنىڭ ئۆزى مادارسىزلىقتىن، مادارسىزلىق بولسا ئەلۋەتتە قېرىلىقتىن بولىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەر مامۇتوپ قۇربان ئاكىنىڭ ئۆيىدە سۆھبەت قىلىۋېتىپ كۆڭلۈمدىن كەچكەن خىياللار ئىدى. ئۇ زات كۈنسېرى ئەبگارلىشىۋاتقان ئۆز ھالىمىز ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا گۈمبۈرلەپ چىقىۋاتقان ئاۋازى بىردىنلا مېنى قورقۇنچلۇق چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىغاندەك بولدى. خىيالىمدا سەپەرگە ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۈيۈممۇ بارغانچە ئاز قېلىپ، ئۆزۈمنى پۇت - قولۇمدىن ماغدۇر كېتىۋاتقاندەك سەزدىم. لېكىن ئۆز ھالىم بىلەن كارىم يوق، «ئېشەك ئۆلىۋاتسا، كۆتى غىجەك تارتقاندەك» ئاچ يەل كېكىرىپ ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، غىتمەكتەك غىتىلداپ مەنزىلىمگە كېتىۋاتىمەن. ياشىغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەقىقىي ئەركەكتەك ئۆلمەي، مۇقەددەس ئۇيغۇر سەنئىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كۆتۈمنى تەنناز خوتۇنلاردەك مىڭ يانغا تولغاپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئىنجىقلىق، دادخورلۇق بىلەن ئالجىغان ساراڭدەك ناخشا توۋلاپ، لامزەللە غىتمەك سۈرىتىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆز - ئۆزۈمگە پۇشايمان ھەم نەپرەت قىلىۋاتىمەن.

مامۇتوپ قۇربان ئاكا ئاخىرقى سۆزلىرىدە ئادەمنى ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ھايات ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بىر ئەل، بىر مىللەتنىڭ سۈپەت - ساپاسى، ياشاش ئىقتىدارىنى بىلىشتە، خۇددى پادىلار توپىنى تەكشۈرگەن پەيتتە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتىن بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت شۇ مەھەللە، شۇ يۇرت، شۇ ئەل ئادەملىرى ئۆزىگە باش، ۋەكىل، ئاقساقال قىلىپ ئۆز توپىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ياكى كۆتۈرۈپ چىققان ئادىمىگە قاراپ، شۇ ئەلنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى، ساپاسى، ياشاش ئىقتىدارىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزىبىر كەنت باشلىقلىرى، يېزا باشلىقلىرى، ھاكىملىرىنىڭ سۈپىتى - ساپاسىغا قاراپ باقساقلا بۇ سۈپەت - ساپانى ئوبدان بىلەلەيمىز...»

مامۇتوپ قۇربان ئاكا بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا مەرھۇم ئالىمىمىز (ئاللا ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي) ئەھمەد زىيائى ئەپەندىنىڭ ئوغلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئارسلان ئەھمەد زىيائى ئەپەندىنىڭ ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن مۇنۇ ھېكايىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى: 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ بىر گېنېرالى ئوفىتسېرلىرىغا مۇنداق بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس ئۆتۈپتۇ: سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئالتە نەپەر ئۇرۇش ئەسىرى مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. گېنېرالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۇ ئالتە نەپەر ئەسىرنىڭ ئىككىسى رۇس، ئىككىسى يەھۇدىي، يەنە ئىككىسى ئۇيغۇركەن. گېنېرال ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قىلغان قىرغىنچىلىقىنى سۆزلەپ، ئوفىتسېرلىرىدىن سوراپتۇ:

- بۇلارنى قانداق قىلىمىز؟
- ئۆلتۈرىمىز، گېنېرال جانابلىرى.
- قانداق ئۆلتۈرىمىز؟
- تىرىك كۆمەيلى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوڭقۇر ئورىلارنى كولىتىپ، كويزا - كىشەن بىلەن ئۇلارنى ئورىلارغا تاشلاپتۇ.

- ھە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ - دەپ ئوفىتسېرلىرىغا سوئال قويۇپتۇ گېنېرال.

- ئەسىرلەرنى نۆۋەت بىلەن بىر - بىرىگە كۆمدۈرەيلى. ئاۋۋال يەھۇدىيلارنى ئۇيغۇرلار، ئاندىن ئۇيغۇرلارنى رۇسلار، ئاخىرىدا رۇسلارنى پولەكلەر كۆمسۇن.

- ياق، ياق، ئەپەندىلەر، مەن سىلەرگە مىللەتشۇناسلىقتىن دەرس سۆزلەۋاتقىلى خېلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، مېنىڭ سۆزلىرىم سىلەرگە شەكلەن سىڭىپتۇ. بۇ تولىمۇ

بەختسىزلىك. گېرمانىيە جەڭچىلىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق كالۋا بولماسلىقى، ئۆزى بېسىپ كىرگەن زېمىنلاردىكى خاتا يارىتىلغان پەس ئىرقتىكى مىللەتلەرنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇ، گېرمانىيىنىڭ دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشىدىن ئىبارەت مۇقەددەس نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئالىي ـ ساپ نەسىللىك ئارىيان مىللىتىنىڭ دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىدىن ئىبارەت كۆمۈلۈپ كەتكەن ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. مەن سىلەرگە بۇ مىللەتلەرنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قوياي. روسلارنىڭ قوللىرىنى يېشىۋېتىپ بىر قانچە بوتۇلكا ئاق ھاراق بېرىڭلار، يەھۇدىيلارغا بولسا كويزا ـ كىشەننى تېخىمۇ چىڭ سېلىپ، چەمبەرچەس باغلىۋېتىڭلار، ئورەك بېشىدا چەبدەس ئەسكەردىن تۆتى قاراۋۇللۇق قىلسۇن. ماۋۇ ئىككى ئۇيغۇرغا قوينىڭ پۈتۈن كاۋىپىنى تويغۇچە بېرىپ پۇت ـ قولىنى بوشىتىۋېتىڭلار!

ئۇلار ئەسىرلەرنى گېنېرالنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە گېنېرال ئوفىتسېرلىرىنى ئېلىپ ئورەك بېشىغا كەپتۇ. دەسلەپ روسلار تاشلانغان ئورەككە بارغانىكەن، ئۇلار ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ، بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. چەمبەرچەس باغلانغان ئىككى يەھۇدىي بولسا، تۆت قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنى يالىڭاچلاپ ئورەككە تاشلاپ، كىيىمىنى كىيىپ، قوراللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار تاشلانغان ئورەككە قارىسا، ئۇ ئىككىسى بىر قوينىڭ كاۋىپىنى پۈتۈن يەپ بولۇپ، توقلۇق ـ ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قورساقلىرى پومپىيىپ تىنالماي، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ، ھاسىراپ ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. قايسى مادارىنى يىغىپ تىرناقداپ ئازگال تېمىغا يامىشىپ چىقسا، يەنە بىرسى ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ھەر ئىككىسى ھالىدىن كېتىپ قېينالغۇدەك.

ـ كۆردۈڭلارمۇ؟ بىزگە ئۇلارنىڭ سېسىق تېنىنىڭ كېرىكى يوق. بىز ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىمىز. روھى ئۆلگەن بۇ سېسىق تەنلەر بىزگە ئاشلىق تېرىپ، دېھقانچىلىقىمىزنى قىلىدۇ. نېمىگە بۇيرۇساق شۇنىڭغا ماڭىدۇ. بىز ئۇلارنى ئىشەكتەك ئىشلىتىپ كۈچىدىن، پېرىدىن ۋە بايلىقىدىن پايدىلىنىمىز. مانا بۇ قەدىرلىك فيۇرېرىمىزنىڭ بىزگە تۇتقۇزغان ئەڭگۈشتىرى.

مامۇتوپ قۇربان ئاكا بىلەن شۇ كۈنكى سۆھبىتىمىز ۋاقىتلىق ئاخىرلىشىپ قايتىپ چىقتىم. بۇ تىنىمسىز مويسىپىت بىلەن خوش پېئىل ـ مۇلايىم خانىمى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي: «بىزنىڭ باغنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت سالمىغان مېۋىسى» دەپ قىزىرىپ پىشقان بىر خالتا ئالما بىلەن شوخلا ئۈزۈپ بەردى. بوۋاي تۇرۇپ قالسىلا، دېگىنىمگە قويماي دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ماڭا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گېپى باردەك، ئەمما دېيەلمەي قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بارغانسېرى ئىچىم ئاچچىق بولۇشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ خۇددى بېشىغا قاتتىق كالتەك يەپ مېڭىسى زەخىملەنگەن ئادەم ئاز ـ مۇز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغاندەك، يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر تارىخىي پاجىئەلەر، قاباھەتلىك، ئۇلانما سىياسىي ھەرىكەتلەر ياشاش ئىقتىدارىمىزنى ئېغىر زەئىپلەشتۈرۈپتۇ. قولىمىزنىڭ مادارى، كۆزىمىزنىڭ خۇنى كېتىپ قولغا كەلگەن نۇرغۇن خاسىيەتلىك پۇرسەتلەرنى تۇتالماپتۇق. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتەلمەي، ياخشىنى كۆردۈم دەپ يامانغا تەلمۈرۈپتۇق؛ ياش تۇرۇپ نېرۋىلار كاردىن چىقىپ، ھازىر قويغان نەرسىنى ھېلى تاپالمايدىغان، بۈگۈن كۆرگەن ئادەمنى ئەتىسى تونۇمايدىغان، تۈنۈگۈن ئوقۇغان كىتاب بۈگۈن يادىدا تۇرمايدىغان، ياش ئەللىككە بارا ـ بارمايلا ئالجىپ سۆزلەيدىغان ياكى كېسەل بولۇپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا بالدۇرلا كېتىۋالىدىغان تېز قېرىش ئالامەتلىرى بىزدە جەمئىيەتلىشىشكە باشلاپتۇ.

بوۋىسى باسقان يولنى نەۋرىسى ماڭالماسلىقى، بوۋىسىنىڭ پاچىقىدىكى مادارنىڭ نەۋرىسىدە بولماسلىقى مىللىتىمىزنىڭ بارغانسېرى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قېرىشقا يۈز تۇتۇپ، ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. شۇنداقلا، مىللىتىمىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنىڭ كۈنسايىن زەئىپلىشىشىگە قېيداشتىن كېلىپ چىققان ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكتىن ھاراقتا بېرىلىشمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولماقتا. ھاراق ئىنساننىڭ كاللا ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، جەڭگىۋارلىقىنى تېز سۇندۇرىدىغان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مىللىتىمىز ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز، پۇچەك، چاكىنا، كالۋا، قورقۇنچاق، تۇتۇرۇقسىز، خېنىم مىجەزلىشىپ كېتىشى، قارىغۇلارچە دورامچىلىققا ۋە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمىقانە ئىشلارغا بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ «ھاراق بىلەن دوستلىشىپ ـ ئەقىل بىلەن خوشلاشقانلىق» ىدىن بولۇۋاتىدۇ.


خۇلاسە كالام: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يۈز مىليونلىغان دېھقان باي بولدى، بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي پۇرسەتتە ئۇيغۇر دېھقانلىرىچۇ؟ ئۇلار بارغانچە روۋۇكلىشىپ ئەبگارلىشىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېزا ـ قىشلاقلار تەرەققىي قىلىپ، رەسمىي سانائەتلەشتى، دېھقانلار ئېلېكترون ـ ئۇچۇر دەۋرىگە كىردى. ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتتىن ئەمدىلىكتە دېھقانچىلىق، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ھامال تىجارەتچىلىك زەئىپ راۋاجلانغان نامرات ـ قاشاقلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

بۇ پاكىتلار بىزگە ئىسلاھاتتا شاللىنىشنىڭ رەھىمسىز، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىدىن، ھازىرقى قىممەت قارىشىمىز ۋە ياشاش ئىقتىدارىمىز ئۈستىدە يېڭىباشتىن كەسكىن ۋە تەخىرسىز ئويلانماي بولمايدىغانلىقىدىن جىددىي سىگنال بەرمەكتە. (M1)

### ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 ـ يىل 5 ـ سانى مۇقاۋىسىنىڭ 4 ـ بېتىگە بېرىلگەن «ھالاكەت» ناملىق تەشۋىقات رەسىمىنى مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، يېتىلىۋاتقان ياش رەسسام قەيسەر ھېسامىددىن سىزغان.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر

ئابدۇروسۇل سېيىت

ئۆلگەنلەرغۇ غەمدىن قۇتۇلدى،
بىراق قالدى تىرىككە زەرداب•

شۇنداق، ئاللا تەرىپىدىن قابىز روھ قىلىنغانلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىدە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشكۈچىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار غەمدىن خالاس بولغان، پانىي ئالەمنىڭ شەپقەتسىز سىناقلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىرى ۋە دەرد - ئەلەملىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ئارام تاپقانلاردۇر. شۇنداق ئىكەن، يەنە ئۇلارنى ئۇشۇقتىن - ئۇشۇق يۆلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئىسلام دىنىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىزدىن ئۇلارغا كېرىكى پەقەتلا دۇئا - تىلاۋەت. ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنىمۇ شۇ. بىز مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ پات - پات ياغ پۇرىتىپ، دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىساقلا ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك رازى قىلغان بولىمىز، ئەلۋەتتە. بىراق تىرىكلىرىمىزچۇ؟ گەپ مانا شۇ يەردە. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا تىرىكلىرىمىز ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان، تۇرمۇش چاقى ئاستىدا قۇرتتەك يانچىلىپ، ھايات قايناملىرى ئىچىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ قورسىقى تويغۇدەك تاماققا، ئۇچىسى يىلىنغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمەي ھايات - مامات بوسۇغىسىدا جان تالىشىپ كېلىۋاتقان بىچارە، بەختسىز، شور پېشانە قېرىنداشلىرىمىزغا ئەلۋەتتە كۆز يۇمالمايمىز. ئەپسۇس، بىز ئۇلارغا قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى قانچىلىك يەتكۈزەلىدۇق؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىلىشقا، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى زادى قانچىلىك ئادا قىلالىدۇق؟

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى پۇرپاڭ توپىلىق تۆپىلىككە جايلاشقان، شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا چىقىپ، تىرىكلەر ئارىسىدىن ئۆلۈكلىرىمىز ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن يېڭى مودا «بايلار قەبرىستانلىقى» غا قارىغىنىمچە يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. ۋادىمىز تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان، يەنە كېلىپ ئىسلام ئەقىدىسىگە تۈپتىن زىت بۇ خىل قەبرىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ قەبرىستانلىقتا ئۇبدانلا كۆپىيىپ قالغانىدى. بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا غۇلجا شەھىرىدىكى قايسىدۇر بىر بايۋەتچە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ مودا قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدا قارار تاپقاندىن كېيىن باشقا بايۋەتچىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، بىردىنلا ھەشەمەتلىك قەبرە قاتۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مۇقەددەس جاي مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھاجىلىق تاجىنى كىيىپ كەلگەن، ياخشى - يامان، گۇناھ ۋە ساۋاب ئۈستىدە گەپ ئېچىلسا ئۇتاغىنى بۇ تاغقا ئۇرىدىغان بىر قىسىم بىلەرمەن - بايۋەتچە ھاجىلىرىمىز ئاددىي قەبرىلەر ئاستىدا خاتىرجەم ياتقان ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - پۇشتىلىرىنىڭ روھىنى ئۆرە - تۆپە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخان - جەسەتلىرىنى قايتىدىن قېزىۋېلىپ، ئاجايىپ ھەشەم - دەرەملەر بىلەن سالدۇرغان «خان ساراي»لىرىغا ئەكىرىپ قويۇش بىلەن پەخىرلىنىشتى. ئۆزىچە ئۇلار قالتىس ئۇلۇغ ۋە ساۋابلىق ئىش قىلىشتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ساۋاب» نى پۇلغا سېتىۋېلىشتى. ساۋاب دېگەن نېمە؟ جانابىي ھەق بىزنى بىر ئوچۇم تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلغان، ئاخىر بېرىپ يەنە شۇ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا ھەشەمەتلىك قەبرە قاتۇرۇش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. رەسۇلۇللانىڭ: «تىزىڭدىن ئېشىپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈپتۈز قىلىۋەت» دېگەن گېپىمۇ بىھۇدە ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ

---

• قاسىم سىدىقنىڭ «تۇھمەتخورغا» ناملىق شېئىرىدىن

نەزىرىدىكى ساۋاب باشقىچە ئوخشايدۇ. كىشىنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرىدىغان يېرى شۇكى، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر لوبەن (خوجايىن - ئاغلاقچى) قەبرە ياسىغۇچى ئۇستام پۈتتۈرۈپ بولغان قەبرىنى سانتىمېتر سىلىپ ئۆلچىگەندىن كېيىن ئىش ھەققىنى بەرگەن. خۇددى بۇ قەبرىدىكى مەرھۇملار مۇنكىر - نىكىرلار ئالدىدىن ئۆلچەمگە توشقان سەلتەنەتلىك قەبرىسىنى بازارغا سىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك. ئەگەر قەبرە قاتۇرۇش ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدىغان بولسا، ھۈسەيىن مۇساباي، باھاۋىددىن مۇساباي ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ بىرى بولغان ھېكىمبەگ غوجىلار، ئاتاقلىق خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىمىزدىن بىشىر ھاجىم، ئايخان ئانا، ئابدۇمۇتائالى خەلپەم، ئىبراھىم كېمىچى، سېتنۋالدى باي، غېنى هارۋىكەش، مامۇت ھاجى، ئوسمان كېۋىر، ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەر ئۆز زامانىسىدا ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان دەپمن - دۇنياسىغا ئاجايىپ ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇۋالغان، نادان، نامرات، بىچارە، بەختسىز خەلقىمىزنىڭ ئوتىدا كۆيمىگەن، سۈيىدە ئاقمىغان، مەكتەپ سالمىغان، زاۋۇت قۇرمىغان دەپ ئۇلارنى بىھۇدە ئاۋارە قىلمىغان بولاتتى. ئاشۇ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئۈستىنى شىۋاق باسقان، توپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ تۇرغان ئاددىي قەبرىلىرى ھېلىمۇ قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدا تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خەلقىمىز قەلبىدىكى ئابىدىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ بۈيۈكلىشىپ ۋە ئۆز قىممىتىنى تېپىپ، كۆككە بوي سوزغان، بىر قاراشتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب شەھەرلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۈگۈنكى يېڭى مودا قەبرىلەردىن نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە «ئېگىز» لىكى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدا ئادەتتىكىدەك ياسالغان قەبرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاتتا قەبرىلەردىن ئوتتۇزى بار بولۇپ، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىساق ھەر بىر قەبرىنىڭ تەننەرخى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. دېمەك 30 قەبرىگە 300 مىڭ يۈەن كەتتى دېگەن گەپ. ئەگەر شۇ پۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمى بولغان بولسا، قۇددۇس ھاپىزدەك ئالىملىرىمىز 1992 - يىلى كانادانىڭ لاۋۋال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا تىلشۇناسلار چوڭ يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتنىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئۈچ يىل بۇرۇن جاھان - ئالەمگە نامايان قىلغان بولاتتى. ھېلىمۇ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» بىلەن «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە رەھمەت. ئۇلارنىڭ «مۇراجىئەتنامە» سىنىڭ «قۇددۇس ھاپىز قىزغىنلىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى جاھان ئىش بولدى. ئۈچ يىل كېچىككەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئەۋزەللىكى باغرى يۇمشاق خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن قۇددۇس ھاپىز ئالقىنى ئارقىلىق ستوكھولم سەھنىسىدە دۇنيا خەلقىنى تاڭ قالدۇردى. دېمەك يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئەسلىنى يوقاتقان ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈندە ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان يۈكسەك ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق يەنە دۇنيا مۇنبىرىگە قايتىدىن قەدەم قويىدى. چەت ئەللىك بىرەر ئالىم بىرەر كەشپىياتنى ياراتسا ياكى بىرەر ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويسا ئاغزىمىزنى كاماردەك ئېچىپ ھەيران قالىمىزۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا «ياندىكى كاسىپ» نىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۆزىمىزدىن چىققان ئالىملىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە چۆكۈرۈپ، دەپسەندە قىلىپ، ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىشلەپ بېرەي دېگىنىگە بۇرۇندىن بۇلاق قىلىۋېتىمىز. شائىرىمىز قاسىم سىدىق نەچچە يىللىق قان - تەر بەدىلىگە ياراتقان «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نى مۇھاكىمىگە قويىمەن دەپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەردە ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ قانچىلىك جەبرى - جاپا، تىل - ھاقارەت، كەمسىتىش، تاپا - تەنىلەرگە ئۇچرىمىدى؟ مۇبادا ئاشۇ قەبرىلەرنىڭ بىرەرسىگە خەجلەنگەن پۇل بۇ يالاڭتۆش تەتقىقاتچىمىزنىڭ چۆنتىكىدە بولغان بولسا، «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نى دۇنيا مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىپ ئىلىمنىڭ، ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان چەت ئەل ئالىملىرى ئالدىغا مۇھاكىمىگە قويالىغان، بۈگۈنكى كۈندە پۇل تاپىمەن - يول تاپىمەن دەپ نامۇ - نىشانى يوق بىر ئورۇندا ھامماللىقتا تۈتۈلۈپ بۇنچىلىك ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىمىغان، بىز ئۈچۈن - ئۇيغۇر ئۈچۈن تېخىمۇ زور، ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەكلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولاتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا 7 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى قىرىلىپ، يەر شارىدىن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان يەھۇدىيلار بۈگۈنكى كۈندە پەن - مەدەنىيەت، پۇل مۇئامىلە، ھەربىي كۈچ جەھەتتە يەنە قانداق قىلىپ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى قۇدرەتلىك - زامانىۋى مىللەت بولالىدى؟ پۇل تېپىش قىيىن، بىراق تاپقان پۇلنى جايىدا - مەنىلىك خەجلەش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. بىز يەھۇدىي، گېرمان، ئىنگلىز، ياپونلارنىڭ ئاشۇ تەرىپىدىن ئۆگەنسەك، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتچان، راست گەپ قىلىدىغان، ئوچۇق - ئاشكارا، كەمتەر، ئاددىي - ساددا، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىش روھىدىن ئۆرنەك ئالساق نېمىشقا بولمايدىكەن. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنە كېلىپ يۇقىرىقىدەك يېڭى مودا قەبرىلەر بازار تېپىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ خىل «قىزغىنلىق» نىڭ دەرىجىسى قانچىلىك، بۇ تېخى مۇئەللىپكە نامەلۇم. ئەمما مەلۇم يېرى: داغ سۇغانان چىلاپ ئىچىۋاتقان دېھقانلار، ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىۋاتقان يالاڭتۆش بىچارىلەر، ئۈستىبېشىنى قاسماق بېسىپ، كوچا - كويلاردا تەمتىرىشىپ يۈرگەن يېتىمچى نارەسىدىلەر، ئېزىپ تۆيۈق يوللار (ئوغرىلىق، كەيپ - ساپا) غا كىرىش بىلەن تۇرمە كامىرلىرىنى تولدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان قاراكۆز ياشلىرىمىز ۋە تانسىخانا، رېستورانلاردا ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان سۆيۈملۈك قىزلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكى. ئەسلىدە بىز ئۆلۈكلىرىمىزنىڭ تۇپرىقىغا سەلتەنەتلىك قەبرە يۆلەشنىڭ ئورنىغا شۇلارنى يۆلىسەك، قۇتقۇزساق، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىپ ھالاكەت يولىدىن قايتۇرۇپ كەلسەك بۇنىڭ ھەر ئىككى ئالەملىك ساۋابى

هەقىقەتەن چوڭ بولماسمىدى؟ هازىر بىزدە دورامچىلىق بىلەن باش كۆتۈرۈۋاتقان ھەشەمەتچىلىك توي - تۆكۈن، مېھماندارچىلىق، ئويۇن - تاماشا، شەكىلدە يىغىن، ماھىيەتتە يەپ - ئىچىش، سەيلە - ساياھەتنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى هايا - نومۇسنى بىلمەي ئەدىگىلى تۇردى. بۇلاردىكى ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ - چېچىشلار، بىھۇدە خەجلەنگەن پۇللار كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيدۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە، بولۇپمۇ ئىككى - تۆت تەڭگە تاپقان تىجارەتچىلىرىمىز ئارىسىدا ئەۋج ئالغان تۈرلۈك شەكىلدىكى قىمار ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بىر قىسىم بايۋەتچىلىرىمىزنىڭ تاۋكاغا سېلىپ بەرگەن پۇلى 300 _ 400 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. تاۋكالارغا گىدىيىپ كىرىپ ئاندىن تۇغما هالەتتە چىقىپ كېتىۋاتقان، مىليونلاپ پۇل خەجلەپ مىللىي پاسوندا ئاجايىپ كۆركەم قىلىپ سالدۇرغان قورۇ - جايلىرىنىڭ بوسۇغىسىنى دەسسىمەي تۇرۇپ قىماردىكى قەرزىگە تۇتۇپ بەرگەن، نى - نى ئېسىل پىكاپلىرىنىڭ رولىدىن ئايرىلىپ چاپىنىنى دولىسىغا سېلىپ سەۋدايى بولۇپ كەتكەن هارامتاماق لوبەنلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. هازىر بىز قارت ۋە تۆت هوشۇقتىن هالقىپ ماجاڭدىن ئىبارەت بۇ ناتونۇش «دۇنيا» غا رەسمىي بۇسۇپ كىردۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەنزۇ بۇرادەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى بولغان ماجاڭنى ئۇلاردىن رەسمىي تارتىۋالغىلى قوپتۇق.

1992 - يىلى غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزا باشكۆۋرۈك كەنت 1 - ۋە 4 - گورۇپپىسىدىكى 69 دېھقان ئائىلىسىنىڭ 998مو تېرىلغۇ يېرى قانۇن بويىچە غۇلجا شەھەر چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىغا سېتىپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئالدىغا 200 مىڭ يۈەندىن پۇل تەگكەن. يۇقىرىقى 69 دېھقان ئائىلىسىنىڭ %2 .81تى ئۇيغۇرلار بولۇپ، تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە %90 كە يېقىن ئۇيغۇر ئائىلىسى قولىدىكى بار دەسمايىسىنى ھەشەمەتچىلىك، چوڭچىلىق، ئويۇن - تاماشا ۋە قىمار بىلەن پاك - پاكىز سورۇۋەتكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر ئائىلە تۆت تامنى سوقۇپ قويۇپ، ئۈستىنى يېپىۋېلىشقىمۇ چامى يەتمەي قېرىنداشلار ئارا پىچاقلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئىقتىسادتىن قىينىلىپ ئۆي ئىچىدە جېدەل - ماجىرا ئۆكسىمەي، بىر چىرايلىق ئائىلىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. يەنە مەلۇم بىر يېزىدىكى ئوبدانلا هاللىنىپ قالغان بىر دېھقان بۇ يىل 5 - ئايدا بولغان بىر قېتىملىق قىماردا ئون نەچچە يىلدىن بېرى موك يېتىپ، موك قوپۇپ تاپقان 40 مىڭ يۈەن پۇلىنى بىراقلا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قالغان. يۇقىرىقى سانلارنى غەزەپ ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ماقالە قۇرلىرىغا تىزىۋېتىپ ئۆزگىلەرنىڭ: «ئۇيغۇرلار ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدۇ» دېگەن هاقارەتلىك سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. ئەسكىلىك دېسە شاپاققا ئولاشقان چىۋىندەك يېپىشىپ تۇرىدىغان بىز خەقنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق «ئېلېمېنت»لارنىڭ كەملىكىنى ئويلىسام ئەقلىم يەتمەيدۇ. زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، ئىچى قارىلىق، كۆرەلمەسلىك، بايۋەتچىلىرىمىز ئارىسىدا قىمار، ئويۇن - تاماشا، بۇزۇقچىلىق - زىناخورلۇق، دېھقانلىرىمىز ئارىسىدا ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، چۈشكۈنلۈك، ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئەخلاقىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان بۇزۇلۇشلار. . . يائاللا ھېلىمۇ زېمىن بىز خەقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئارىمىزدا ئۈچ يېرىم مىليون يۈەن (يېقىندا مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا يەنە 2 مىليون يۈەن بەردى) پۇل خەجلەپ «يېتىملار مەكتىپى»نى سالدۇرغان نۇرتاي هاجىم ئىسكەندەر ۋە «غۇلجا شەھەرلىك مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى»نى قۇرغان ئابلىمىت خالىس هاجىم باشلىق مەردانە يىگىتلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ئەپسۇس، نامراتلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپلەردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ چېكىنىپ چىقىۋاتقان باللىرىمىز، كوچا - كويلاردا تەمتىرەپ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، يانچۇقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان نارەسىدىلىرىمىز، «هالاكەت جىلغىسى» دا بېشى قېيىپ يۈرگەن ياشلىرىمىز ۋە جان بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ دوختۇرخانىلاردا قان سېتىش - جان سېتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان شور پېشانە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردى - ھالىنى قايسى بىرسىگە يۈكلەيمىز؟ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ روھى يۈلەپ، ۋۇجۇدىدا مەردلىك قېنى پارتلاپ چىققان نۇرتاي هاجىم ئىسكەندەر ۋە ئابلىمىت خالىس هاجىم باشلىق مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر بىزگە پۇل خەجلەشنىڭ، ساۋاب تېپىشنىڭ، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يوقالماس «قەبرە» تىكلەشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىھۇدە بۇزۇپ - چېچىش ۋە ئىسراپخورلۇق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ كېرىلىپ يۈرگەن بايۋەتچىلىرىمىز ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئەلۋەتتە: «مەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ بېقىشى كېرەك ئىدى. ئىنساپ، هايا - نومۇس كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەمدە ئادىمىيلىككە ياتىدىغان يەنە قانداق سۈپەتلەرنىڭ قالغانلىقىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. كوچىدا تۇڭلاپ تۈگۈلۈپ قالغان بىراۋنى كۆرۈپ ھەممىمىز تەڭلا: «ئاھ، ماۋۇ مېنىڭ ئۇيغۇرۇمكەن» دەيدىغان، ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئالدىغا ئىسسىق بىر قاچا قايناق سۇنى قويىدىغان چاغلارمۇ كېلەرمۇ - ھە؟!

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز

---

ئاپتور: ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى (M1)

بۇ سان 1996-يىل 10- ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشرىگە يوللاندى، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)



## هايات هەقىقەتلىرى

ئادەم قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە، شۇنچە ئاز گەپ قىلىدۇ.

**- مۇنتېسكيۇ**

ئادەمنىڭ يىگىرمە ياش دەۋرىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغىنى ئىرادە، ئوتتۇز ياش دەۋرىدە زېرەكلىك، قىرىق ياش دەۋرىدە بولسا، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

**- فرانكلىن**

خاراكتېر - كىشىلەر ئۆز ۋۇجۇدىدا بىنا قىلغان مۇستەقىل خانىلىق.

**- ھېنرى. ۋ. بېچېر**

زورلاپ تېڭىلسا، نۇرلۇق ھەقىقەتمۇ بىمەنە گەپكە ئايلىنىدۇ.

**- ئا. فرانس**

* * *

ئۇلۇغلار ئېيتىدۇكى، تۆۋەندىكى سەككىز خىل كىشى بەخت - سائادەت ۋە ياخشى نامدىن يىراق بولىدۇ:

1. قورساق تويغۇزۇش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تەكلىپسىز بارغان كىشى.

2. ئۆي ئىگىسىدىن قۇدرىتى يەتمىگەن نەرسىنى تەلەپ قىلغان مېھمان.

3. تۆرنى تالىشىپ، تۆردە ئولتۇرغانلار ئارىسىغا قىسىلىپ جايلىشىدىغان كىشى.

4. ئاچكۆز كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ھاجەت تەلەپ قىلىپ بارغان كىشى.

5. دۈشمىنىدىن مەدەت ۋە ياخشىلىق كۈتكەن كىشى.

6. بارغان يېرىدە خىجالەتچىلىك پەيدا قىلىدىغان كىشى.

7. ئالىملارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچى.

8. سورۇندا ھېچكىم گېپىگە قۇلاق سالمىسىمۇ گەپ قىلىۋېرىدىغان كىشى.

* * *

▲ خەلق كىمدىن قاچسا، ئۇنى ئادەمنىڭ يامىنى دەپ بىل.

▲ ئەڭ كۆپ ئاغرىنىدىغان كىشى، كۆپ ھاللاردا، ئەڭ ئاز ئىشلەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ خەلقنىڭ ئاچچىقى يامان، كۆڭلى كەڭ.

▲ چىرايىڭنى ئەينەكتىن بىل، ئابرويىڭنى خەلقتىن بىل.

▲ ھاراق ئىچىپ ناخشا ئېيتقاننىڭ ئاتا - ئانىسى يىغلار.

▲ هاراقكەش توڭگۇزنىڭ ئارىسىدا ئادەم، ئادەمنىڭ ئارىسىدا توڭگۇزدۇر.

* * *

▲ بەش نەرسە ئەقىللىك ئادەمنىڭ خىسلىتىدۇر: قولدىن كەتكەن نەرسىگە ئېچىنىپ ئولتۇرماسلىق، ئەمگەكتىن قورقماسلىق، ھاكاۋۇر بولماسلىق، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا كىرىشمەسلىك ۋە قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىگە قايغۇرماسلىق.

▲ ئالتە نەرسە راھەت ياشاشقا كاپالەتتۇر: ئىشچانلىق، ھەقىقىي دوست، تەربىيىلىك پەرزەنت، مېھرىبان خوتۇن، شېرىن - يېقىملىق سۆز ۋە ئەقىل - پاراسەت.

▲ يەتتە نەرسە جاھىللارنىڭ ئادىتىدۇر: ھەممىگە ئاچچىقلىنىش، سىنالمىغان ئادەمگە ئىشىنىش، دوست - دۈشمەننى پەرق ئەتمەسلىك، سىرىنى ھەممە كىشىگە ئېيتىش، ئەقىلسىز - نادان ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىش، پايدىسىز سۆزلەرنى كۆپ سۆزلەش ۋە لايىق بولمىغان ئادەملەرگە ياردەملىشىش.

▲ جاھىللىق، ھورۇنلۇق، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، خىيانەت، تەمەخورلۇق، غەزەپ، ئىغۋاگەرلىك ۋە مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت توققۇز تۈرلۈك ئىللەتكە مۇپتىلا بولغان كىشىدىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ.

▲ بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە خوي - پەيلىڭدىن كۆر.

## دانالار خەزىنىسى

تەييارلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر (M2)



بىر بۇلۇڭدا

خالمۇرات قەييۇمبەگ فوتوسى

ئۆزىمىز يول تاپايلى ئادىل ئىسمائىل فوتوسى



《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮编：830002 电话：2823622
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

国内统一刊号：GN65 1073／1
本刊代号：58—22 定价：3元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 ـ يىل 6 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى 2823622
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 —1073 /1
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 3 يۈەن